# قَوَاعِدُ دُرُوْسُ اللُّغَة الْعَرَبِيَّة

(لِغَيْرِ النَّاطِقِيْنَ بِهَا)

# ئەرەب تىلى دەرسلىكى گرامماتىكا قائىدىلىرى

(ئەرەب تىلىدا سۆزلىمەيدىغانلار ئۈچۈن)

(2-نەشرى)

دوكتۇر ف . ئابدۇرەھىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قَوَاعِدُ دُرُوْسُ اللُّغَةِ الْعَرَبِيَّةِ

## (لِغَيْرِ النَّاطِقِيْنَ بِهَا)

# ئەرەب تىلى دەرسلىكى گرامماتىكا قائىدىلىرى

(ئەرەب تىلىدا سۆزلىمەيدىغانلار ئۈچۈن)

(2-نەشرى)

دوكتۇر ف . ئابدۇرەھىم

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئەخمەت ئىمىن**
مەسئۇل كوررېكتورى: **ئارزىگۇل ھېمىت**

# ئەرەب تىلى دەرسلىكى گرامماتىكا قائىدىلىرى

(ئەرەب تىلىدا سۆزلىمەيدىغانلار ئۈچۈن)

دوكتۇر ف . ئابدۇرەھىم

* * *

بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(بېيجىڭ خەيدىيەن رايۇنى شياۋلۇ يولى 2- نومۇر، پوچتا نومۇرى: 100080)
بېيجىڭ بەيگەي باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168 × 850 م م 1 / 32 باسما تاۋىقى: 10.1125
2012- يىل 4- ئاي 1- نەشرى، 1- بېسىلىشى

---

2012- يىل 9- ئاي 2- بېسىلىشى
2016- يىل 5- ئاي 2- نەشرى
2016- يىل 5- ئاي 1- بېسىلىشى
تىراژى: 5000 — 1
ISBN 7-106-07865-4/I. 768
باھاسى: 20.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بسم الله الرحمن الرحيم

# ئىككىنجى نەشرىگە كىرىش سۆز

الحمد لله رب العالمين، إيّاه نعبد وإيّاه نستعين، والصلاة والسلام على سيدنا محمد خاتم النبيين، المنزل عليه القرآن، فيه شفاء وهدى ورحمة وذكرى للعالمين. وبعد :

گىرامماتىكا ھەرقانداق ئىلىم ۋە ھەرقانداق تىلنى چۈشۈنىشتە خۇددى تاماقتىكى تۇزغا ئوخشايدۇ. تاماقتا تۇز بولمىسا تېتىمىغانغا ئوخشاش، گىرامماتىكىنى پۇختا ئۆگەنمىگەن كىشى شۇ تىلنىڭ لەززىتىنى تېتىيالمايدۇ، يەنى شۇ تىلنى ھەققى مەنىسى ۋە ئۇقۇملىرى بىلەن چۈشۈنەلمەيدۇ. ئەرەب تىلىنى ئۆگەنمەكچى بولغان ھەرقانداق كىشى ئەرەب تىلى گىرامماتىكىسىنى پۇختا بىلمىسە شۇ تىلنى ھەقىقى چۈشىنەلمەيدۇ، مۇھىمى قۇرئان ۋە ھەدىسنى چوڭقۇر چۈشىنەلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن قۇرئان ۋە ھەدىستىن خاتا چۈشەنچە ئىلىپ اللەنىڭ ئەھكاملىرىنى بۇرمىلاپ، ئىختىلاپ تېرىپ پىتنە پاساتقا سەۋەپ بولىدۇ... شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان ۋە ھەدىسنى چۈشۈنۈش ئۈچۈن ئەرەب تىلى ئۆگەنمەكچى بولغان ھەربىر كىشى چوقۇم ئەرەب تىلى گىرامماتىكىسىنى پۇختا ئىگەللىشى كىرەك. ئىسىڭىزدە بولسۇنكى ئەرەب تىلى گىرامماتىكىسىغا ھەرگىز سەل قارىماڭ!!!

دوكتۇر ف . ئابدۇرەھىم تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، سەئۇدى ئەرەبىستان مەدىنە مۇنەۋۋەرە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «دروس اللغة العربية لغير الناطقين بها» (ئەرەب تىلىدا سۆزلىمەيدىغانلار ئۈچۈن ئەرەب تىلى دەرسلىكلىرى) ناملىق كىتاب 90- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دىيارىمىزدىكى ئىلىمخۇمار ئوقۇغۇچىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى

ۋە تېزلا ئومۇملىشىپ ھازىرغا كەلگەندە ئەرەب تىلى ئوقۇتۇش ساھەسىدىكى ئاساسلىق دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ قالدى.

بۇ كىتابنى تۈزۈشتە ئەرەب تىلىدا سۆزلەمەيدىغانلارنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ئەرەب تىلى بىلەن تونۇشىشى كۆزدە تۇتۇلغان بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي سەۋىيىسى ۋە باللارغا خاس تەبىئىي خاراكتېرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئاپتور باشتىن-ئاخىر ئەسەرنىڭ تىلىنى ئاددىي، ئاممىباب، راۋان ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ تۈزۈش پرىنسىپىغا رىئايە قىلغان، شۇنداقلا تىل-گرامماتىكا قائىدىلىرىنى بىۋاسىتە يېزىش شەكلى بىلەن چۈشەندۈرمەستىن، بەلكى دىئالوگ، جۈملە ۋە مىساللار ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرگەن.

ئەسەرنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى بىر تەرەپتىن باشلانغۇچ سەۋىيىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەرەب تىلىغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى (سۆزلۈك ۋە گرامماتىكىلىق قائىدىلەرنى) ئاسان ۋە تېز ئۆزلەشتۈرۈشتەك ياخشى ئۈنۈمنى ياراتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇستازلارغا كۈندىلىك دەرسكە قارىتا ئالدىن تەييارلىق قىلىپ دەرس مەزمۇنىدا ئەكس ئەتكەن گرامماتىكىلىق قائىدىلەرنى قېزىپ ۋە رەتلەپ ئوقۇغۇچىلارغا يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە بوشلۇق قالدۇرغان.

مۇشۇ ئېھتىياجنى ۋە دەرسلىك مەزمۇنىنىڭ يوشۇرۇن (ئەمەلىيەتتە بۇ خىل يوشۇرۇنلۇق بىر قىسىم ئۇستازلارنى گاڭگىرىتىدۇ) تەرەپلىرىنى تولۇق قېزىپ بۇ كىتابنى مۇكەممەل بىر ئوقۇتۇش ماتېرىيالىغا ئايلاندۇرۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ كىتابنى ئۆگىتىش جەريانىدىكى بىر قانچە يىللىق ئوقۇ-تۇش تەجرىبىلىرىمىزگە ئاساسەن، قولىمىزدىكى «ئەرەب تىلى دەرسلىكى گرامماتىكا قائىدىلىرى» (قواعد دروس اللغة العربية) ناملىق كىتابچىنى تۈزۈپ ھاجەتمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇق. بۇ كىتاب الله رازىلىقىنى كۆزلەپ

تۈزۈپ چىقىلدى، شۇڭا قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىسىپ تارقىتىپ پايدىلىنىشى ئۈمۈت قىلىمىز. بۇ كىتابنى رويابقا چىقىرىش يولىدا ھەرقايسى تەرەپلەردىن ياردەمدە بولغان قېرىنداشلارغا ئاللاھ تۈگىمەس ئەجىر ئاتا قىلسۇن... (ئامىن).

بىز بۇ كىتابچىدا ئەسلى دەرسلىكتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قائىدىگە ئائىت مەزمۇنلارنى تولۇق بايان قىلىشقا كۈچىمىزنىڭ بېرىچە تىرىشتۇق. ئەمما، دەرسلىك ئۆز ئىچىگە ئالمىغان قائىدىلەرنى زورلاپ كىرگۈزمىدۇق.

بۇ كىتابچىدا مەزمۇنلارنىڭ ۋە تەرجىملەرنىڭ توغرا ۋە تولۇق ئىپادىلىنىشىگە، ئىملاسىنىڭ ھازىرقى زامان تىلىغا ئۇيغۇنلىشىشىغا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولدۇق. بىراق، ئىنسانچىلىقتا ئۇنداق ياكى مۇنداق سەھۋەنلىكلەرنىڭ بولماسلىقى ناتايىن. شۇڭا، ھەرقايسى تەرەپلەردە كۆزىمىزدىن قىچىپ كەتكەن، ھەرقانداق سەھۋەنلىكلەر بايقالسا، تۈزىتىپ پايدىلىنىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

ئى ئاللاھ! بۇ خالىس ئەمگىكىمىزنى ئۆزۈڭنىڭ رازىلىقى يولىدا قوبۇل قىلغىن ۋە بىزنى رەھمىتىڭ ۋە مەغپىرىتىڭگە مۇيەسسەر قىلغىن، ھىدايەت ۋە ئىلىم نۇرىنى مەڭگۈ پارلاتقىن (ئامىن). قۇرئان ۋە ھەدىسنى چۈشۈنۈش ئۈچۈن كېچىنى كېچە دىمەي، ئىسسىقنى ئىسسىق دىمەي، سوغۇقنى سوغۇق دىمەستىن، ئىلىم مەرىپەت ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئۈچۈن جاپالىق تىرىشۋاتقان بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن. ئاللاھ ھەممىمىزنى ئۆز دىنىدا ئالىم قىلسۇن، ھەممىمىزنى ئۆگەنگەنلىرىمىزگە ئەمەل قىلىدىغان ساھابىلاردەك ئىككى پۇتلۇق قۇرئانغا ئايلاندۇرسۇن. ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن ھەر بىر ھەرپلەرنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن، ئاللاھ بارلىق گۇناھلىرىمىزنى ئەپۇ قىلىپ، ئالدىغان پاك ھالەتتە بىرىشقا ۋە جەننەتنىڭ



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
كىتاب تورىمىز

ئالى ماقاملىرىدا مۇبارەك جامالىنى كۆرۈشكە بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى، ئۇستازلىرىمىزنى، ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنى، ئۇرۇق — تۇققانلىرىمىزنى، ئەھلى بالاچاقىلىرىمىزنى... نېسىپ قىلسۇن ... ئامىن!!!

ئىشلارنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگۈچى ئاللاھ تەئالادۇر.

— تۈزگۈچىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بسم الله الرحمن الرحيم

## دوكتۇر ف. ئابدۇ رەھىمنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

دوكتۇر ف. ئابدۇ رەھىم ، ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى دوكتۇر فانىيا مەبادى ئابدۇ رەھىم (فانيامبادي عبدالرحيم) بولۇپ دوكتۇر ف. ئابدۇ رەھىم دىگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان . ئۇ مىلادى 1933-يىلى، ھىجرىيە 1356-يىلى ھىندىستاننىڭ تامىلنادۇ ۋىلايىتى(بولاية تاملنادو بالهند) فانىيا مەبادى (مدينة فانيامبادي )شەھرىدە تۇغۇلغان مەشھۇر ئالىم بولۇپ ئۇ پادىشاھ فەھدىنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى ئۇلۇغ قۇرئان باسمىخانىسى تەرجىمە مەركىزىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

دوكتۇر ف. ئابدۇ رەھىم ھىندىستاندىكى نۇرغۇنلىغا ن ئونىۋىرسىتىتلار تەرىپىدىن ئىنگلىس تىلى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتى بويىچە ماگىستىرلىق ئونۋانىغا ئىرىشكەن.

ئۇ يەنە ھىندىستاندىكى ئەلەيگىرەھ ئىسلام ئونىۋىرسىتىتى(جامعة عليكرة الإسلامية بالهند) تەرىپىدىن ئەرەب تىلى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتى بويىچە ماگىستىرلىق ئونۋانىغا ئىرىشكەن.

ئۇ يەنە نۇرغۇنلىغا ن ئونىۋىرسىتىتلار تەرىپىدىن ئەرەب تىلى ۋە ئىسلامى ئىلىملەر بويىچە «ئەڭ پەزىلەتلىك ئۆلىما» دىگەن نامغا ئىرىشكەن.

ئۇ يەنە «تحقيق «المعرب» للجواليقي» ناملىق رىسالىسى بىلەن مىلادى 1973-يىلى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئەرەب تىلى پاكۇلتېتى تەرىپىدىن ئۇسۇل ئەرەب تىلى بويىچە دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

دوكتۇرنىڭ تېخىمۇ كۆپ تەرجىمالىغا قىزىقسىڭىز تۆۋەندىكى ئەرەبچە تەرجىمھالىنى ئوقۇپ چىقىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرگە تاربىسى

# مۇندەرىجە

## 1- قىسىم

**بىرىنچى دەرس** ........................................................................ 1
1- مەزمۇن: «هٰذَا» توغرىسىدا.............................................................. 1
2- مەزمۇن: جۈملە توغرىسىدا............................................................... 1
3- مەزمۇن: «أ» توغرىسىدا.................................................................. 3
4- مەزمۇن: «نَعَمْ» ۋە «لا» توغرىسىدا .................................................. 3
5- مەزمۇن: بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز جاۋاب جۈملە توغرىسىدا.............................. 4
6- مەزمۇن: «مَا» ۋە «مَنْ» توغرىسىدا...................................................... 5

**ئىككىنچى دەرس**........................................................................ 6
1- مەزمۇن: «ذٰلِكَ» توغرىسىدا ............................................................. 6
2- مەزمۇن: «و» توغرىسىدا.................................................................. 6

**ئۈچىنچى دەرس** ........................................................................ 8
1- مەزمۇن: ئىنىقسىز ئىسىملارنى ئىنىقلىققا ئايلاندۇرۇش توغرىسىدا ......... 8
2- مەزمۇن: ئىگە-خەۋەر توغرىسىدا ......................................................... 9
3- مەزمۇن: ئاي ۋە قۇياش ھەرپلىرى توغرىسىدا............................................. 9

**تۆتىنچى دەرس** ........................................................................ 11
1- مەزمۇن: ئاخىرىنى زىر قىلغۇچى قوشۇمچىلار توغرىسىدا............................... 11

2- مەزمۇن: «أَيْنَ» تۇغرىسىدا ........................................ 12
3- مەزمۇن: تولۇق تۈرلىنىدىغان ۋە تۈرلىنىشتىن چەكلەنگەن خاس ئىسىملار توغرىسىدا ........................................ 12
4- مەزمۇن: پېئىللىق جۈملە توغرىسىدا ........................................ 13
5- مەزمۇن: كىشىلىك ئالماش توغرىسىدا ........................................ 14
بەشىنچى دەرس ........................................ 16
1- مەزمۇن: ئىزاپەتلىك سۆز بىرىكمىسى توغرىسىدا ........................................ 16
2- مەزمۇن: قاراتما سۆز بىرىكمىسى توغرىسىدا ........................................ 17
3- مەزمۇن: «تَحْتَ» توغرىسىدا ........................................ 18
4- مەزمۇن: ئۈلانما ھەمزىلىك ئىسىملار توغرىسىدا ........................................ 18
ئالتىنچى دەرس ........................................ 20
1- مەزمۇن: «هٰذِهِ» توغرىسىدا ........................................ 20
2- مەزمۇن: «لِ» توغرىسىدا ........................................ 20
3- مەزمۇن: بەدەندىكى جۈپ ۋە تاق ئەزالار توغرىسىدا........................................ 21
4- مەزمۇن: ئاياللىق جىنىستىكى ئىسىملار توغرىسىدا........................................ 21
يەتتىنچى دەرس ........................................ 22
«تِلْكَ» توغرىسىدا ........................................ 22
سەككىزىنچى دەرس ........................................ 23
1- مەزمۇن: ئىزاھلىق سۆز بىرىكمىسى توغرىسىدا........................................ 23
2- مەزمۇن: «أَمَامَ» ۋە «خَلْفَ» توغرىسىدا ........................................ 24
3- مەزمۇن: ئاخىرىدا «ا» بولغان ئىسىملار توغرىسىدا ........................................ 24
توققۇزىنچى دەرس........................................ 25
1- مەزمۇن: سۈپەتلىك سۆز بىرىكمىسى توغرىسىدا........................................ 25

2- مەزمۇن: تۇرلىنىشتىن چەكلەنگەن سۈپەتداش ئىسىملار توغرىسىدا ..... 26
3- مەزمۇن: «اَلآنَ» ۋە «عِنْدَ» توغرىسىدا .................... 27

ئونىنچى دەرس .................................... 16

1- مەزمۇن: ئۇلانما كىشىلىك ئالماش توغرىسىدا .................... 29
2- مەزمۇن: «ذَهَبْتَ» توغرىسىدا.................................. 30
3- مەزمۇن: «لِ» ۋە «عِنْدَ»نىڭ ئىشلىتىلىشى توغرىسىدا.................. 31
4- مەزمۇن: «مَعَ» توغرىسىدا.......................................... 31
5- مەزمۇن: تولۇق تۇرلەنمەيدىغان خاس ئىسىملار توغرىسىدا .................. 32
6- مەزمۇن: ئاخىرىنى زىر قىلغۇچى ھەرپلەر كىرگەن ئىسىملارنىڭ
سۈپەت بولۇشى توغرىسىدا.......................................... 32

ئون بىرىنچى دەرس .................................... 34

1- مەزمۇن: ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلارنىڭ بېشىغا ئاخىرىنى زىر
قىلغۇچى ھەرپلەرنىڭ كىرگۈزۈلۈشى توغرىسىدا .................... 34
2- مەزمۇن: «أُحِبُّ» توغرىسىدا.......................................... 34

ئون ئىككىنچى دەرس ....................................... 35

1- مەزمۇن: «كَيْفَ» توغرىسىدا .......................................
2- مەزمۇن: نىسبىي ئالماش (اِسْمُ الْمَوْصُول) توغرىسىدا .................. 35
3- مەزمۇن: «ذَهَبَت» توغرىسىدا.......................................... 35
4- مەزمۇن: ئاخىرى سۇكۇنلۇق سۆزلەرگە «الـ» (ئەلىف لام) قوشۇلغان
ئىسىملارنى ئۇلاپ ئوقۇش توغرىسىدا.................................... 37

ئون ئۈچىنچى دەرس ..................................... 38

1- مەزمۇن: «هٰؤُلاءِ» توغرىسىدا.......................................... 38
2- مەزمۇن: «هُم» توغرىسىدا.......................................... 38

3- مەزمۇن: «ذَهَبُوا» توغرىسىدا ........ 39
4- مەزمۇن: «هُنَّ» توغرىسىدا ........ 39
5- مەزمۇن: ئورۇنداش ئىزاھلىق سۆز بىرىكمىسى توغرىسىدا ........ 39
6- مەزمۇن: «قَرِيبٌ»دىن كېيىن كەلگەن «مِنْ» توغرىسىدا ........ 40
7- مەزمۇن: «خَرَجْنَ» توغرىسىدا ........ 40
8- مەزمۇن: «أُولٰئِكَ» توغرىسىدا ........ 40

**ئون تۆتىنچى دەرس** ........ 42
1- مەزمۇن: «أَهْلاً وَسَهْلاً مَرْحَبًا» توغرىسىدا ........ 42
2- مەزمۇن: «أَنْتُمْ» توغرىسىدا ........ 42
3- مەزمۇن: «نَحْنُ» توغرىسىدا ........ 42
4- مەزمۇن: «ذَهَبْتُمْ» ۋە «ذَهَبْنَا» توغرىسىدا ........ 43
5- مەزمۇن: «أَيُّ» توغرىسىدا ........ 43

**ئون بەشىنچى دەرس** ........ 45
1- مەزمۇن: «أَنْتُنَّ» توغرىسىدا ........ 45
2- مەزمۇن: «قَبْلَ» ۋە «بَعْدَ» توغرىسىدا ........ 45
3- مەزمۇن: «مَتَى» توغرىسىدا ........ 46
4- مەزمۇن: «ذَهَبْتُنَّ» توغرىسىدا ........ 46
ئۆگىنىلىپ بولغان ئۆتكەن زامان پېئىللىرىنىڭ تۈرلىنىش سخېمىسى ........ 47
ئۆگىنىلىپ بولغان مۇستەقىل كىشىلىك ئالماشلارنىڭ سخېمىسى ........ 47
ئۆگىنىلىپ بولغان ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلارنىڭ سخېمىسى ........ 48

**ئون ئالتىنچى دەرس** ........ 49
ئەقىلسىز نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكى توغرىسىدا ........ 49

**ئون يەتتىنچى دەرس** ........ 50
ئىسىملىق جۈملە توغرىسىدا ........ 50

ئون سەككىزىنچى دەرس........................................52
1- مەزمۇن: «كَمْ» تونۇشتۇرۇش.....................................52
2- مەزمۇن: ئىككىللىك ساندىكى ئىسىم تونۇشتۇرۇش.................53
ئون توققۇزىنچى دەرس.......................................54
ئۈچتىن 10غىچە بولغان سانلار تونۇشتۇرۇش.............................54
يىگىرمىنچى دەرس...............................................56
يىگىرمە بىرىنچى دەرس ...........................................57
«نُحِبُّ» تونۇشتۇرۇش ..................................................57
يىگىرمە ئىككىنچى دەرس..........................................58
تۈرلىنىشتىن چەكلەنگەن ئىسىملار تونۇشتۇرۇش ..........................58
يىگىرمە ئۈچىنچى دەرس ..........................................60
«هَات» تونۇشتۇرۇش.................................................60

## 2- قىسىم

بىرىنچى دەرس ........................................................57
1- مەزمۇن: «إِنَّ» ۋە «لَعَلَّ» تونۇشتۇرۇش.................................57
2- مەزمۇن: تاللىما سوراق جۈملە تونۇشتۇرۇش..............................57
3- مەزمۇن: ئالماش بىلەن باشلانغان جۈملە تونۇشتۇرۇش .....................58
4- مەزمۇن: «ذُوْ» تونۇشتۇرۇش ......................................59
5- مەزمۇن: 100 ۋە 1000 تونۇشتۇرۇش.......................................59

**ئىككىنچى دەرس** .......................................... 60
«لَيْسَ» توغرىسىدا .......................................... 60

**ئۈچىنچى دەرس** .......................................... 61
1- مەزمۇن: ئاشۇرما سۈپەتداش توغرىسىدا.......................................... 61
2- مەزمۇن: «لٰكِنَّ» ۋە «كَأَنَّ» توغرىسىدا .......................................... 62
3- مەزمۇن: 11دىن 19غىچە بولغان سانلار توغرىسىدا.......................................... 62

**تۆتىنچى دەرس** .......................................... 64
1- مەزمۇن: «أَن» توغرىسىدا.......................................... 64
2- مەزمۇن: «نَعَمْ» ۋە «بَلَى»نىڭ ئىشلىتىلىشى توغرىسىدا .......................................... 64

**بەشىنچى دەرس** .......................................... 66
1- مەزمۇن: ئۆتۈملۈك پېئىل ۋە ئۆتۈمسىز پېئىل توغرىسىدا.......................................... 66
2- مەزمۇن: ئىسىملىق جۈملە ۋە پېئىللىق جۈملە توغرىسىدا.......................................... 66
3- مەزمۇن: پائىل توغرىسىدا.......................................... 68

**ئالتىنچى دەرس** .......................................... 69
1- مەزمۇن: بولۇشلۇق جۈملە ۋە بولۇشسىز جۈملىگە جاۋاب بېرىش توغرىسىدا.......................................... 69
2- مەزمۇن: «لِمَ» ۋە «لِمَهْ» توغرىسىدا .......................................... 70
3- مەزمۇن: ئاخىرىغا «ة» ئۇلانمىغان ئىسىملار توغرىسىدا.......................................... 70
4- مەزمۇن: «هَاتِ» توغرىسىدا .......................................... 71

**يەتتىنچى دەرس**.......................................... 72
1- مەزمۇن: «كَانَ» توغرىسىدا.......................................... 72
2- مەزمۇن: ئاخىرى سۈكۈنلۈق «م» بولغان سۆزلەر توغرىسىدا.......................................... 72
3- مەزمۇن: سۈكۈنلۈق «و» قوشۇش توغرىسىدا.......................................... 73

4- مەزمۇن: ئۈچتىن 10غىچە بولغان سانلارنى ئاددىي كەسىر تەرتىپسىدە پارچە سانغا ئايلاندۇرۇش توغرىسىدا ......... 73

سەككىزىنچى دەرس ......................................... 74
1- مەزمۇن: پېئىل توغرىسىدا ......................................... 74
2- مەزمۇن: باش كېلىشنىڭ ئۆلانما كىشىلىك ئالماشلىرى توغرىسىدا ........ 76

توققۇزىنچى دەرس ......................................... 77
1- مەزمۇن: «اَلَّذِيْنَ» توغرىسىدا ......................................... 77
2- مەزمۇن: ئەجەبلەندۈرۈش پېئىلى (فعل التَّعَجُّب) توغرىسىدا ............ 77
3- مەزمۇن: «مَعْنًى» توغرىسىدا ......................................... 74
4- مەزمۇن: «ال»لىق ئىسىمنىڭ بېشىغا «أ»نى قوشۇش توغرىسىدا ......... 78
5- مەزمۇن: ھەرىكەت ساقلاش «ن» توغرىسىدا ............................ 79
6- مەزمۇن: «مَا» توغرىسىدا ......................................... 79
7- مەزمۇن: ئىزاپەتلىك بىرىككەن ئىسىملار توغرىسىدا ..................... 79
8- مەزمۇن: ساغلام ئاياللىق كۆپلۈك (جَمْعُ مُؤَنَّثٍ سَالِم) توغرىسىدا ......... 80

ئونىنچى دەرس ......................................... 81
1- مەزمۇن: «دائمًا» ۋە «أَحْيانًا» توغرىسىدا ............................ 81
2- مەزمۇن: «مرَّةً أُخْرَى» توغرىسىدا ......................................... 81
3- مەزمۇن: «إِلَّا» توغرىسىدا ......................................... 82

ئون بىرىنچى دەرس ......................................... 83
1- مەزمۇن: «أَمَّا» توغرىسىدا ......................................... 83
2- مەزمۇن: «س» ۋە «سَوْفَ» توغرىسىدا ......................................... 83
3- مەزمۇن: «لَا» ۋە «مَا» توغرىسىدا ......................................... 84
4- مەزمۇن: مەسدەر توغرىسىدا ......................................... 84

ئون ئىككىنچى دەرس ............................................................ 85
«إِنَّ»نىڭ ھەمزىسى توغرىسىدا ........................................... 85

ئون ئۈچىنچى دەرس ............................................................ 87
پېئىللارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە ........................ 87

ئون تۆتىنچى دەرس ............................................................ 90
بۇيرۇق پېئىل ياساش توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە........................ 90

ئون بەشىنچى دەرس ............................................................ 92
1- مەزمۇن: « كَادَ» توغرىسىدا ............................................ 92
2- مەزمۇن: «لا النَّافِية» ۋە «لا النَّاهِيَّة» توغرىسىدا ........................ 92
3- مەزمۇن: «مَا» ۋە «لا»توغرىسىدا.............................................. 93
4- مەزمۇن: «إِنْ» ۋە شۇ تۈردىكى قوشۇمچىلار توغرىسىدا ......................... 93

ئون ئالتىنچى دەرس ............................................................ 95
1- مەزمۇن: «عُمَرُ» بىلەن «عَمْرٌو»نىڭ پەرقى توغرىسىدا ........................ 95
2- مەزمۇن: «ذُوْ» توغرىسىدا.......................................................... 95
3- مەزمۇن: نىسبىي ئالماش بولغان «مَا» توغرىسىدا............................... 96
4- مەزمۇن: «مَا»نىڭ تۈرلىرى توغرىسىدا.......................................... 96
5- مەزمۇن: «غَيْرُ» توغرىسىدا ........................................................ 97

ئون يەتتىنچى دەرس............................................................ 98
1- مەزمۇن: «أَنْ» ۋە «ل»توغرىسىدا.................................................... 98
2- مەزمۇن: «يُمْكِنُ» توغرىسىدا ...................................................... 98
3- مەزمۇن: زىر قىلىش قوشۇمچىسى بولغان «مُنْذُ» توغرىسىدا ..................... 99
4- مەزمۇن: «يَرَى» توغرىسىدا .......................................................... 99
5- مەزمۇن: «أَرْجُو» توغرىسىدا......................................................... 99

www.uyghurkitap.com


**ئون سەككىزىنچى دەرس** ............................................ 101

1- مەزمۇن: كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ئاخىرىنىڭ زەبەر ئوقۇلۇش ئەھۋالى توغرىسىدا ............................................ 101

2- مەزمۇن: «ألا» توغرىسىدا ............................................ 102

3- مەزمۇن: «كَ» توغرىسىدا ............................................ 102

**ئون توققۇزىنچى دەرس** ............................................ 103

1- مەزمۇن: پېئىللارنى بولۇشسىز قىلىش قوشۇمچىلىرى توغرىسىدا ......... 103

**يىگىرمىنچى دەرس** ............................................ 104

1- مەزمۇن: «أَحَدُهُمَا ... وَالْآخَرُ» توغرىسىدا ............................................ 104

2- مەزمۇن: ئىككىلىك ئىسىملار توغرىسىدا ............................................ 104

**يىگىرمە بىرىنچى دەرس** ............................................ 105

1- مەزمۇن: «لَمْ» ۋە «لَمَّا» توغرىسىدا ............................................ 105

2- مەزمۇن: ئەرەب تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تۈرى توغرىسىدا ................ 106

**يىگىرمە ئىككىنچى دەرس** ............................................ 107

كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ئاخىرىنىڭ جەزىملىك ئوقۇلۇشى ................ 107

**يىگىرمە ئۈچىنچى دەرس** ............................................ 108

1- مەزمۇن: ساغلام ئەرلىك كۆپلۈك (جُمْعُ مُذَكَّر سَالِمٍ) توغرىسىدا ........... 108

2- مەزمۇن: 20دىن 90غىچە بولغان سانلار توغرىسىدا ............................ 108

3- مەزمۇن: ئۆتكەن زامان پېئىلىنى بولۇشسىز قىلىدىغان «لا» توغرىسىدا 109

**يىگىرمە تۆتىنچى دەرس** ............................................ 110

1- مەزمۇن: سان توغرىسىدا ............................................ 110

2- مەزمۇن: سانلارنىڭ سانالغۇچىسى توغرىسىدا ............................ 112

**يىگىرمە بەشىنچى دەرس** .......................................... 114
1- مەزمۇن: «لَا يَزَالُ» توغرىسىدا.......................................... 114
2- مەزمۇن: ئىئرابى ئۆزگەرسە، ئاخىرىدىكى ھەرپمۇ تەڭ ئۆزگىرىدىغان
بەش ئىسىم توغرىسىدا.......................................... 114
**يىگىرمە ئالتىنچى دەرس** .......................................... 115
1- مەزمۇن: تەركىبىدە كېسەل ھەرپ بولغان پېئىللار توغرىسىدا............ 115
2- مەزمۇن: ئۈچ ھەرپلىك ئىسىملاردىن كىچىكلەتمە سىغە (سۆز
شەكلى) ياساش توغرىسىدا .......................................... 117
3- مەزمۇن: ئىدغام قىلىش (ئىككى ھەرپنى كىرىشتۈرۈپ تەشدىدلىك
ئوقۇش) ئۇسۇلى توغرىسىدا.......................................... 117
4- مەزمۇن: ئاگاھلاندۇرۇش قوشۇمچىسى توغرىسىدا .......................... 118
**يىگىرمە يەتتىنچى دەرس**.......................................... 119
1- مەزمۇن: ئەجۋەف (أجوف) پېئىللار توغرىسىدا.......................... 119
2- مەزمۇن: ئەجۋەف پېئىللارغا ئائىت گرامماتىكىلىق قائىدىلەر .......... 119
3- مەزمۇن: ئەجۋەف پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىگە ھەرىكەتلىك
قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى توغرىسىدا .......................................... 120
4- مەزمۇن: ئاياللىق پائىلنىڭ «ن»ى توغرىسىدا .......................... 121
**يىگىرمە سەككىزىنچى دەرس**.......................................... 122
1- مەزمۇن: ناقىس (ناقص) پېئىللار توغرىسىدا.......................... 122
2- مەزمۇن: ناقىس پېئىللارغا ئائىت گرامماتىكىلىق قائىدىلەر............ 122
**يىگىرمە توققۇزىنچى دەرس**.......................................... 124
1- مەزمۇن: مۇزائەف (مضاعف) پېئىللار توغرىسىدا.......................... 124
2- مەزمۇن: ئىدغام توغرىسىدا .......................................... 125

3 ـ مەزمۇن: «قَطُّ» ۋە «أَبَدًا»توغرىسىدا ........................................ 126

**ئوتتۇزىنچى دەرس**............................................................ 127
ئىككىلىك ساندىكى پېئىللار توغرىسىدا................................................ 127

**ئوتتۇز بىرىنچى دەرس** ........................................................... 128
سۈپەتلىك سۆز بىرىكمىسى توغرىسىدا................................................ 128

**ئۆگىنىپ ئۆتۈلگەن پېئىللارنىڭ تۈرلىنىشى ھەققىدە ئومۇمىي خۇلاسە** ...... 129
1ـ مەزمۇن: ساغلام پېئىللارنىڭ تۈرلىنىش ئەھۋالى ................................ 129
2ـ مەزمۇن: مۇزائەف پېئىللارنىڭ تۈرلىنىش ئەھۋالى ............................ 129
3ـ مەزمۇن: مىسال (مِثَال) پېئىللارنىڭ تۈرلىنىش ئەھۋالى ...................130
4ـ مەزمۇن: ئەجۋەف (أَجْوَفْ) پېئىللارنىڭ تۈرلىنىش ئەھۋالى ............ 131
5ـ مەزمۇن: ناقىس (ناقِص) پېئىللارنىڭ تۈرلىنىش ئەھۋالى ............... 131

## 3ـ قىسىم

**مۇقەددىمە**............................................................................ 131
مۇئرەب ئىسىم ۋە مەبنى ئىسىم توغرىسىدا ........................................ 131
ئىسىملارنىڭ ئەسلى ۋە قوشۇمچە ئىئرابىنىڭ بەلگىلىرى ......................133
تەقدىرىي (پەرەزىي) ئىئرابلار.....................................................136
دائىم باش كېلىشتە، دائىم چۈشۈم كېلىشتە ۋە دائىم ئىگىلىك كېلىشتە
كېلىدىغان ئىسىملارنىڭ تۈرلىرى ........................................139
ئەگەشكۈچىلەر (تَوَابِع) توغرىسىدا.............................................. 140
مۇئرەب پېئىللار ۋە مەبنى پېئىللار توغرىسىدا.................................. 140

مۇئرەب پېئىللاردىكى ئەسلى ۋە قوشۇمچە ئىئرابىنىڭ بەلگىلىرى............141
تەقدىرىي (پەرەزىي) ئىئرابلار توغرىسىدا..........................142

بىرىنچى دەرس ........................................................143
1- مەزمۇن: ھالىنىڭ «و»سى توغرىسىدا...............................143
2- مەزمۇن: پېئىلنام توغرىسىدا...........................................143
3- مەزمۇن: بەزى ئۆتكەن زامان پېئىللىرىنىڭ كەلگۈسى زامان مەنىسىدە تەرجىمە قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا.....................144
4- مەزمۇن: ئارتۇق بولۇپ كەلگەن «مِنْ» توغرىسىدا..........................144
5- مەزمۇن: «عِنْدَ» مەنىسىدە كەلگەن «لَدَى» توغرىسىدا.......................145

ئىككىنچى دەرس ......................................................146
1- مەزمۇن: ئۆتكەن زامان پېئىلنى مەجھۇل پېئىل شەكلىگە ئايلاندۇرۇش ئۇسۇلى توغرىسىدا...........................146
2- مەزمۇن: «ال»قوشۇلغان خاس ئىسىملارنىڭ چاقىرىلىشى توغرىسىدا ... 147
3- مەزمۇن: نىسبەت قوشۇمچىسى توغرىسىدا...............................147
4- مەزمۇن: «إِمَّا» توغرىسىدا......................................148

ئۈچىنچى دەرس ........................................................149
1- مەزمۇن: ئىسىم پائىل توغرىسىدا.........................................149
2- مەزمۇن: ئىسىم مەپئۇل توغرىسىدا.......................................149
3- مەزمۇن: بولۇشسىز قىلىش قوشۇمچىسى بولغان «مَا» توغرىسىدا........150

تۆتىنچى دەرس ........................................................151
1- مەزمۇن: ئەجۋەف پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىنى مەجھۇل قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدا.........................................151
2- مەزمۇن: ئەجۋەف پېئىلدىن ئىسىم پائىل ياساش توغرىسىدا............152

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

3- مەزمۇن: ناقىس پېئىلدىن ئىسىم پائىل ياساش توغرىسىدا.................153
4- مەزمۇن: ئەجۋەف پېئىلدىن ئىسىم مەپئۇل ياساش ئۇسۇلى توغرىسىدا 154
5- مەزمۇن: ناقىس پېئىلدىن ئىسىم مەپئۇل ياساش ئۇسۇلى توغرىسىدا...155
6- مەزمۇن: «سَلَّمَ» توغرىسىدا ........................................156

بەشىنچى دەرس ..........................................................
ئىسىم زامان ۋە ئىسىم ماكان توغرىسىدا...............................

ئالتىنچى دەرس ......................................................... 157
ئىسىم ئالەت (اسم آلة) توغرىسىدا.................................... 157

يەتتىنچى دەرس.........................................................159
ئېنىق ئىسىم ۋە ئېنىقسىز ئىسىم توغرىسىدا ........................159

سەككىزىنچى دەرس......................................................161
1- مەزمۇن: ئىزاپەتلىك بىرىككەن ئىسىملار توغرىسىدا.............161
2- مەزمۇن: مۇتەكەللىمنىڭ «ي»سى توغرىسىدا ......................... 162
3- مەزمۇن: «كِلا» ۋە «كِلْتَا» توغرىسىدا ................................ 162
4- مەزمۇن: «ذَانِكَ» ۋە «تَانِكَ» توغرىسىدا ..............................163
5- مەزمۇن: «إِيْتِ» توغرىسىدا ..........................................163

توققۇزىنچى دەرس......................................................165
1- مەزمۇن: ئىسىملىق جۈملە ۋە پېئىللىق جۈملە توغرىسىدا .................165
2- مەزمۇن: باشلاش پېئىللىرى توغرىسىدا ................................ 166

ئونىنچى دەرس ......................................................... 167
ئىگە-خەۋەر توغرىسىدا.................................................. 167

ئون بىرىنچى دەرس ...................................................... 172
1- مەزمۇن: ۋاقىت-ئورۇن تولدۇرغۇچى (مَفْعُوْلٌ فِيْهِ) توغرىسىدا............ 172

2- مەزمۇن: «لَوْ» توغرىسىدا ........................................ 174
3- مەزمۇن: «قَبْل» ۋە «بَعْدَ» توغرىسىدا ................................ 175

ئون ئىككىنچى دەرس ................................................ 176
1- مەزمۇن: بۇيرۇقنى ئىپادىلەيدىغان «ل» توغرىسىدا.......................... 176
2- مەزمۇن: كەلگۈسى زامان پېئىلنى جەزملىك ئوقۇتىدىغان قوشۇمچىلار توغرىسىدا............................................ 177
3- مەزمۇن: تەلەپنىڭ جاۋابىدا كەلگەن كەلگۈسى زامان پېئىلنىڭ جەزملىك ئوقۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا........................... 178
4- مەزمۇن: نۇدبەت (نُدْبَة) ئۇسلۇبى توغرىسىدا ........................... 178
5- مەزمۇن: «آهِ، آهْ» توغرىسىدا ....................................... 179

ئون ئۈچىنچى دەرس ................................................ 180
ۋاقىت شەرت قوشۇمچىسى ـــ «إِذَا» توغرىسىدا.............................. 180

ئون تۆتىنچى دەرس ................................................ 182
1- مەزمۇن: ئىككى پېئىلنى جەزملىك ئوقۇتىدىغان قوشۇمچىلار توغرىسىدا 182
2- مەزمۇن: شەرت پېئىل ۋە ئۇنىڭ جاۋابى توغرىسىدا ....................... 185
3- مەزمۇن: شەرتنىڭ جاۋابىنىڭ ئالدىغا «ف»نىڭ قوشۇلۇشى توغرىسىدا. 186
4- مەزمۇن: «كَانَ» تۈرىدىكى پېئىللارنىڭ ئاخىرىدىكى «ن» توغرىسىدا .... 188
5- مەزمۇن: خەبەرىييە بولۇپ كەلگەن «كَمْ» توغرىسىدا ........................ 189
6- مەزمۇن: «حَتَّى» توغرىسىدا............................................ 190
7- مەزمۇن: «هَاؤُمْ اِعْلَانًا» توغرىسىدا ...................................... 191
8- مەزمۇن: تۆت ھەرپلىك ئىسىملارنى كىچىكلىتىش توغرىسىدا................. 191

ئون بەشىنچى دەرس ................................................ 192
پېئىل توغرىسىدا.................................................... 192

ئون ئالتىنچى دەرس ........................ 196
1- مەزمۇن: «أَفْعَلَ» بابى توغرىسىدا........................ 196
2- مەزمۇن: «لَوْ» توغرىسىدا........................ 197
3- مەزمۇن: باشلاش «ل»ى توغرىسىدا........................ 197
4- مەزمۇن: «أَصْبَحَ» توغرىسىدا........................ 198
5- مەزمۇن: «أَوْشَكَ» توغرىسىدا........................ 198
6- مەزمۇن: تولۇق مۇبھەملىكنى ئۇقتۇرىدىغان «م اَ» توغرىسىدا........ 199
7- مەزمۇن: «اِبْنٌ» توغرىسىدا ........................ 199

ئون يەتتىنچى دەرس........................ 201
1- مەزمۇن: ئۆتۈملۈك ۋە ئۆتۈمسىز پېئىل توغرىسىدا........................ 201
2- مەزمۇن: ئۆتۈمسىز پېئىلنىڭ ئۆتۈملۈك پېئىلغا ئايلىنىشى توغرىسىدا... 203
3- مەزمۇن: «أَرَى» توغرىسىدا........................ 203
4- مەزمۇن: پېئىلنىڭ «فَعَّلَ» بابىغا يۆتكىلىشى توغرىسىدا........................ 204
5- مەزمۇن: «إِيَّاكَ وَالظَّنَّ» توغرىسىدا........................ 204
6- مەزمۇن: زىيادە بولۇپ كەلگەن «مَا» توغرىسىدا ........................ 205
7- مەزمۇن: قەسەمنىڭ جاۋابى توغرىسىدا........................ 205
8- مەزمۇن: «أَمْسَى» توغرىسىدا........................ 206

ئون سەككىزىنچى دەرس........................ 207
1- مەزمۇن: «فَاعَلَ» بابى توغرىسىدا ........................ 207
2- مەزمۇن: باشلاش «ل»ى توغرىسىدا........................ 207
3- مەزمۇن: «قَدْ»نىڭ ئىشلىتىلىشى توغرىسىدا ........................ 208
4- مەزمۇن: «ذَوُوْ» توغرىسىدا........................ 209
5- مەزمۇن: «أُوْلُو» توغرىسىدا........................ 209
6- مەزمۇن: «لٰكِنْ» توغرىسىدا ........................ 210



www.uyghurkitap.com

7- مەزمۇن: «ذٰلِكَ» ۋە «تِلْكَ» توغرىسىدا ............ 210
8- مەزمۇن: «يَغْفِرُ» توغرىسىدا ............ 211

ئون توققۇزىنچى دەرس............ 212
1- مەزمۇن: «تَفَعَّلَ» بابى توغرىسىدا ............ 212
2- مەزمۇن: «تَفَعَّلَ» بابىنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلىدىن بىر «ت»نىڭ
تاشلىنىشى توغرىسىدا............ 213
3- مەزمۇن: «لَمَّا» توغرىسىدا ............ 213
4- مەزمۇن: «الْمُتَفَوِّقِيْنَ» توغرىسىدا............ 214

يىگىرمىنچى دەرس............ 215
1- مەزمۇن: «تَفَاعَلَ» بابى توغرىسىدا ............ 215
2- مەزمۇن: «تَفَاعَلَ» بابىنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلىدىن بىر «ت»نىڭ
تاشلىنىشى توغرىسىدا............ 216
3- مەزمۇن: «لَيْتَ» توغرىسىدا ............ 216
4- مەزمۇن: جىنسىنى يوققا چىقىرىش «لا»سى توغرىسىدا............ 217
5- مەزمۇن: پېئىلغا ئوخشايدىغان قوشۇمچىلار (اَلْحُرُوْفُ الْمُشَبَّهَةُ بِالْفِعْلِ)
توغرىسىدا............ 217

يىگىرمە بىرىنچى دەرس ............ 221
1- مەزمۇن: «اِنْفَعَلَ» بابى توغرىسىدا............ 221
2- مەزمۇن: «اِنْفَعَلَ» بابىدىكى پېئىللارنىڭ ئۆلانما ھەمزىسىنىڭ
تاشلىنىپ كېتىشى توغرىسىدا............ 222
3- مەزمۇن: جۈملىنىڭ بىرلىك ئىسمىنىڭ ھۆكمىدە بولۇشى توغرىسىدا ............ 222
4- مەزمۇن: «لَوْلَا» توغرىسىدا ............ 223
5- مەزمۇن: كۆرسىتىش ئالمىشىنىڭ سۈپەت بولۇشى توغرىسىدا ............ 224
6- مەزمۇن: ئەرلىك ۋە ئاياللىق ئىسملار توغرىسىدا............ 224

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندىسى

يىگىرمە ئىككىنچى دەرس ........................................ 226
1- مەزمۇن: «اِفْتَعَلَ» بابى توغرىسىدا ........................................ 226
2- مەزمۇن: «إِفْتَعَلَ» بابىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا ........................................ 228
3- مەزمۇن: «اِفْتَعَلَ» بابىدىكى پېئىللارنىڭ ئۇلانما ھەمزىسىنىڭ تاشلىنىپ كېتىشى توغرىسىدا ........................................ 228
4- مەزمۇن: «إِذَا» توغرىسىدا ........................................ 228
5- مەزمۇن: «ظَنَّ» توغرىسىدا ........................................ 229

يىگىرمە ئۈچىنچى دەرس ........................................ 231
1- مەزمۇن: «اِفْعَل» بابى توغرىسىدا ........................................ 231
2- مەزمۇن: «رَأَى» توغرىسىدا ........................................ 232
3- مەزمۇن: «عَسَى» توغرىسىدا ........................................ 233
4- مەزمۇن: مەسدەرگە ئايلاندۇرغۇچى «مَا» توغرىسىدا ........................................ 234
5- مەزمۇن: شەرتنىڭ جاۋابىنىڭ تاشلىنىشى توغرىسىدا ........................................ 235

يىگىرمە تۆتىنچى دەرس ........................................ 236
1- مەزمۇن: «اِسْتَفْعَلَ» بابى توغرىسىدا ........................................ 236
2- مەزمۇن: «كَيْ» توغرىسىدا ........................................ 236
3- مەزمۇن: «إِذَنْ» توغرىسىدا ........................................ 237
4- مەزمۇن: ئۆتكەن زامانىنى بولۇشسىز قىلىدىغان «لَا» توغرىسىدا ........................................ 238
5- مەزمۇن: ھالنىڭ «و»سى توغرىسىدا ........................................ 238
6- مەزمۇن: «جَعَلَ» توغرىسىدا ........................................ 239
7- مەزمۇن: مۇتەكەللىمنىڭ «ي»سى توغرىسىدا ........................................ 240

يىگىرمە بەشىنچى دەرس ........................................ 242
1- مەزمۇن: تۆت ھەرپلىك پېئىللار توغرىسىدا ........................................ 242

2- مەزمۇن: ئايرىش ئالمىشى توغرىسىدا.................................243
3- مەزمۇن: بەزىلەشتۈرۈشنى ئىپادىلەيدىغان «مِنْ» توغرىسىدا........... 244
4- مەزمۇن: سوراق قوشۇمچىلىرىنىڭ ئىلگىرى-كېيىن كېلىشى توغرىسىدا245
5- مەزمۇن: «رُبَّ» توغرىسىدا..................................245
6- مەزمۇن: «إذا الفجائية» توغرىسىدا ..................................246
7- مەزمۇن: ئاخىرى جەزملىك ئوقۇلغان مۇزارىئ كەلگۈسى زامان
پېئىلى ۋە بۇيرۇق پېئىلى توغرىسىدا ..................................246
پېئىل بابلىرى توغرىسىدا خۇلاسە .................................. 247

**يىگىرمە ئالتىنچى دەرس** ..................................249
كىشىلىك ئالماش (ضَمِيْر) توغرىسىدا..................................249

**يىگىرمە يەتتىنچى دەرس**..................................253
1- مەزمۇن: مەنبەداش تولدۇرغۇچى (مفعول مطلق) توغرىسىدا ..................................253
2- مەزمۇن: مەررەت مەسدىرى توغرىسىدا ..................................256
3- مەزمۇن: ھەيئەت مەسدىرى توغرىسىدا..................................257
5- مەزمۇن: مىملىق مەسدەر توغرىسىدا ..................................257

**يىگىرمە سەككىزىنچى دەرس**..................................259
1- مەزمۇن: سەۋەب تولدۇرغۇچىسى (مفعول لأجله) توغرىسىدا..................................259
2- مەزمۇن: «هَلاَّ» توغرىسىدا .................................. 261

**يىگىرمە توققۇزىنچى دەرس**..................................262
1- مەزمۇن: پەرقلەندۈرگۈچى (تَمْيِيْز) توغرىسىدا ..................................262
2- مەزمۇن: ئەجەبلەندۈرۈش پېئىلى (فعل التَّعَجُّب) توغرىسىدا..................................265

**ئوتتۇزىنچى دەرس**..................................266
ھال توغرىسىدا..................................266

**ئوتتۇز بىرىنچى دەرس** ......................................... 271
1- مەزمۇن: ئىستىسنا (اِسْتِثْنَاء) توغرىسىدا.................... 271
2- مەزمۇن: ئىستىسنانىڭ قىسىملىرى توغرىسىدا.................. 272
3- مەزمۇن: «أَلا» توغرىسىدا.......................................... 276

**ئوتتۇز ئىككىنچى دەرس**.......................................... 277
1- مەزمۇن: تەكىتىنىڭ «ن»ى توغرىسىدا............................ 277
2- مەزمۇن: «ن» بىلەن پېئىلنى تەكىتلەش ئورۇنلىرى توغرىسىدا ........ 279
3- مەزمۇن: «أُفٍّ» توغرىسىدا .......................................... 282

**خاتىمە**................................................................ 283
1- مەزمۇن: تۈرلىنىشتىن چەكلەنگەن ئىسىملار توغرىسىدا................ 283
2- مەزمۇن: تۈرلىنىشتىن چەكلەنگەن ئىسىملارغا ئائىت ئومۇمىي قائىدىلەر................................................ 286
**ئۈچ ھەرىپلىك مۇجەررەد (تۇپ) پېئىللارنىڭ مەسدەر ئۆلچىمى توغرىسىدا** .. 288
**پارچە كۆپلۈك (جَمْع التكسير) توغرىسىدا**................................ 295

www.uyghurkitap.com

# قَوَاعِدُ دُرُوْسُ اللُّغَةِ الْعَرَبِيَّة

(لِغَيْرِ النَّاطِقِيْنَ بِهَا)

(الجزء الأول)

# ئەرەب تىلى دەرسلىكى گرامماتىكا قائىدىلىرى

## 1- قىسىم

# أَيُّهَا الطُّلَّابُ!

## لِمَاذَا نَدْرُسُ اللُّغَةَ الْعَرَبِيَّةَ؟

نَدْرُسُ اللُّغَةَ الْعَرَبِيَّةَ لِنَفْهَمَ الْقُرْآنَ الْكَرِيْمَ وَالْحَدِيْثَ النَّبَوِيَّ الشَّرِيْفَ.

## ئەرەب تىلىنى نېمە ئۈچۈن ئۆگىنىمىز!

«قۇرئان كەرىم»نى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۆگىنىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

بسم الله الرحمن الرحيم

# بىرىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: «هٰذَا» توغرىسىدا

مەنىسى: «بۇ».
ئاتىلىشى: ئەرلىك بىرلىك يېقىننى كۆرسىتىش ئالمىشى.
ئىشلىتىلىشى: يېقىن ئورۇندىكى ئەرلىك جىنس بىرلىك ساندىكى شەيئىلەرنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
خاراكتېرى: قاتقان ئىسىم بولۇپ، ئاخىرىنىڭ ھەرىكەت ئۆزگىرىشى (ئىئرابى) شەكىلدە ئاشكارا ئىپادىلەنمەيدۇ.
ۋەزىپىسى: كۆپىنچە ئىسىملىق جۈملىدە ئىگە (مبتدأ) بولۇپ كېلىدۇ.
مەسىلەن:

هٰذَا بَيْتٌ (بۇ ئۆي)
هٰذَا مَسْجِدٌ (بۇ مەسجىد)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: جۈملە توغرىسىدا

جۈملە دېگىنىمىز ــ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزدىن

تۇزۇلـۇپ تولـۇق ئاياغلاشـقان بىـر ئـوي ـ پىكرنـى ئىپادىلەيـدىغان سـۆز بىرىكمىسىدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

هٰذَا كِتَابٌ (بۇ كىتاب)
هٰذَا قَلَمٌ (بۇ قەلەم)

دېگەنگە ئوخشاش.

جۇملە ـــ ئىسىملىق جۇملە ۋە پېئىللىق جۇملە دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلىنىدۇ (بۇنىڭ تەپسىلاتى توغرىسىدا كېيىن ئايرىم توختىلىمىز).

ئىسىملىق جۇملە ـــ ئىسىم بىلەن باشلانغان جۇملە بولـۇپ، ئىگە ۋە خەۋەردىن تەركىب تاپىدۇ. مەسىلەن:

هٰذَا بَابٌ
ئىگە خەۋەر

ئىسىملىق جۇملە ـــ بايان جۇملە ۋە سوراق جۇملە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

بايان جۇملە ـــ مەلـۇم ئىش ياكى نەرسە توغرىسىدا ئېنىق بىر ئوي ـ پىكرنى ئىپادىلەيدىغان جۇملىدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

هٰذَا مَكْتَبٌ (بۇ ئۈستەل)
هٰذَا سَرِيْرٌ (بۇ كارىۋات)

دېگەنگە ئوخشاش.

سوراق جۇملە ـــ مەلـۇم ئىش ياكى نەرسە توغرىسىدىكى سوراقنى ئىپادىلەيدىغان جۇملىدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

مَا هٰذَا (بۇ نېمە)
مَنْ هٰذَا (بۇ كىم)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

أَهٰذَا بَيْتٌ (بۇ ئۆيمۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: «أ» توغرىسىدا

مەنىسى: «... مۇ؟».
ئاتىلىشى: سوراق قوشۇمچىسى.
ئىشلىتىلىشى: سوراقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتە جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

أَهٰذَا بَيْتٌ (بۇ ئۆيمۇ)
أَهٰذَا سَرِيْرٌ (بۇ كارىۋاتمۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: «نَعَمْ» ۋە «لا» توغرىسىدا

بۇ ئىككىسى جاۋاب قوشۇمچىسى بولۇپ، «نَعَمْ» — «ھەئە»، «شۇنداق» دېگەن مەنىدە؛ «لا» — «ياق» دېگەن مەنىدە.
ئاتىلىشى: «نَعَمْ» — بولۇشلۇق جاۋاب قوشۇمچىسى، «لا» — بولۇشسىز جاۋاب قوشۇمچىسى.
ئىشلىتىلىشى: «نَعَمْ» بولۇشلۇق جاۋاب ئۈچۈن، «لا» بولۇشسىز جاۋاب ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

أَهٰذَا بَيْتٌ ؟ (بۇ ئۆيمۇ؟)
نَعَمْ، هٰذَا بَيْتٌ . (ھەئە، بۇ ئۆي.)

أَهٰذَا كُرْسِيٌّ ؟ (بۇ ئورۇندۇقمۇ؟)
لا ، هٰذَا سَرِيْرٌ. (ياق، بۇ كارىۋات.)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 5- مەزمۇن: بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز جاۋاب جۈملە توغرىسىدا

بولۇشلۇق جاۋاب جۈملە — سوراق جۈملىنىڭ جاۋابىنىڭ بېشىغا بولۇشلۇق جاۋاب قوشۇمچىسى «نَعَمْ» كىرگۈزۈلگەن جۈملىدىن ئىبارەت. مەسلەن:

أَهٰذَا بَيْتٌ ؟ (بۇ ئۆيمۇ؟)
نَعَمْ، هٰذَا بَيْتٌ . (هەئە، بۇ ئۆي.)

أَهٰذَا قَمِيْصٌ؟ (بۇ كۆڭلەكمۇ؟)
نَعَمْ، هٰذَا قَمِيْصٌ . (هەئە، بۇ كۆڭلەك.)

دېگەنگە ئوخشاش.

بولۇشسىز جاۋاب جۈملە — سوراق جۈملىنىڭ جاۋابىنىڭ بېشىغا بولۇشسىز جاۋاب قوشۇمچىسى «لا» كىرگۈزۈلگەن جۈملىدىن ئىبارەت. مەسلەن:

أَهٰذَا كَلْبٌ ؟ (بۇ ئىتمۇ؟)
لا ، هٰذَا قِطٌّ . (ياق، بۇ مۈشۈك.)

أَهٰذَا حِمَارٌ؟ (بۇ ئېشەكمۇ؟)
لا ، هٰذَا حِصَانٌ . (ياق، بۇ ئات.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 6- مەزمۇن: «مَا» ۋە «مَنْ» توغرىسىدا

«مَا» ـــ «نېمە؟» دېگەن مەنىدە، «مَنْ» ـــ «كىم؟» دېگەن مەنىدە.

ئاتىلىشى: سوراق ئالمىشى.

ئىشلىتىلىشى: «مَـا» ئەقىلسىز نەرسىلەر توغرىسىدا سوراش ئۈچۈن، «مَنْ» ئەقىللىق نەرسىلەر توغرىسىدا سوراش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

مَا هٰذَا ؟ (بۇ نېمە؟)
هٰذَا قَلَمٌ . (بۇ قەلەم.)

مَنْ هٰذَا ؟ (بۇ كىم؟)
هٰذَا طَالِبٌ. (بۇ ئوقۇغۇچى.)

دېگەنگە ئوخشاش.

# ئىككىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: «ذٰلِكَ» توغرىسىدا

مەنىسى: «ئاۋۇ».
ئاتىلىشى: ئەرلىك بىرلىك يىراقنى كۆرسىتىش ئالمىشى.
ئىشلىتىلىشى: يىراق ئورۇندىكى ئەرلىك جىنس بىرلىك ساندىكى شەيئىلەرنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
خاراكتېرى: قاتقان ئىسىم بولۇپ، ئاخىرىنىڭ ھەرىكەت ئۆزگىرىشى شەكىلدە ئاشكارا ئىپادىلەنمەيدۇ.
ۋەزىپىسى: ئىسىملىق جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ذٰلِكَ نَجْمٌ (ئاۋۇ يۇلتۇز)
ذٰلِكَ سَرِيْرٌ (ئاۋۇ كارىۋات)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: «و» توغرىسىدا

مەنىسى: «ۋە»، «ھەم»، «بىلەن»، «بىللە» ...
ئاتىلىشى: باغلاش قوشۇمچىسى (باغلىغۇچى).
ئىشلىتىلىشى: كەينىدىكى سۆز ياكى جۈملىنى ئالدىدىكى سۆز ياكى جۈملىگە باغلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ۋەزىپىسى: ئىگىنى ئىگىگە، خەۋەرنى خەۋەرگە ۋە جۈملىنى جۈملىگە باغلاشتىن ئىبارەت.

بۇلاردىن «وَ»دىن كېيىنكى سۆز ياكى جۈملە باغلانغۇچى، «وَ»دىن ئىلگىرىكى سۆز ياكى جۈملە باغلىنىلغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

هٰذَا حِصَانٌ وَ ذٰلِكَ حِمَارٌ

باغلىنىلغۇچى باغلىغۇچى باغلانغۇچى

## ئۈچىنچى دەرس

### 1- مەزمۇن: ئېنىقسىز ئىسىملارنى ئېنىقلىققا ئايلاندۇرۇش توغرىسىدا

ئىسىم ئەلىف لامنىڭ قوشۇلۇپ كېلىشى ياكى قوشۇلماي كېلىشى بىلەن ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. قوشۇلۇپ كەلسە ئېنىق ئىسىم، قوشۇلماي كەلسە ئېنىقسىز ئىسىم بولىدۇ .

ئېنىقسىز ئىسىم ـــ بَيْتٌ، كِتَابٌ، قَلَمٌ، جَمَلٌ ... لارغا ئوخشاش ئىسىملارنى كۆرسىتىدۇ.

بۇنداق ئىسىملارنى ئېنىق ئىسىمغا ئايلاندۇرماقچى بولساق، ئالدىغا ئەلىف لام «الـ» قوشۇلىدۇ.

بۇنداق ئەلىف لام «الـ» بىلەن ئېنىقلىققا ئايلاندۇرۇلغان ئىسىملارنىڭ ئاخىرىنى تەنۋىن (قوش ھەرىكەت بىلەن نۇنلاشتۇرۇش) بىلەن ئوقۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن:

بَيْتٌ ⟵ اَلْبَيْتُ
كِتَابٌ ⟵ اَلْكِتَابُ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تاربىسى
www.uyghurkitap.com

دېگەنگە ئوخشاش.

## 1- مەزمۇن: ئىگە-خەۋەر توغرىسىدا

ئىسىملىق جۈملە ئىگە ۋە خەۋەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇلارسىز ئىسىملىق جۈملە بولمايدۇ.ئىگە بىلەن خەۋەر پەش ئوقۇلىدۇ . ئەگەر ئاشكارە پەش ئوقۇلمىسا ئورۇن جەھەتتىن پەش ئوقۇلىدۇ.
ئىگە ــ جۈملىدىكى ئوي-پىكىرنىڭ كىم ياكى نېمە توغرىسىدا ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدىغان جۈملە بۆلىكىدۇر.

خەۋەر ــ ئۇنىڭ بىلەن جۈملىدە ئىپادىلەنمەكچى بولغان ئوي-پىكىر تولۇقلىنىدىغان جۈملە بۆلىكىدۇر. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| اَلْقَلَمُ | مَكْسُوْرٌ | اَلْبَابُ | مَفْتُوْحٌ |
| ئىگە | خەۋەر | ئىگە | خەۋەر |

## 3- مەزمۇن: ئاي ۋە قۇياش ھەرپلىرى توغرىسىدا

ئەرەب تىلى ئېلىپبە ھەرپلىرى ئالدىغا ئەلىف ۋە لام «الـ» قوشۇلغاندا تەشدىدلىك ئوقۇلۇش-ئوقۇلماسلىقىغا ئاساسەن ئاي ھەرپلىرى (حروف الْقمرية) ۋە قۇياش ھەرپلىرى (حروف الشّمسية)دىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

ئـاي ھەرپلـرى دېگىنىمىز ـــ ئىبنىقسىز ئىسمنىڭ بېشغا ئەلىف ۋە لام «الـ» قوشۇلـغاندا، (ئالدىغا ئەلىف ۋە لام «الـ» قوشۇلغان سۆزدىكى بىرىنچى ھەرپ) ، ئۇرۇلــۇپ تەشــدىدلىك ئوقۇلمايــدىغان ھەرپلەردــن ئىبــارەت. مەسلەن: «اَلْقَمَـرُ» ۋە «اَلْبَـابُ»دىـگەن سۆزدىكى «ق» ۋە «ج» ھەرپلـرىگە ئوخشاش. بۇلار مۇنۇ 14 ھەرپتۇر:

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| أ | ب | ج | ح | خ | ع | غ |
| ف | ق | ك | م | و | ھ | ي |

قۇياش ھەرپلرى دېگىنىمىز ـــ ئىبنىقسىز ئىسمنىڭ بېشغا ئەلىف ۋە لام «الـ» قوشۇلـغاندا، (ئالدىغا ئەلىف ۋە لام «الـ» قوشۇلغان سۆزدىكى بىرىنچى ھەرپ) ، ئۇرۇلــۇپ تەشــدىدلىك ئوقۇلــدىغان ھەرپلەردــن ئىبــارەت. مەسلەن: «اَلشَّمْسُ» ۋە «اَلتَّاجِرُ»دىكى «ش» ۋە «ت» ھەرپلـرىگە ئوخشاش. بۇلار مۇنۇ 14 ھەرپتۇر:

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ت | ث | د | ذ | ر | ز | س |
| ش | ص | ض | ط | ظ | ل | ن |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: ئاخىرىنى زىر قىلغۇچى قوشۇمچىلار توغرىسىدا

اَلْبَيْتُ، اَلْمَسْجِدُ، اَلْمَكْتَبُ ... لارغا ئوخشاش ئىنىق ئىسىملارنىڭ بېشىغا ئاخىرىنى زىر قىلغۇچى قوشۇمچى (حرف جرّ)لار كىرگۈزۈلسە، ئاخىرقى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتى (ئىئرابى)نى زىرلىك ھالەتتە ئوقۇتىدۇ.
بۇ خىل قوشۇمچىلار بىلەن بىرىككەن سۆز بىرىكمىلىرى ئالدى قوشۇمچىلىق تولۇقسىز سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ دەرستىكى ئاخىرىنى زىر قىلغۇچى قوشۇمچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇقتۇرىدىغان مەنىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) فِيْ ــــ «ئىچىدە»، «... دا، ...تا، ... دە، ... تە» دېگەن مەنىدە.
2) عَلَى ــــ «ئۈستىدە» دېگەن مەنىدە.
3) مِنْ ــــ «... دىن، ... تىن» دېگەن مەنىدە.
4) إِلَى ــــ «... غا، ... قا، ... گە، ... كە» دېگەن مەنىدە.

مەسىلەن:

فِي الْبَيْتِ (ئۆيدە)

عَلَى الْمَكْتَبِ (ئۈستەل ئۈستىدە)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: «أَيْنَ» توغرىسىدا

مەنىسى: «قەيەردە؟»، «نەدە؟».

ئاتىلىشى: سوراق ئالمىشى ياكى ئورۇن تولدۇرغۇچى (رەۋىش).

ئىشلىتىلىشى: ئورۇننى سوراش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

خاراكتېرى: قاتقان ئىسىم بولۇپ، ئاخىرىنىڭ ھەرىكەت ئۆزگىرىشى شەكىلدە ئاشكارا ئىپادىلەنمەيدۇ.

ۋەزىپىسى: ئىسىملىق جۈملىدە ئىلگىرى كەلگەن خەۋەر، پېئىللىق جۈملىدە ئورۇن تولدۇرغۇچى (ئورۇن رەۋىشى) بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

أَيْنَ مُحَمَّدٌ (مۇھەممەد قەيەردە)

أَيْنَ ذَهَبَ (ئۇ قەيەرگە كەتتى)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: تولۇق تۈرلىنىدىغان ۋە تۈرلىنىشتىن چەكلەنگەن خاس ئىسىملار توغرىسىدا

مُحَمَّدٌ، خَالِدٌ، يَاسِرٌ ... لارغا ئوخشاش ئىسىملار ئۈچ ھەرىكەت بىلەن تولۇق تۈرلىنىدىغان ۋە تەنۋىننى قوبۇل قىلىدىغان ئەرلىك جىنستىكى خاس ئىسىملاردۇر.

www.uyghurkitap.com
كىتاب ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بۇ ئىسىملارنىڭ ئاخىرى قوش ھەرىكەت بىلەن تۈنلاشتۇرۇش (تەنۋىن)نى ۋە زەبەر، پەش ۋە زىردىن ئىبارەت ئۈچىلى ھەرىكەتنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە تۆۋەندىكىدەك ھالەتتە تۈرلىنىپ كېلىدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| مُحَمَّدٌ | مُحَمَّدًا | فِيْ مُحَمَّدٍ |
| يَاسِرٌ | يَاسِرًا | فِيْ يَاسِرٍ |

فَاطِمَةُ، عَائِشَةُ، مَرْيَمُ، خَدِيْجَةُ ... لارغا ئوخشاش ئىسىملار تولۇق تۈرلەنمەيدىغان ۋە تەنۋىننى قوبۇل قىلمايدىغان ئايالىق جىنستىكى خاس ئىسىملاردۇر.

بۇ ئىسىملارنىڭ ئاخىرى قوش ھەرىكەت بىلەن تۈنلاشتۇرۇش (تەنۋىن)نى ۋە زىر ھەرىكەتنى قوبۇل قىلمايدۇ، بەلكى تاق پەش ۋە تاق زەبەرلىكلا ئوقۇلىدۇ، زىرلىك ئوقۇلىدىغان ئورۇندا زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ ۋە تۆۋەندىكىدەك ھالەتتە تۈرلىنىپ كېلىدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| آمِنَةُ | آمِنَةَ | فِيْ آمِنَةَ |
| مَرْيَمُ | مَرْيَمَ | فِيْ مَرْيَمَ |

## 4- مەزمۇن: پېئىللىق جۈملە توغرىسىدا

پېئىللىق جۈملە ـــ پېئىل بىلەن باشلانغان جۈملەپ بولۇپ، ئۇ پېئىل، پائىل (پېئىل ئىگىسى) ۋە تولدۇرغۇچىدىن تەركىب تاپىدۇ.

بۇنىڭدىكى پائىلنىڭ ئاخىرى ھەردائىم پەشلىك ئوقۇلىدۇ، تولدۇرغۇچىنىڭ ئاخىرى ھەردائىم زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| أَيْنَ | ذَهَبَ | عَلِيٌّ |
| تولدۇرغۇچى | پېئىل | پائىل |

دېگەنگە ئوخشاش.

پېئىللىق جۈملىنىڭ تولدۇرغۇچىسىز تۈزۈلۈشى مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن پائىلسىز تۈزۈلۈشى مۇمكىن بولمايدۇ. پائىلى ئاشكارا بولمىغانلىرىنىڭ پائىلى پېئىلنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. مەسىلەن: خَرَجَ (ئۇ چىقىپ كەتتى) دېگەنگە ئوخشاش.

## 5- مەزمۇن: كىشىلىك ئالماش توغرىسىدا

ئالماش ـــ جۈملىدە ئىسىمنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان سۆزدىن ئىبارەت.

ئالماشنىڭ بىر تۈرى كىشىلىك ئالماش بولۇپ، ئۇمۇ مۇستەقىل كىشىلىك ئالماش ۋە ئۇلانما كىشىلىك ئالماش دەپ يەنە ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

بۇ دەرستە بۇنىڭدىن مۇستەقىل كىشىلىك ئالماش چۈشەندۈرۈلىدۇ.

مۇستەقىل كىشىلىك ئالماش ـــ باشقا سۆزلەرگە قوشۇلماي مۇستەقىل ئىشلىتىلىدىغان ئالماشلاردىن ئىبارەت. ئۇلار مۇنۇلار:

1) هُوَ ـــ III شەخس ئەرلىك بىرلىك مۇستەقىل كىشىلىك ئالمىشى (مەنىسى: ئۇ).

2) هِيَ ـــ III شەخس ئايللىق بىرلىك مۇستەقىل كىشىلىك ئالمىشى (مەنىسى: ئۇ).

3) أَنْتَ ـــ II شەخس ئەرلىك بىرلىك مۇستەقىل كىشىلىك ئالمىشى (مەنىسى: سەن).

4) أَنْتِ ـــ II شەخس ئاياللىق بىرلىك مۇستەقىل كىشىلىك ئالمىشى (مەنىسى: سەن).

5) أَنَا ـــ I شەخس ئەر-ئايالغا ئورتاق بىرلىك مۇستەقىل كىشىلىك ئالمىشى (مەنىسى: مەن).

(ئەسكەرتىش: مەزكۇر ئالماشلارنىڭ ئىككىلىك ۋە كۆپلۈك شەكىللىرى ئاللاھ خالىسا بۇنىڭدىن كېيىنكى دەرسلەردە سۆزلىنىدۇ).

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# بەشنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: ئىزاپەتلىك سۆز بىرىكمىسى توغرىسىدا

ئىزاپەتلىك سۆز بىرىكمىسى ـــ ئىككى ئىسىم قوشۇلۇپ تەۋەلىك ھاسىل قىلغان سۆز بىرىكمىسىدىن ئىبارەت.

ئىزاپەتلىك سۆز بىرىكمىسى ئېنىقلىغۇچى ۋە ئېنىقلانغۇچىدىن تەركىب تاپىدۇ.

بۇ سۆز بىرىكمىسىنى تەرجىمە قىلغاندا ئالدى بىلەن ئىككىنچى بۆلىكى (يەنى ئېنىقلىغۇچى)نى، ئاندىن بىرىنچى بۆلىكى (يەنى ئېنىقلانغۇچى)نى تەرجىمە قىلىپ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «...نىڭ» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| كِتَابُ | مُحَمَّدٍ | (مۇھەممەدنىڭ كىتابى) |
| ئېنىقلانغۇچى | ئېنىقلىغۇچى | |

دېگەنگە ئوخشاش.

ئىزاپەتلىك سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئۈچ خىل خۇسۇسىيىتى بار:

1) بىرىنچى بۆلىكى (يەنى ئېنىقلانغۇچى) «الـ» (ئەلىف لام) ۋە تەنۋىنىنى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە ئاخىرى جۈملىدىكى ئورنىغا ئاساسەن تاق زەبەر، تاق پېش ۋە تاق زىرلىك ھالەتتە ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تورى ئادرېسى

كِتَابُ عَمَّارٍ (ئەممارنىڭ كىتابى)

عَلَى مَكْتَبِ الْمُدَرِّسِ (ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۈستىلى ئۈستىدە)

دېگەنگە ئوخشاش.

2) ئىككىنچى بۆلىكىنىڭ ئاخىرى ھەردائىم زىرلىك ئوقۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئاخىرى زىر ھەرىكەت بىلەن تۈرلىنىشنى قوبۇل قىلمايدىغان ئىسىم بولسا، زىرنىڭ ئورنىدا زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ. ئەمما، بىز ئۇنى يەنىلا ئورۇن جەھەتتىن زىرلىك ئوقۇلغان دەپ قارايمىز. مەسىلەن:

كِتَابُ مُحَمَّدٍ (مۇھەممەدنىڭ كىتابى)

كِتَابُ فَاطِمَةَ (پاتىمەنىڭ كىتابى)

دېگەنگە ئوخشاش.

3) ئىككىنچى بۆلىكى ئېنىق ئىسىم بولسا، ئۇ بىرىنچى بۆلىكنى ئېنىقلىققا ئايلاندۇرىدۇ. مەسىلەن:

كِتَابُ عَمَّارٍ (ئەممارنىڭ كىتابى)

قَلَمُ الْمُدَرِّسِ (ئوقۇتقۇچىنىڭ قەلىمى)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: قاراتما سۆز بىرىكمىسى توغرىسىدا

قاراتما سۆز بىرىكمىسى ـــ كۆز ئالدىدىكى مەلۇم شەخسنى ئۆزىگە قارىتىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدىغان چاقىرىش قوشۇمچىسى بىلەن ئىسىمدىن بىرىككەن سۆز بىرىكمىسىدىن ئىبارەت.

ئۇ چاقىرىش قوشۇمچىسى ۋە چاقىرىلغۇچىدىن ئىبارەت ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپىدۇ.

بۇ سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئاخىرىمۇ تەنۋىننى قوبۇل قىلمايدۇ. مەسىلەن:

يَا يَاسِرُ (هەي ياسىر!)

چاقىرىش قوشۇمچىسى چاقىرىلغۇچى

دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: «تَحْتَ» توغرىسىدا

مەنىسى: «ئاستىدا»، «تېگىدە».

ئاتىلىشى: ئورۇن رەۋىشى.

خاراكتېرى: قاتتىق ئىسىم بولۇپ، ئاخىرىنىڭ ھەرىكەت ئۆزگىرىشى شەكىلدە ئاشكارا ئىپادىلەنمەيدۇ.

ۋەزىپىسى: ئىسىملىق جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ، پېئىللىق جۈملىدە ئورۇن تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

هِيَ تَحْتَ الْمَكْتَبِ (ئۇ جوزىنىڭ ئاستىدا)

وَضَعْتُ الْحَقِيْبَةَ تَحْتَ الْمَكْتَبِ (سومكىنى جوزىنىڭ ئاستىدا قويدۇم)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: ئۇلانما ھەمزىلىك ئىسىملار توغرىسىدا

اِسْمٌ، اِبْنٌ ... لارغا ئوخشاش باش ھەرپى ئۇلانما ھەمزە بىلەن باشلانغان ئىسىملار ئۇلانما ھەمزىلىك ئىسىملار دېيىلىدۇ.

ئۇلانما ھەمزىلىك ئىسىملار جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسە بېشىدىكى ھەمزە يېزىلىدۇ ھەم ئوقۇلىدۇ؛ ئەگەر جۈملىنىڭ ئارىسىدا كەلسە بېشىدىكى ھەمزە يېزىلىدۇ، ئەمما ئوقۇلمايدۇ. مەسىلەن:

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

اِسْمُ الْوَلَدِ مُحَمَّدٌ ، وَاسْمُ الْبِنْتِ زَيْنَبُ .

(ھېلىقى) بالىنىڭ ئىسمى مۇھەممەد، (ھېلىقى) قىزنىڭ ئىسمى زەينەب.

اِبْنُ الْمُدَرِّسِ فِيْ الْفَصْلِ ، أَيْنَ ابْنُ الْمُدِيْرِ ؟

ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوغلى سىنىپتا، مۇدىرنىڭ ئوغلى قەيەردە؟

دېگەنگە ئوخشاش.

| مُضَافٌ | مُضَافٌ إِلَيْهِ |
|---|---|
| ↓ | ↓ |
| ئېنىقلانغۇچى | ئېنىقلىغۇچى |
| (ئىزاپەتنىڭ بىرىنچى بۆلىكى) | (ئىككىنچى بۆلىكى) |

# ئالتىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: «هٰذِهِ» توغرىسىدا

مەنىسى: «بۇ».
ئاتىلىشى: ئاياللىق بىرلىك يېقىننى كۆرسىتىش ئالمىشى.
ئىشلىتىلىشى: يېقىن ئورۇندىكى ئاياللىق جىنس بىرلىك ساندىكى شەيئىلەرنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
خاراكتېرى: قاتقان ئىسىم بولۇپ، ئاخىرىنىڭ ھەرىكەت ئۆزگىرىشى شەكلىدە ئاشكارا ئىپادىلەنمەيدۇ.
ۋەزىپىسى: كۆپىنچە ئىسىملىق جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

هٰذِهِ سَاعَةُ عَلِيٍّ (بۇ ئەلىنىڭ سائىتى)
هٰذِهِ قِدْرٌ (بۇ قازان)

## 2- مەزمۇن: «لِ» توغرىسىدا

مەنىسى: «... نىڭ»، «ئۈچۈن».
ئاتىلىشى: ئاخىرىنى زىر قىلىش قوشۇمچىسى.
ۋەزىپىسى: ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن ئىسىمنىڭ ئاخىرىنى زىرلىك ئوقۇتۇشتۇر. مەسىلەن:

هٰذِهِ لِخَالِدٍ (بۇ خالىدنىڭ)

دېگەنگە ئوخشاش.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

## 3- مەزمۇن: بەدەندىكى جۈپ ۋە تاق ئەزالار توغرىسىدا

ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ بەدىنىدىكى جۈپ ئەزالارنىڭ ئىسملىرى ئاياللىق جىنستىكى ئىسىملار قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بۇلارنى كۆرسىتىش ئۈچۈن «هٰذِهِ» ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

هٰذِهِ أُذُنٌ (بۇ قۇلاق)

هٰذِهِ عَيْنٌ (بۇ كۆز)

ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ بەدىنىدىكى تاق ئەزالارنىڭ ئىسملىرى ئەرلىك جىنستىكى ئىسىملار قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بۇلارنى كۆرسىتىش ئۈچۈن «هٰذَا» ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

هٰذَا أَنْفٌ (بۇ بۇرۇن)

هٰذَا فَمٌ (بۇ ئېغىز)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: ئاياللىق جىنستىكى ئىسىملار توغرىسىدا

ئەرلىك جىنستىكى ئىسىملارنى ئاياللىق جىنستىكى ئىسىملارغا ئۆزگەرتمەكچى بولساق، ئاخىرىغا «ة» ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

طَالِبٌ ← طَالِبَةٌ طَبِيْبٌ ← طَبِيْبَةٌ

ئەرەب تىلىدا يەنە ئاياللىق جىنسقا تەۋە ئىكەنلىكىگە ئائىت بىرەر ئالامەت بولمىسىمۇ ئاياللىق جىنستىكى ئىسىم ھېسابلىنىدىغان بىر تۈركۈم سۆزلەر بار. مەسىلەن: اَلْقِدْرُ، اَلشَّمْسُ، عَيْنٌ ... دېگەنگە ئوخشاش.

# يەتتىنچى دەرس

## «تِلْكَ» توغرىسىدا

مەنىسى: «ئاۋۇ».

ئاتىلىشى: ئاياللىق بىرلىك يىراقنى كۆرسىتىش ئالمىشى.

ئىشلىتىلىشى: يىراق ئورۇندىكى ئاياللىق جىنس بىرلىك ساندىكى شەيئىلەرنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

خاراكتېرى: قاتقان ئىسىم بولۇپ، ئاخىرىنىڭ ھەرىكەت ئۆزگىرىشى شەكلىدە ئاشكارا ئىپادىلەنمەيدۇ.

ۋەزىپىسى: كۆپىنچە ئىسىملىق جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| تِلْكَ | فَاطِمَةُ | (ئاۋۇ پاتىمە) |
| تِلْكَ | بَيْضَةٌ | (ئاۋۇ تۇخۇم) |

دېگەنگە ئوخشاش.

دېمەك، كۆرسىتىش ئالماشلىرىدىن «هٰذَا» بىلەن «ذٰلِكَ» ئەرلىك جىنس بىرلىك ساندىكى شەيئىلەرنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىشكە، «هٰذِهِ» بىلەن «تِلْكَ» ئاياللىق جىنس بىرلىك ساندىكى شەيئىلەرنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# سەككىزىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: ئىزاھلىق سۆز بىرىكمىسى توغرىسىدا

ئىزاھلىق سۆز بىرىكمىسى ـــ كۆرسىتىش ئالمىشىدىن كېيىن بىر «ال»لىق ئىسىم ئۇلىنىپ كېلىپ بۇ ئالماشنى ئىزاھلىغان سۆز بىرىكمىسىدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

هٰذَا الرَّجُلُ تَاجِرٌ (بۇ كىشى سودىگەر)
ذٰلِكَ الرَّجُلُ طَبِيْبٌ (ئاۋۇ كىشى دوختۇر)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئىزاھلىق سۆز بىرىكمىسى ئىزاھلانغۇچى ۋە ئىزاھلىغۇچىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇلار تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتلەردە ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىدۇ:

1) سان (يەنى بىرلىك، ئىككىلىك ۋە كۆپلۈك) جەھەتتە ماسلىشىدۇ.
2) جىنس (يەنى ئەرلىك ۋە ئاياللىق) جەھەتتە ماسلىشىدۇ.
3) ئئىراب (يەنى ئاخىرىنىڭ زەبەر، پەش ۋە زىرلىك ئوقۇلۇشى) جەھەتتە ماسلىشىدۇ.
4) ئېنىق ۋە ئېنىقسىز بولۇش جەھەتتە ماسلىشىدۇ.

قالغان تەپسىلاتى ئاللاھ تەئالا خالىسا كېيىنكى دەرسلەردە سۆزلىنىدۇ.

## 2- مەزمۇن: «أَمَامَ» ۋە «خَلْفَ» توغرىسىدا

«أَمَامَ» ـــ «ئالدىدا»، «خَلْفَ» ـــ «ئارقىسىدا» دېگەن مەنىدە.
ئاتىلىشى: ئورۇن رەۋىشى.
خاراكتېرى: قاتتىق ئىسىملار.
ۋەزىپىسى: كۆپىنچە ئىسىملىق جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ، پېئىللىق جۈملىدە ئورۇن تولدۇرغۇچى (يەنى ئورۇن رەۋىشى) بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بَيْتُ التَّاجِرُ أَمَامَ الْمَسْجِدِ (سودىگەرنىڭ ئۆيى مەسجىدنىڭ ئالدىدا)
بَيْتُ الطَّبِيْبِ خَلْفَ الْمَدْرَسَةِ (دوختۇرنىڭ ئۆيى مەكتەپنىڭ كەينىدە)
جَلَسْتُ أَمَامَ حَامِدٍ (مەن ھامىدنىڭ ئالدىدا ئولتۇردۇم)
دېگەنگە ئوخشاش (ئاستىغا سىزىلغانلىرى ئورۇن رەۋىشى).

## 3- مەزمۇن: ئاخىرىدا «ا» بولغان ئىسىملار توغرىسىدا

ئاخىرىدا «ا» (ئەلىف) ياكى «ى» سۈرەتلىك ئەلىف بولغان ئىسىملارنىڭ ئىئرابى پەرەزىي (تەقدىرەن) بولىدۇ، يەنى زەبەر، پىش ۋە زىر ئاشكارا ئوقۇلمايدۇ، بەلكى ئورۇن جەھەتتىن ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

پىشلىك ئوقۇلغىنى: أَمْرِيْكَا دَوْلَةٌ يَهُوْدِيَّةٌ (ئامېرىكا يەھۇدىي دۆلىتى)
زىرلىك ئوقۇلغىنى : أَنَا مِنْ أَمْرِيْكَا (مەن ئامېرىكىدىن)
فِي الْمُسْتَشْفَى إِلَى الْمُسْتَشْفَى

دېگەنگە ئوخشاش. يەنى بۇ مىساللاردىكى ئاستى سىزىلغان ئىسىملارنىڭ ئاخىرى ئورۇن جەھەتتىن پىش ۋە زىرلىك ئوقۇلدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# توققۇزىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: سۈپەتلىك سۆز بىرىكمىسى توغرىسىدا

سۈپەتلىك سۆز بىرىكمىسى — بىر ئىسىمنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىر ئىسىم كېلىپ ئۇنى سۈپەتلىگەن سۆز بىرىكمىسىدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

أَنَا طَالِبٌ جَدِيْدٌ (مەن يېڭى ئوقۇغۇچى)

هِيَ الطَّالِبَةُ الْجَدِيْدَةُ (ئۇ يېڭى قىز ئوقۇغۇچى)

دېگەنگە ئوخشاش.

سۈپەتلىك سۆز بىرىكمىسى سۈپەتلەنگۈچى بىلەن سۈپەتلىگۈچىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار مۇنداق تۆت جەھەتتىن بىر-بىرىگە ماسلىشىپ كېلىدۇ:

1) ئئراب (يەنى ئاخىرىنىڭ ھەرىكىتى) جەھەتتە ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:

هٰذَا كِتَابٌ جَدِيْدٌ (بۇ يېڭى كىتاب)

قَرَأْتُ كِتَابًا جَدِيْدًا (مەن يېڭى كىتابنى ئوقۇدۇم)

هٰذَا اسْمُ كِتَابٍ جَدِيْدٍ (بۇ يېڭى كىتابنىڭ ئىسمىدۇر)

2) جىنس (يەنى ئەرلىك ۋە ئاياللىق) جەھەتتە ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:

أَحْمَدُ لَهُ ابْنٌ كَبِيْرٌ وَبِنْتٌ صَغِيْرَةٌ

(ئەھمەدنىڭ بىر چوڭ ئوغلى ۋە بىر كىچىك قىزى بار)

3) سان (يەنى بىرلىك، ئىككىلىك ۋە كۆپلۈك) جەھەتتە ماسلىشىدۇ. مەسلەن:

لَنَا مُدِيْرٌ صَالِحٌ (بىزنىڭ بىر ياخشى مۇدىرىمىز بار)

4) ئېنىق ۋە ئېنىقسىز بولۇش جەھەتتە ماسلىشىدۇ. مەسلەن:

هِيَ الطَّالِبَةُ الْجَدِيْدَةُ (ئۇ يېڭى قىز ئوقۇغۇچى)

اَلْعَرَبِيَّةُ لُغَةٌ سَهْلَةٌ (ئەرەب تىلى ئاسان تىلدۇر)

دېگەنلەرگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: تۈرلەنمىشتىن چەكلەنگەن سۈپەتداش ئىسىملار توغرىسىدا

كَسْلانُ، جَوْعَانُ، عَطْشَانُ، غَضْبَانُ، مَلآنُ ... لارغا ئوخشاش ئىسىملار تولۇق تۈرلەنمەيدىغان ۋە تەنۋىننى قوبۇل قىلمايدىغان سۈپەتداش ئىسىملاردۇر.

بۇ ئىسىملارنىڭ ئاخىرى تەنۋىن ۋە زىر ھەرىكەتنى قوبۇل قىلمايدۇ، بەلكى تاق پېش ۋە تاق زەبەرلىكلا ئوقۇلىدۇ، زىرلىك ئوقۇلىدىغان ئورۇندا زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسلەن:

أَنَا جَوْعَانُ (مېنىڭ قورسىقىم ئاچ)

أَأَنْتِ بَاكِيَةٌ مِنْ عَطْشَانَ (سىز ئۇسسۇزلۇقتىن يىغلىدىڭىزمۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## 3- مەزمۇن: «اَلآنَ» ۋە «عِنْدَ» توغرىسىدا

«اَلآنَ» ــــ «ھازىر» دېگەن مەنىدە؛ «عِنْدَ» ــــ «قېشىدا»، «يېنىدا» دېگەن مەنىدە.

ئاتىلىشى: «اَلآنَ» ــــ ۋاقىت رەۋىشى؛ «عِنْدَ» ــــ ئورۇن رەۋىشى.

ئىشلىتىلىشى: «اَلآنَ» ــــ ۋاقىتنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ؛ «عِنْدَ» ــــ ئورۇننى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ۋەزىپىسى: جۈملىدە رەۋىش بولۇپ كېلىدۇ.

## 4- مەزمۇن: نىسبىي ئالماش (اِسْمُ الْمَوْصُولِ) توغرىسىدا

نىسبىي ئالماش ــــ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر مەنانى ئۇقتۇرالمايدىغان، پەقەت ئۆزىدىن كېيىنكى تولۇقلىغۇچىنىڭ ۋاستىسى بىلەن قوشۇمچە مەنە ئىپادىلەيدىغان باغلىغۇچى سۆزدىن ئىبارەت.

«اَلَّذِيْ» .. گە ئوخشاش نىسبىي ئالماشنىڭ كەينىدىن چوقۇم جۈملە كېلىشى كېرەك.

كەينىدە كەلگەن جۈملە ئىسىملىق جۈملە بولسا (دىكى ، تىكى ) دەپ تەرجىمە قىلىمىز . مەسىلەن:

الكتاب الذي على المكتب للمدرس.

(ئۇستەل ئۈستىدىكى كىتاب ئوقۇتقۇچىنىڭ)

دىگەنگە ئوخشاش.

نسبى ئالماشنىڭ كەيندە كەلگەن جۈملە پئىلىلق جۈملە بولسا (غان ، قان ،گەن ، كەن ) دەپ تەرجىمە قىلىمز . مەسىلەن:

الطالب الذي خرج من الفصل الآن من إندونيسيا.

(هازىر سىنىپتىن چىققان ئوقۇغۇچى ھىندىنوزىيىلىك)

.دىگەنگە ئوخشاش

نسبي ئالماش كەينىدىكى جۈملە بىلەن قۇشۇلۇپ جۈملىنىڭ بىر بۆلىكى بولۇپ كىلىدۇ، ئايرىم جۈملە بۇلالمايدۇ.

نسپى ئالماش توغرىسىدىكى مەزمۇنلار كىتابنىڭ 12- دەرسىدە تەپسىلى سۆزلىنىدۇ (ئاللاھ تەئالا خالسا.)

www.uyghurkitap.com

# ئونىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: ئۇلانما كىشىلىك ئالماش توغرىسىدا

بىز ئالدىنقى دەرسلىرىمىزدە مۇستەقىل كىشىلىك ئالماش توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىپ ئۆتكەن، ئەمدى بۇ دەرستە كىشىلىك ئالماشنىڭ ئىككىنچى بىر تۈرى بولغان ئۇلانما كىشىلىك ئالماش توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمىز.

ئۇلانما كىشىلىك ئالماش ـــ مۇستەقىل ئىشلىتىلمەيدىغان، پەقەت سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپ ئىشلىتىلىدىغان كىشىلىك ئالماشتىن ئىبارەت.

III شەخس ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلىرى مۇنۇلار:

هُ هُمَا هُمْ هَا هُمَا هُنَّ

بۇ ئالماشلار ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا ئۇلانسا ئىنىقلىغۇچى، پېئىلنىڭ ئاخىرىغا ئۇلانسا تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

اِسْمُهُ أُسَامَةُ (ئۇنىڭ ئىسمى ئۇسامە)

اِسْمُهَا زَيْنَبُ (ئۇنىڭ ئىسمى زەينەب)

فَهِمْتُهُ (مەن ئۇنى چۈشەندىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

II شەخس ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلىرى مۇنۇلار:

ـكَ ـكُمَا ـكُمْ ـكِ ـكُمَا ـكُنَّ

بۇلارمۇ ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا ئۇلانسا ئىنىقلىغۇچى، پېئىلنىڭ ئاخىرىغا ئۇلانسا تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مَا اسْمُكَ (ئىسمىڭ نېمە) أَيْنَ أَبُوْكَ (داداڭ قەيەردە)

مَنْ خَلَقَكُمْ (سىلەرنى كىم ياراتتى)

دېگەنگە ئوخشاش.

I شەخس ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلىرى مۇنۇلار:

ـيْ ـنَا

بۇلارمۇ ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا ئۇلانسا ئىنىقلىغۇچى، پېئىلنىڭ ئاخىرىغا ئۇلانسا تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ ۋە ئەر-ئايالغا ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

اِسْمِيْ مُحَمَّدٌ (ئىسمىم مۇھەممەد)

فَصْلُنَا جَمِيْلٌ (سىنىپىمىز چىرايلىق)

خَلَقَنَا اللهُ (بىزنى ئاللاھ ياراتتى)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: «ذَهَبْتَ» توغرىسىدا

«ذَهَبَ»گە ئوخشاش III شەخس ئەرلىك بىرلىك ئېنىق ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ئاخىرىغا ئالدى سۈكۈن ئوقۇلغۇچى زەبەرلىك «ت» ئۇلانسا، ئۇ II شەخس ئەرلىك بىرلىك ئېنىق ئۆتكەن زامان پېئىلىغا ئايلىنىدۇ. ئەگەر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى

ئالدى سۆكۈن ئوقۇلغۇچى پىشلىك «ت» ئۇلانسا، I شەخس ئەر- ئايالغا ئورتاق بىرلىك ئىنىق ئۆتكەن زامان پېئىلغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

أَذَهَبْتَ إِلَى الْكُوَيْتِ يَا مُحَمَّدُ؟ (ئى مۇھەممەد! كۇۋەيتكە باردىڭمۇ؟)

نَعَمْ، ذَهَبْتُ. (شۇنداق، باردىم.)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: «لِ» ۋە «عِنْدَ»نىڭ ئىشلىتىلىشى توغرىسىدا

بىر نەرسىنىڭ ياندا بارلىقىنى ئۇقتۇرۇشتا ئادەملەر ئۈچۈن «ل»، نەرسىلەر ئۈچۈن «عِنْدَ» ئىشلىتىلىدۇ. ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن:

عِنْدِيْ كِتَابٌ (مېنىڭ كىتابىم بار)

لِيْ أَخٌ (مېنىڭ قېرىندىشىم بار)

دېگەنگە ئوخشاش.

مەزكۇر «ل» ئەسلىدە زىرلىك ئوقۇلسىمۇ، لېكىن «ي»دىن باشقا ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلار ئۇلانغاندا يەڭگىللىكنى كۆزدە تۇتۇپ زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ: «لِيْ»، «لَهُ»، «لَكَ»، «لَهَا» ... دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: «مَعَ» توغرىسىدا

«مَعَ» — ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئورنى ياكى ۋاقتىنى ئۇقتۇرىدىغان ئىسىم بولۇپ، رەۋىش بولغانلىقى ئۈچۈن زەبەرلىك ئوقۇلغان. مەسىلەن:

خَرَجَ حَامِدٌ مَعَ خَالِدٍ (ھامىد خالىد بىلەن بىر ۋاقىتتا چىقىپ كەتتى)

جَلَسَ الْمُدَرِّسُ مَعَ الْمُدِيْرِ (ئوقۇتقۇچى مۇدىر بىلەن بىر ئورۇندا ئولتۇردى)

## 5- مەزمۇن: تولۇق تۈرلىنىدىغان خاس ئىسىملار توغرىسىدا

مُحَمَّدٌ، خَالِدٌ، حَامِدٌ ... لارغا ئوخشاش ئىسىملارنىڭ ئاخىرى تەنۋىنلىك ئوقۇلىدۇ ۋە ئۈچىلى ھەرىكەت بىلەن تولۇق تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

مُحَمَّدٌ مِنْ مُحَمَّدٍ

دېگەنگە ئوخشاش.

حَمْزَةُ، طَلْحَةُ، أُسَامَةُ ... لارغا ئوخشاش ئىسىملار تولۇق تۈرلەنمەيدىغان ۋە تەنۋىننى قوبۇل قىلمايدىغان ئەرلىك جىنىستىكى خاس ئىسىملاردۇر.

بۇ ئىسىملارنىڭ ئاخىرىمۇ تەنۋىن ۋە زىر ھەرىكەتنى قوبۇل قىلمايدۇ، بەلكى تاق پىش ۋە تاق زەبەرلىكلا ئوقۇلىدۇ، زىرلىك ئوقۇلىدىغان ئورۇندا زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

مُعَاوِيَةُ فِي مُعَاوِيَةَ

دېگەنگە ئوخشاش.

## 6- مەزمۇن: ئاخىرىنى زىر قىلغۇچى ھەرپلەر كىرگەن ئىسىملارنىڭ سۈپەت بولۇشى توغرىسىدا

ئېنىقسىز ئىسىمدىن كېيىن بېشىغا زىر ئوقۇتقۇچى ھەرپ كىرگۈزۈلگەن ئىسىم كەلسە، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كەلگەن ئىسىمنىڭ سۈپىتى بولىدۇ. مەسىلەن:

أَنَا طَالِبٌ بِالْجَامِعَةِ (مەن ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىسى)

دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ جۈملىدە «بِالْجَامِعَةِ» دېگەن ئىسىم «طَالِبٌ» دېگەن ئىسىمنىڭ سۈپىتى بولۇپ كەلگەن.

هُمْ أَطِبَّاءُ مِنْ أَمْرِيْكَا (ئۇلار ئامېرىكىلىق دوختۇرلار)

بۇ جۈملىدە «مِنْ أَمْرِيْكَا» دېگەن ئىسىم «أَطِبَّاءُ» دېگەن ئىسىمنىڭ سۈپىتى بولۇپ كەلگەن.

# ئون بىرىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلارنىڭ بېشىغا ئاخىرىنى زىر قىلغۇچى ھەرپلەرنىڭ كىرگۈزۈلۈشى توغرىسىدا

«ـهُ»، «ـهَا» ... لارغا ئوخشاش ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلارنىڭ ئالدىغا «فِـي»غا ئوخشاش ئاخىرىنى زىر قىلغۇچى قوشۇمچىلار كىرگۈزۈلسە، ئۇ ئاخىرىدىكى ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلارنى ئورۇن جەھەتتىن زىر ئوقۇتۇپ، ئالدى قوشۇمچىلىق تولۇقسىز سۆز بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ ۋە كۆپىنچە ئىسىملىق جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| فِيْهِ حَدِيْقَةٌ صَغِيْرَةٌ | (ئۇنىڭدا كىچىك باغچا بار) |
| فِيْهَا نَافِذَةٌ كَبِيْرَةٌ | (ئۇنىڭدا چوڭ دېرىزە بار) |

## 2- مەزمۇن: «أُحِبُّ» توغرىسىدا

«أُحِبُّ» ـــ «أُفْعِلُ» ئۆلچىمىدە كەلگەن ئەر-ئايالغا ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان I شەخس بىرلىك ئېنىق (معلوم) كەلگۈسى زامان پېئىلى بولۇپ، پائىلى ئۆز ئاستىغا يوشۇرۇنغاندۇر. پەرەزىي ئىبارىتى: «أُحِبُّ أَنَا».

مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| أَنَا أُحِبُّ أَبِيْ وَأُمِّيْ | (مەن ئاتا-ئانامنى ياخشى كۆرىمەن) |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئون ئىككىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: «كَيْفَ» توغرىسىدا

مەنىسى: «قانداق؟».
ئاتىلىشى: سوراق ئالمىشى.
ئىشلىتىلىشى: ھالەتنى سوراش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
خاراكتېرى: قاتقان ئىسىم بولۇپ، ئاخىرىنىڭ ھەرىكەت ئۆزگىرىشى شەكلىدە ئاشكارا ئىپادىلەنمەيدۇ. مەسىلەن:

كَيْفَ حَالُكَ          (ئەھۋالىڭىز قانداق)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: نىسبىي ئالماش (اِسْمُ الْمَوْصُولِ) توغرىسىدا

نىسبىي ئالماش ـــ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر مەنانى ئۇقتۇرالمايدىغان، پەقەت ئۆزىدىن كېيىنكى تولۇقلىغۇچىنىڭ ۋاستىسى بىلەن قوشۇمچە مەنە ئىپادىلەيدىغان باغلىغۇچى سۆزدىن ئىبارەت.

بۇ دەرستە «اَلَّـذِيْ» ۋە «اَلَّتِـيْ»دـن ئبـارەت ئككى نسـبـي ئالمـاش سۆزلەنگەن بولـۇپ، «اَلَّـذِيْ» ئەرلـك جـنس برلـك سان ئۇچۈن، «اَلَّتِـيْ» ئاياللق جنس برلك سان ئۇچۈن ئشلتلدۇ.

مەنسى:

«اَلَّذِيْ» ۋە «اَلَّتِيْ» .. گە ئوخشاش نسبى ئالماشنڭ كەيندىن چۇقۇم جۇملە كلشى كرەك.

كەينـدە كەلگەن جـۇملە ئسـملق جـۇملە بولسـا (دكـى ، تنكـى ) دەپ تەرجمە قلمز .

كەيندە كەلگەن جۇملە پئللق جۇملە بولسا (غان ، قان ،گەن ، كەن ) دەپ تەرجمە قلمز .

نسـبي ئالمـاش كەينـدكى جـۇملە بـلەن قۇشـۇلۇپ بـر بۆلەكلـك رولنى ئوينايدۇ، ئايرم جۇملە بۇلالمايدۇ.

ئاتلشى: نسبي ئالماش (اِسْمُ الْمَوْصُولِ) دەپ ئاتلدۇ.

ئشلتلشى: ئۆزدىن كينكى تولۇقلغۇچسننڭ ياردىمدە ئۆزدىن ئلگركى ئسمنى سۈپەتلەپ كلدۇ.

مەسلەن:

مَنْ هٰذِهِ الْفَتَاةُ الَّتِيْ مَعَكِ (سز بلەن تۇرغان بۇ قزچاق كم)

مَنْ هٰذَا الطِّفْلُ الَّذِيْ مَعَكِ (سز بلەن تۇرغان بۇ كچك بالا كم)

دىگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: «ذَهَبَتْ» توغرىسىدا

«ذَهَبَ»گە ئوخشاش III شەخس ئەرلىك بىرلىك ئېنىق ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ئاخىرىغا سۈكۇنلۇق «ت» ئۇلانسا، ئۇ III شەخس ئاياللىق بىرلىك ئېنىق ئۆتكەن زامان پېئىلىغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

ذَهَبَتْ إِلَى الْمُسْتَشْفَى (ئۇ دوختۇرخانىغا كەتتى)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: ئاخىرى سۈكۇنلۇق سۆزلەرگە «الـ» (ئەلىف لام) قوشۇلغان ئىسىملارنى ئۇلاپ ئوقۇش توغرىسىدا

«ذَهَبَتْ»كە ئوخشاش ئاخىرى سۈكۇنلۇق سۆزنىڭ ئارقىسىدىن بېشىغا «الـ» قوشۇلغان سۆز كەلگەن بولسا، بۇلارنى ئۇلاپ ئوقۇغاندا سۈكۇنلۇق ھەرپكە زىر ھەرىكەت بېرىلىدۇ. مەسىلەن:

جَلَسَتْ الطَّالِبَةُ ← جَلَسَتِ الطَّالِبَةُ

دېگەنگە ئوخشاش.

# ئون ئۈچىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: «هٰؤُلاءِ» توغرىسىدا

بۇ «هٰذَا» بىلەن «هٰذِهِ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئەر-ئايالغا ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

هٰؤُلاءِ رِجَالٌ (بۇلار ئەرلەردۇر)

هٰؤُلاءِ بَنَاتٌ (بۇلار قىزلاردۇر)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: «هُمْ» توغرىسىدا

بۇ «هُوَ»نىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر.

ئاتىلىشى: III شەخس ئەرلىك كۆپلۈك مۇستەقىل كىشىلىك ئالمىشى.

ۋەزىپىسى: كۆپىنچە ئىسمىلىق جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

هُمْ طُلاّبٌ جُدُدٌ (ئۇلار يېڭى ئوقۇغۇچىلار)

هُمْ مِنْ أَمْرِيْكَا (ئۇلار ئامېرىكىدىن)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 3- مەزمۇن: «ذَهَبُوا» توغرىسىدا

«ذَهَبَ»گە ئوخشاش III شەخس ئەرلىك بىرلىك ئىنىق ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ئاخىرىغا ئالدى پەش ئوقۇلغۇچى سۇكۇنلۇق «و» ئۇلانسا، ئۇ III شەخس ئەرلىك كۆپلۈك ئىنىق ئۆتكەن زامان پېئىلغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

ذَهَبُوْا إِلَى الْمَطْعَمِ (ئۇلار ئاشخانىغا كەتتى)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: «هُنَّ» توغرىسىدا

بۇ «هِيَ»نىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر.

ئاتىلىشى: III شەخس ئاياللىق كۆپلۈك مۇستەقىل كىشىلىك ئالمىشى.

ۋەزىپىسى: كۆپىنچە ئىسىملىق جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

أَأَخَوَاتٌ هُنَّ ؟ (ئۇلار هەمشىرىلەرمۇ؟)

نَعَمْ، هُنَّ أَخَوَاتٌ . (شۇنداق، ئۇلار هەمشىرىلەر.)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 5- مەزمۇن: ئورۇنداش ئىزاھلىق سۆز بىرىكمىسى توغرىسىدا

ئورۇنداش ئىزاھلىق بىرىكمە ـــ نام-ئۇنۋانىنى بىلدۈرىدىغان «ال»لىق ئىنىق ئىسىمدىن كېيىن بىر خاس ئىسىم كېلىپ ئۇنى ئىزاھلىغان سۆز بىرىكمىسىدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

أَبُوْهُنَّ الشَّيْخُ بِلالٌ (ئۇلارنىڭ ئاتىسى شەيخ بىلال)

## 6- مەزمۇن: «قَرِيْبٌ»دىن كېيىن كەلگەن «مِنْ» توغرىسىدا

«قَرِيْبٌ» دېگەن ئىسىمدىن كېيىن كەلگەن «مِنْ» ــــ «إِلَى»غا ئوخشاش ھالەتتە «... غا، ... قا، ... گە، ... كە» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

بَيْتُهُنَّ قَرِيْبٌ مِنَ الْمَدْرَسَةِ (ئۇلارنىڭ ئۆيى مەكتەپكە يېقىن)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 7- مەزمۇن: «خَرَجْنَ» توغرىسىدا

«خَرَجَ»گە ئوخشاش III شەخس ئەرلىك بىرلىك ئېنىق ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ئاخىرىغا ئالدى سۇكۇن ئوقۇلغۇچى زەبەرلىك «ن» ئۇلانسا، ئۇ III شەخس ئاياللىق كۆپلۈك ئېنىق ئۆتكەن زامان پېئىلىغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

اَلْمُدَرِّسَاتُ خَرَجْنَ مِنَ الفَصْلِ
(ئايال ئوقۇتقۇچىلار سىنىپتىن چىقىپ كەتتى)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 8- مەزمۇن: «أُولٰئِكَ» توغرىسىدا

بۇ «ذٰلِكَ» بىلەن «تِلْكَ»نىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، ئەر-ئايالغا ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ. كۆپىنچە ئىسىملىق جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

أُوْلٰئِكَ أَصْدِقَائِيْ (ئاۋۇلار مېنىڭ دوستلىرىم)
أُوْلٰئِكَ مُهَنْدِسُوْنَ (ئاۋۇلار ئىنژېنېرلار)

**دېگەنگە ئوخشاش.**

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئون تۆتىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: «أَهْلاً وَسَهْلاً مَرْحَبًا» توغرىسىدا

مەنىسى: «خۇش كەپسىز، قارشى ئالىمەن ياكى قارشى ئالىمىز».

ئاتىلىشى: تاشلانغان پېئىلنىڭ تولدۇرغۇچىسى.

ئىشلىتىلىشى: باشقىلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

## 2- مەزمۇن: «أَنْتُمْ» توغرىسىدا

بۇ «أَنْتَ»نىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر.

ئاتىلىشى: II شەخس ئەرلىك كۆپلۈك مۇستەقىل كىشىلىك ئالمىشى.

ۋەزىپىسى: كۆپىنچە ئىسىملىق جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مَنْ أَنْتُمْ (سىلەر كىم)

أَأَنْتُمْ مُسْلِمُوْنَ (سىلەر مۇسۇلمانمۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: «نَحْنُ» توغرىسىدا

بۇ «أَنَا»نىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر.

ئاتىلىشى: I شەخس ئەر-ئايالغا ئورتاق كۆپلۈك مۇستەقىل كىشىلىك ئالمىشى.
بۇ يەنە ئىككىلىك سان ئۈچۈنمۇ ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ.
ۋەزىپىسى: كۆپىنچە ئىسىملىق جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

نَحْنُ بِالْجَامِعَةِ (بىز ئۇنىۋېرسىتېتتا)
نَحْنُ مِنْ إِنْكَلْتِرَا (بىز ئەنگلىيەدىن)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: «ذَهَبْتُمْ» ۋە «ذَهَبْنَا» توغرىسىدا

«ذَهَبَ»گە ئوخشاش III شەخس ئەرلىك بىرلىك ئېنىق ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ئاخىرىغا ئالدى سۈكۈن ئوقۇلغۇچى «تُمْ» ئۇلانسا، ئۇ II شەخس ئەرلىك كۆپلۈك ئېنىق ئۆتكەن زامان پېئىلىغا ئايلىنىدۇ؛ ئالدى سۈكۈن ئوقۇلغۇچى «نَا» ئۇلانسا، I شەخس ئەر-ئايالغا ئورتاق كۆپلۈك ئېنىق ئۆتكەن زامان پېئىلىغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

أَذَهَبْتُمْ إِلَى الْمُسْتَشْفَى لِزِيَارَةِ عَمِّكُمُ الْيَوْمَ ؟
(بۈگۈن تاغاڭلارنى يوقلاش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا باردىڭلارمۇ؟)
نَعَمْ، ذَهَبْنَا (شۇنداق، باردۇق).

دېگەنگە ئوخشاش

## 5- مەزمۇن: «أَيُّ» توغرىسىدا

مەنىسى: «قايسى؟».
ئاتىلىشى: سوراق ئالمىشى.

ئىشلىتىلىشى: ئۆزىدىن كېيىنكى ئىسىم بىلەن ئىزاپەتلىك سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلىپ ئۇنىڭدىكى ئېنىقسىزلىقنى سوراش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

أَيُّ يَوْمٍ هٰذَا (بۇ قايسى كۈن)
أَيُّ شَهْرٍ هٰذَا (بۇ قايسى ئاي)

دېگەنگە ئوخشاش.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

# ئون بەشىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: «أَنْتُنَّ» توغرىسىدا

بۇ «أَنْتِ»نىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر.
ئاتىلىشى: II شەخس ئاياللىق كۆپلۈك مۇستەقىل كىشىلىك ئالمىشى.
ۋەزىپىسى: كۆپىنچە ئىسىملىق جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مَنْ أَنْتُنَّ (سىلەر كىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: «قَبْلَ» ۋە «بَعْدَ» توغرىسىدا

«قَبْلَ» — «بۇرۇن»، «ئىلگىرى» دېگەن مەنىدە؛ «بَعْدَ» — «كېيىن» دېگەن مەنىدە.
ئاتىلىشى: ۋاقىت رەۋىشى.
ئىشلىتىلىشى: ئۆزىدىن كېيىنكى ئىسىم بىلەن ئىزاپەتلىك سۆز بىرىكمىسى هاسىل قىلىپ ۋاقىتتىكى تەرتىپنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

ذَهَبْتُ قَبْلَ أُسْبُوعٍ (ئۇ بىر ھەپتە ئىلگىرى كەتتى)
إِخْتِبَارُنَا بَعْدَ شَهْرٍ (بىزنىڭ ئىمتىھان بىر ئايدىن كېيىن)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: «مَتَى» توغرىسىدا

مەنىسى: «قاچان؟».
ئاتىلىشى: سوراق ئالمىشى.
ئىشلىتىلىشى: ۋاقىتنى سوراش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

مَتَى اخْتِبَارُكُنَّ		(ئىمتىھانىڭلار قاچان)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: «ذَهَبْتُنَّ» توغرىسىدا

«ذَهَبَ»گە ئوخشاش III شەخس ئەرلىك بىرلىك ئېنىق ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ئاخىرىغا ئالدى سۈكۈن ئوقۇلغۇچى «تُنَّ» ئۇلانسا، ئۇ II شەخس ئاياللىق كۆپلۈك ئېنىق ئۆتكەن زامان پېئىلىغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

أَذَهَبْتُنَّ إِلَى الْمَدْرَسَةِ الْيَوْمَ		(بۈگۈن مەكتەپكە باردىڭلارمۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

www.uyghurkitap.com

## ئۆگىنىپ ئۆتكەن زامان پېئىللىرىنىڭ تۈرلىنىش سخېمىسى

| | | III شەخس | II شەخس | I شەخس |
|---|---|---|---|---|
| ئەرلىك | بىرلىك | ذَهَبَ | ذَهَبْتَ | ذَهَبْتُ |
| | ئىككىلىك | ذَهَبَا | ذَهَبْتُمَا | ذَهَبْنَا |
| | كۆپلۈك | ذَهَبُوْا | ذَهَبْتُمْ | ذَهَبْنَا |
| ئاياللىق | بىرلىك | ذَهَبَتْ | ذَهَبْتِ | ذَهَبْتُ |
| | ئىككىلىك | ذَهَبَتَا | ذَهَبْتُمَا | ذَهَبْنَا |
| | كۆپلۈك | ذَهَبْنَ | ذَهَبْنَ | ذَهَبْنَا |

ئەسكەرتىش: ئىلگىرىكى دەرسلەردە پېئىلنىڭ ئىككىلىك شەكلى ئۆتمىگەن بولسىمۇ، بىز بۇ يەردە ئۇنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. دېمەك، ئەمدى ھەرقانداق پېئىل كەلسە، ئۇنىڭ ئۆتكەن زامان شىغلىرىنى مۇشۇ جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەندەك تۈرلەيمىز.

## ئۆگىنىپ ئۆتكەن مۇستەقىل كىشىلىك ئالماشلارنىڭ سخېمىسى

| | | III شەخس | II شەخس | I شەخس |
|---|---|---|---|---|
| ئەرلىك | بىرلىك | هُوَ | أَنْتَ | أَنَا |
| | ئىككىلىك | هُمَا | أَنْتُمَا | نَحْنُ |
| | كۆپلۈك | هُمْ | أَنْتُمْ | نَحْنُ |
| ئاياللىق | بىرلىك | هِيَ | أَنْتِ | أَنَا |
| | ئىككىلىك | هُمَا | أَنْتُمَا | نَحْنُ |
| | كۆپلۈك | هُنَّ | أَنْتُنَّ | نَحْنُ |

## ئۆگىنىپ ئۆتكەن ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلارنىڭ سىخېمىسى

| | | III شەخس | II شەخس | I شەخس |
|---|---|---|---|---|
| ئەرلىك | بىرلىك | ـهُ | ـكَ | ـيْ |
| | ئىككىلىك | ـهُمَا | ـكُمَا | ـنَا |
| | كۆپلۈك | ـهُمْ | ـكُمْ | ـنَا |
| ئاياللىق | بىرلىك | ـهَا | ـكِ | ـيْ |
| | ئىككىلىك | ـهُمَا | ـكُمَا | ـنَا |
| | كۆپلۈك | ـهُنَّ | ـكُنَّ | ـنَا |

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئون ئالتىنچى دەرس

## ئەقىلسىز نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكى توغرىسىدا

ئەقىلسىز نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنىڭ كۆپلۈكى خۇسۇسىيەت جەھەتتە ئاياللىق جىنس بىرلىك ساندىكى ئىسىملارغا ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئۇنى ئاياللىق جىنس بىرلىك ساندىكى ئىسىملار سۈپەتلەپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

هٰذِهِ كُتُبٌ جَدِيْدَةٌ (بۇ يېڭى كىتابلاردۇر)

دېگەنگە ئوخشاش.

شۇنىڭدەك، ئاياللىق جىنس بىرلىك ساندىكى ئىسىملارنى ئەقىلسىز نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنىڭ كۆپلۈكى ئىزاھلاپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

لِمَنْ هٰذِهِ الأَقْلامُ يَا مُحَمَّدُ (ئى مۇھەممەد! بۇ قەلەملەر كىمنىڭ)

دېگەنگە ئوخشاش.

يەنە شۇنىڭدەك، ئەقىلسىز نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنىڭ كۆپلۈكى ئىگە بولسا، خەۋەرنىڭ ئاياللىق بىرلىك ساندىكى ئىسىملاردىن كېلىشىمۇ توغرا. مەسىلەن:

اَلْكُتُبُ جَدِيْدَةٌ / جُدُدٌ (كىتابلار يېڭى)

ئىگە خەۋەر

دېگەنگە ئوخشاش.

# ئون يەتتىنچى دەرس

## ئىسىملىق جۈملە توغرىسىدا

ئىسىملىق جۈملە ئىگە ۋە خەۋەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار بىر-بىرىگە تۆۋەندىكىدەك ئىككى جەھەتتىن ماسلىشىپ كېلىدۇ.

1) سان (يەنى بىرلىك، ئىككىلىك ۋە كۆپلۈك) جەھەتتە ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

هٰؤُلاءِ رِجَالٌ          هٰذَا رَجُلٌ

أُوْلئِكَ طُلاَّبٌ          هٰذَا طَالِبٌ

2) جىنس (يەنى ئەرلىك ۋە ئاياللىق) جەھەتتە ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

أَنْتُمْ طُلاَّبٌ          أَنْتُنَّ طَالِبَاتٌ

دېگەنگە ئوخشاش.

ئەمما، ئەگە ئەقلسىز نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرىنىڭ كۆپلۈكى بولسا، خەۋەرنىڭ ئاياللىق جىنس بىرلىك ساندىكى ئىسىمدىن كېلىشىمۇ توغرا. مەسىلەن:

اَلْأَبْوَابُ مَفْتُوْحَةٌ          (دەرۋازىلار ئوچۇق)

دېگەنگە ئوخشاش.

**مۇھىم نۇقتا:** ئىسىملىق جۈملىنى تەرجىمە قىلغاندا ئاۋۋال ئىگىنى، ئاندىن خەۋەرنى تەرجىمە قىلىمىز.

# ئون سەككىزىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: «كَمْ» توغرىسىدا

مەنىسى: «قانچە؟»، «نەچچە؟».

ئاتىلىشى: سوراق ئالمىشى.

ئىشلىتىلىشى: مىقدار ۋە ساننى سوراش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ۋەزىپىسى: ئىسىملىق جۈملىدە ئىگە، پېئىللىق جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

كَمْ أَخًا لَكَ يَا مُحَمَّدُ (ئى مۇھەممەد! قانچە قېرىندىشىڭ بار)

كَمْ أُخْتًا لَكَ (سىنىڭ قانچە ھەمشىرەڭ بار)

كَمْ دَرْسًا حَفِظْتَ (قانچە دەرس يادلىدىڭ)

دېگەنگە ئوخشاش.

«كَمْ»نىڭ پەرقلەندۈرگۈچىسى: 1) ئېنىقسىز ھالەتتە كېلىدۇ؛ 2) بىرلىكساندا كېلىدۇ؛ 3) قوش زەبەرلىك ھالەتتە كېلىدۇ. مەسىلەن:

كَمْ أُخْتًا لَكَ

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 2- مەزمۇن: ئىككىلىك ساندىكى ئىسىم توغرىسىدا

بىرلىك ئىسىمنى ئىككىلىك ئىسىمغا ئايلاندۇرماقچى بولساق، ئاخىرى پىشلىك ئوقۇلىدىغان ھالەتتە، ئۇنىڭغا ئالدى زەبەر ئوقۇلغۇچى «ا» (ئەلف) بىلەن زىرلىك «ن» ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

لِيْ أُخْتَانِ (مېنىڭ ئىككى ھەمشىرەم بار)

فِي السَّنَةِ عِيْدَانِ (بىر يىلدا ئىككى ھېيت بار)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئاخىرى زەبەرلىك ياكى زىرلىك ئوقۇلىدىغان ھالەتتە ئالدى زەبەر ئوقۇلغۇچى «ي» بىلەن زىرلىك «ن» ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

رَأَيْتُ طَالِبَيْنِ (مەن ئىككى ئوقۇغۇچىنى كۆردىم)

هٰذَا الطَّعَامُ لِطَالِبَيْنِ (بۇ تاماق ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ)

دېگەنگە ئوخشاش.

# ئون توققۇزىنچى دەرس

## ئۈچتىن 10غىچە بولغان سانلار توغرىسىدا

ئۈچتىن 10غىچە بولغان سانلار سانالغۇچىسى بىلەن قارشى كېلىدىغان بولۇپ سان ئاياللىق جىنىستىن كەلسە ، سانالغۇچىسى ئەرلىك جىنس كۆپلۈك ساندىكى ئىسىملار دىن كېلىپ ئىزاپەتلىك سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭا، سانالغۇچى ئىسىم كۆپلۈك ھالەتتە زىرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

ثَلاثَةُ طُلاّبٍ (ئۈچ ئوغۇل ئوقۇغۇچى)
عَشَرَةُ طُلاّبٍ (ئون ئوغۇل ئوقۇغۇچى)
دېگەنگە ئوخشاش.

بۇنداق ئىزاپەتلىك سۆز بىرىكمىسى ئەرلىك جىنستىكى ئىزاپەتلىك سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

خَرَجَ ثَلاثَةُ طُلاّبٍ (13 ئوغۇل ئوقۇغۇچى چىقىپ كەتتى)
دېگەنگە ئوخشاش.

دېمەك، بۇ مىسالدا پېئىل (خَرَجَ) ئەرلىك شەكلىدە كەلگەن. چۈنكى، ئۇچتىن ئونغىچە بولغان سانلار بىلەن بولغان ئىزاپەتلىك بىرىكمىدە ئېنىقلىغۇچى بۆلەك ئاساس قىلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يىگىرمىنچى دەرس

بۇ دەرستىمۇ يەنە ئۈچتىن 10غىچە بولغان سانلار توغرىسىدا توختىلىمىز.

ئۈچتىن 10غىچە بولغان سانلار سانالغۇچىسى بىلەن قارشى كېلىدىغان بولۇپ سان ئەرلىك جىنستىن كەلسە ، سانالغۇچىسى ئاياللىق جىنس كۆپلۈك ساندىكى ئىسىملار دىن كېلىپ ئىزاپەتلىك سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭا، سانالغۇچى ئىسىم كۆپلۈك ھالەتتە زىرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

ثَلاثُ طَالِبَاتٍ (ئۈچ قىز ئوقۇغۇچى)

عَشَرُ طَالِبَاتٍ (ئون قىز ئوقۇغۇچى)

دېگەنگە ئوخشاش.

بۇنداق ئىزاپەتلىك سۆز بىرىكمىسى ئاياللىق جىنستىكى ئىزاپەتلىك سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ذَهَبَتْ عَشَرُ طَالِبَاتٍ (10 قىز ئوقۇغۇچى كەتتى)

دېگەنگە ئوخشاش. دېمەك، بۇ جۈملىدە «عَشَرُ» ئەرلىك ئىسىم بولسىمۇ، ئىزاپەتلىك بىرىكمىنىڭ ئېنىقلىغۇچى بۆلىكىنى ئېتىبارغا ئېلىپ تۇرۇپ پېئىل «ذَهَبَتْ» دەپ ئاياللىق شەكلىدە كەلگەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# يىگىرمە بىرىنچى دەرس

## «نُحِبُّ» توغرىسىدا

«نُحِبُّ» ـــ ئەر-ئايالغا ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان I شەخس كۆپلۈك ئېنىق كەلگۈسى زامان پېئىلى بولۇپ، پائىلى ئۆز ئاستىغا يوشۇرۇنغاندۇر. پەرەزىي (تەقدىرىي) ئىبارىتى: «نُحِبُّ نَحْنُ».

مەسىلەن:

نَحْنُ نُحِبُّهُ كَثِيْرًا (بىز ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمىز)

دېگەنگە ئوخشاش.

# يىگىرمە ئىككىنچى دەرس

## تۈرلىنىشتىن چەكلەنگەن ئىسىملار توغرىسىدا

تۈرلىنىشتىن چەكلەنگەن ئىسىملار تۆۋەندىكىچە:

1) ئاياللارنىڭ ئىسىملىرى. مەسىلەن: زَيْنَبُ، مَرْيَمُ، فَاطِمَةُ، عَائِشَةُ ... لارغا ئوخشاش.

2) خاس ئىسىملار. مەسىلەن: مَكَّةُ، جُدَّةُ ... لارغا ئوخشاش.

3) ئاخىرىغا ئاياللىق «ة»سى ئۇلانغان ئەرلەرنىڭ ئىسىملىرى. مەسىلەن: حَمْزَةُ، أُسَامَةُ، مُعَاوِيَةُ، طَلْحَةُ ... لارغا ئوخشاش.

4) ئاخىرىدا «ان» (ئەلىف نۇن) كەلگەن ئىسىملار. مەسىلەن: عُثْمَانُ، عَفَّانُ، سُفْيَانُ، مَرْوَانُ ... لارغا ئوخشاش.

5) «فَعْلانُ» ئۆلچىمىدىكى سۈپەتداش ئىسىملار. مەسىلەن: كَسْلانُ، جَوْعَانُ، عَطْشَانُ، شَبْعَانُ ... لارغا ئوخشاش.

6) «أَفْعَلُ» ئۆلچىمىدىكى ئىسىم ۋە رەڭنى ئۇقتۇرىدىغان سۈپەتلەر. مەسىلەن:

أَنْوَرُ (ئەنۋەر ـــ ئىسىم)؛ (بەك نۇرلۇق ـــ سۈپەت)

أَكْبَرُ (ئەكبەر ـــ ئىسىم)؛ (بەك چوڭ ـــ سۈپەت)

دېگەنگە ئوخشاش.

7) ئەرەب تىلىغا باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان ئىسىملار. مەسىلەن: بَاكِسْتَانُ، يُوْسُفُ، بَارِيْسُ (پارىژ) ... لارغا ئوخشاش.

8) «أَفْعِلاءُ»، «فُعَلاءُ»، «مَفَاعِلُ»، «مَفَاعِيْلُ» ئۆلچىمىدىكى كۆپلۈك ئىسىملار. مەسىلەن: أَصْدِقَاءُ، فُقَرَاءُ، مَدَارِسُ، مَفَاتِيْحُ ... لارغا ئوخشاش.

تۈرلەنمەيدىغان ئىسىملارنىڭ ئاخىرى تەنۋىن ۋە زىر ھەرىكىتىنى قوبۇل قىلمايدۇ، بەلكى تاق پەش ۋە تاق زەبەرلىكلا ئوقۇلىدۇ. شۇنداقلا، زىرلىك ئوقۇلىدىغان ئورۇندا زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

هٰذَا إِبْرَاهِيْمُ (بۇ ئىبراھىم)

هٰذَا الْكِتَابُ لِإِبْرَاهِيْمَ (بۇ كىتاب ئىبراھىمنىڭ)

أَنَا مِنْ بَاكِسْتَانَ (مەن پاكىستاندىن)

دېگەنگە ئوخشاش.

# يىگىرمە ئۈچىنچى دەرس

## «هَاتِ» توغرىسىدا

مەنىسى: «ئېلىپ كەل»، «كەلتۈر».
ئاتىلىشى: بۇيرۇق پېئىلنام (اِسْمُ الفِعْلِ).
ئىشلىتىلىشى: كىرەكلىك شەيئىنى ئېلىپ كېلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئەسكەرتىش: پېئىلنام (اسم الفعل) توغرىسىدا ئاللاھ خالىسا كېيىنكى دەرسلەردە تەپسىلىي توختىلىمىز.

(تَمَّتْ بِعَوْنِ اللهِ تَعَالَى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەي ئوغۇل! ئىلىم ئۆگەن، نادانلىق چەكسىز نومۇستۇر،
بۇ نومۇسنى كۆتۈرۈشكە پەقەت ئىشەكلا رازىدۇر.
بىلىم بىلەن نىجات تاپقىن، بىلىم ساڭا مەڭگۈلۈكتۇر،
بارچە ئىنسان ئۆلۈپ تۈگىسىمۇ ئىلىملىكلەر ئۆلمەستۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قَوَاعِدُ دُرُوْسُ اللُّغَةِ الْعَرَبِيَّةِ

(لِغَيْرِ النَّاطِقِيْنَ بِهَا)

(الجزء الثاني)

# ئەرەب تىلى دەرسلىكى گراماتىكا قائىدىلىرى

## 2- قىسىم

# أَيُّهَا الطُّلّابُ!

## لِمَاذَا نَدْرُسُ اللُّغَةَ الْعَرَبِيَّةَ؟

نَـدْرُسُ اللُّغَـةَ الْعَرَبِيَّـةَ لِـنَفْهَمَ الْقُـرْآنَ الْكَـرِيْمَ وَالْحَـدِيْثَ النَّبَوِيَّ الشَّرِيْفَ.

## ئەرەب تىلىنى نېمە ئۈچۈن ئۆگىنىمىز!

«قۇرئان كەرىم»نى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۆگىنىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بسم الله الرحمن الرحيم

# بىرىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: «إِنَّ» ۋە «لَعَلَّ» توغرىسىدا

بۇ ئىككىسى ھەرپ بولۇپ، «إِنَّ» — «جەزمەن»، «چوقۇم»، «شۈبھە-سىز»، «ھەقىقەتەن» دېگەن مەنىدە؛ «لَعَلَّ» — «ئېھتىمال»، «مۇمكىن»، «ئۈمىدلىك» دېگەن مەنىدە.

ئاتىلىشى: پېئىلغا ئوخشايدىغان قوشۇمچە (حرف مشبه بالفعل).

ۋەزىپىسى: ئىسىملىق جۈملىگە كىرىپ ئىگىنى «ئىسمىم» دەپ تۈرۈپ ئاخىرىنى زەبەر ئوقۇتىدۇ، خەۋەرنى «خەۋىرىم» دەپ تۈرۈپ ئاخىرىنى پېش ئوقۇتىدۇ ھەمدە جۈملە مەزمۇنىنى كۈچلەندۈرۈش رولىنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

إِنَّ سَاعَتَكَ جَمِيْلَةٌ (سائىتىڭ ھەقىقەتەن چىرايلىقكەن)

لَعَلَّكَ بِخَيْرٍ (ئېھتىمال سېنى ياخشىدۇ دەپ ئويلايمەن)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: تاللىما سوراق جۈملە توغرىسىدا

تاللىما سوراق جۈملە — جۈملىنىڭ بېشىغا سوراق قوشۇمچىسى ھەمزە

«أ» ئۇلانغاندىن باشقا، ئىككى خەۋەر ئوتتۇرىسىغا باغلاش قوشۇمچىسى «أَمْ» كەلگەن جۈملىدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

أَمِنْ بَاكِسْتَانَ أَنْتَ أَمْ مِنَ الْهِنْدِ يَا هَاشِمُ
(ئى هاشىم! سەن پاكىستاندىنمۇ ياكى ھىندىستاندىنمۇ)

أَقِطَارًا رَكِبْتَ أَمْ سَيَّارَةً (پويىزغا ئولتۇرامسەن ياكى ماشىنىغىمۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: ئالماش بىلەن باشلانغان جۈملە توغرىسىدا

ئالماشلار بىلەن باشلانغان ئىگە-خەۋەرلىك جۈملىنىڭ بېشىغا «إنَّ» ياكى شۇ تۈردىكى قوشۇمچىلار كىرگۈزۈلسە، مۇستەقىل كىشىلىك ئالماشلار ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلارغا ئالماشتۇرىلىدۇ. چۈنكى، مۇستەقىل كىشىلىك ئالماش بىرەر سۆزگە ئۇلىنالمايدۇ. مەسىلەن:

هُوَ تَاجِرٌ ← إِنَّهُ تَاجِرٌ    أَنْتَ بِخَيْرٍ ← لَعَلَّكَ بِخَيْرٍ

دېگەنگە ئوخشاش.

«إنَّ» ۋە شۇ تۈردىكى قوشۇمچىلارغا I شەخس ئۇلانما كىشىلىك ئالمىشى بولغان «ي» ئۇلانغاندا، بۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر ھەرىكەت ساقلاش «ن»ى قوشۇلىدۇ، قوشۇلماي كەلسىمۇ توغرا بولىدۇ. مەسىلەن:

إِنِّي مِنَ الْهِنْدِ — إِنَّنِي مِنَ الْهِنْدِ    لَعَلِّنِي بِخَيْرٍ — لَعَلِّي بِخَيْرٍ

دېگەنگە ئوخشاش.

«إنَّ»گە I شەخس ئۇلانما كىشىلىك ئالمىشى بولغان «نَا» ئۇلانسا، ئۇنىڭدىن بىر «ن»نىڭ تاشلىنىشى توغرا، تاشلانماسلىقىمۇ توغرا. مەسىلەن:

إِنَّنَا مُسْلِمُوْنَ — إِنَّا مُسْلِمُوْنَ

ئۇيغۇر كىتاپ تورى
www.uyghurkitap.com

## 4- مەزمۇن: «ذُوْ» توغرىسىدا

«ذُوْ» ھەردائىم ئۆزىدىن كېيىنكى ئىسىم بىلەن ئىزاپەتلىك سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلىپ كۆپىنچە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئىسىمنى سۈپەتلەپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

أَحْمَدُ طَالِبٌ ذُوْ عِلْمٍ وَخُلُقٍ (ئەھمەد ئىلىملىك ۋە ئەخلاقلىق ئوقۇغۇچى) دېگەنگە ئوخشاش.

بەزىدە جۈملىدىكى ئورنىغا ئاساسەن ئىگە، خەۋەر ۋە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مُدِيْرُنَا ذُوْ لِحْيَةٍ طَوِيْلَةٍ (بىزنىڭ مۇدىر ئۇزۇن ساقاللىق كىشى)

خەۋەر

## 5- مەزمۇن: 100 ۋە 1000 توغرىسىدا

100 بىلەن 1000 ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن سانالغۇچىسى بىلەن ئىزاپەتلىك سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلىدۇ ۋە سانالغۇچىسى مەيلى ئەرلىك جىنىستىكى ئىسىملاردىن بولسۇن، مەيلى ئاياللىق جىنىستىكى ئىسىملاردىن بولسۇن بىر خىل شەكىلدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

مِائَةُ رَجُلٍ (100 ئەر) مِائَةُ امْرَأَةٍ (100 ئايال)

أَلْفُ رَجُلٍ (1000 ئەر) أَلْفُ امْرَأَةٍ (1000 ئايال)

دېگەنگە ئوخشاش.

# ئىككىنچى دەرس

## «لَيْسَ» توغرىسىدا

مەنىسى: «ئەمەس»، «ياق».
ئاتىلىشى: تولۇقسىز پېئىل.
ئىشلىتىلىشى: بۇ تۈپ پېئىل (فعل جامد) بولۇپ، ئۇنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلى (سىغىسى) ۋە بۇيرۇق شەكلى ئىشلىتىلمەيدۇ. بەلكى، ئۆتكەن زاماندا 14 خىل تۈرلىنىدۇ. ئادەتتە جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى بولۇشسىز قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ( ليس , ليسا , ليسوا , ليست , ليستا , لسن , لستَ , لستما , لستم , لستِ , لستما , لستن , لستُ , لسنا ) .
ۋەزىپىسى: ئىسىملىق جۈملىگە كىرىپ ئىگىنى «ئىسمىم» دەپ تۈرۈپ ئاخىرىنى پىش ئوقۇتىدۇ، خەۋەرنى «خەۋىرىم» دەپ تۈرۈپ ئاخىرىنى زەبەر ئوقۇتىدۇ. كۆپىنچە ئۇنىڭ خەۋىرىگە ئاخىرىنى زىر قىلىش قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| حَامِدٌ طَالِبٌ | — | لَيْسَ حَامِدٌ بِطَالِبٍ |
| (هامىد ئوقۇغۇچى) | | (هامىد ئوقۇغۇچى ئەمەس) |

هِيَ لَيْسَتْ مِنَ الْعِرَاقِ (ئۇ ئىراقتىن ئەمەس)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى

# ئۈچىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: ئاشۇرما سۈپەتداش (اسْم التَفْضِيْل) توغرىسىدا

**ئاشۇرما سۈپەتداش** (اسْم التَفْضِيْل) ـــ ئىككى شەيئىنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇپ، بىرىنى يەنە بىرىدىن ئاشۇرۇپ تەسۋىرلىگەن سۈپەت مەنىسىدىكى ئىسىمنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇ «أَفْعَلُ» ئۆلچىمىدە ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

هَاشِمُ طَوِيْلٌ وَحَامِدٌ أَطْوَلُ مِنْهُ

(ھاشىم ئېگىز، ھامىد ئۇنىڭدىنمۇ ئېگىزرەك)

دېگەنگە ئوخشاش.

**ئاشۇرما سۈپەتداش** (اسْم التَفْضِيْل) نى ...قىلغۇچىراق ئەتكۈچىراق (ئەڭ ، راق ،) دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ .

(أفعل ) ئۆلچىمىدە كەلگەن **ئاشۇرما سۈپەتداش** (اسْم التَفْضِيْل)ئۈچ خىل ئىشلىتىلىدۇ .

1 ـ( أفعل من )، دەپ من بىلەن كەلسە (راق ، رەك ،) دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ .

2 ـئىزاپەتلىك بىرىكىپ كىلىدۇ ، (محمد أحسنهم خلقا ) مۇھەممەد ئەخلاقتا ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىراقى.. دىگەندەك تەرجىمە قىلىنىدۇ ،

3ـ ( الف لام ) لىق كىلىدۇ ( ئەڭ ،بەك..) دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ .

## 2- مەزمۇن: «لٰكِنَّ» ۋە «كَأَنَّ» توغرىسىدا

بۇ ئىككىسى ھەرپ بولۇپ، «لٰكِنَّ» ــ «بىراق»، «ئەمما»، «لېكىن» دېگەن مەنىدە؛ «كَأَنَّ» ــ «خۇددى»، «ئوخشاش»، «... دەك، ... تەك» دېگەن مەنىدە.

ئاتىلىشى: پېئىلغا ئوخشايدىغان قوشۇمچە.

ۋەزىپىسى: ئىسىملىق جۈملىگە كىرىپ ئىگىنى «ئىسىمىم» دەپ تۈرۈپ ئاخىرىنى زەبەر ئوقۇتىدۇ، خەۋەرنى «خەۋىرىم» دەپ تۈرۈپ پىش ئوقۇتىدۇ. مەسىلەن:

لٰكِنَّ حَامِدًا أَطْوَلُ مِنْهُ (لېكىن ھامىد ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك)

كَأَنَّهُ أَخُوْكَ (ئۇ سېنىڭ قېرىندىشىڭغا ئوخشايدۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: 11دىن 19غىچە بولغان سانلار توغرىسىدا

11دىن 19غىچە بولغان سانلار قاتقان ئىسىملار قاتارىدىن بولۇپ، 11 ۋە 12 سانالغۇچىسى بىلەن جىنس (ئەرلىك-ئاياللىق) جەھەتتە بىر-بىرىگە ماسلىشىپ كېلىدۇ. شۇنىڭدەك، 21، 22، 31، 32 ... 91، 92 لارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. مەسىلەن:

أَحَدَ عَشَرَ طَالِبًا (11 ئوغۇل ئوقۇغۇچى)

إِحْدَى عَشْرَةَ طَالِبَةً (11 قىز ئوقۇغۇچى)

دېگەنگە ئوخشاش.

13تىن 19غىچە بولغان سانلارنىڭ بىرلەر خانىسى سانالغۇچى بىلەن جىنس جەھەتتە قارىمۇقارشى كېلىدۇ، ئونلەر خانىسى ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ثَلاثَةَ عَشَرَ طَالِبًا (13 ئوغۇل ئوقۇغۇچى)

ثَلاثَ عَشْرَةَ طَالِبَةً (13 قىز ئوقۇغۇچى)

دېگەنگە ئوخشاش.

شۇنىڭدەك، 11دىن 99غىچە بولغان بارلىق سانلارنىڭ سانالغۇچىسى بىرلىك ساندىكى ئېنىقسىز ئىسىملاردىن كېلىپ قوش زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

تِسْعَةٌ وَتِسْعُوْنَ طَالِبًا — أَحَدَ عَشَرَ طَالِبًا

دېگەنگە ئوخشاش.

يۇقىرىدا سۆزلەنگىنى ساناق سانلار توغرىسىدىكى قائىدىلەر بولۇپ، ئەمدى دەرىجە سان توغرىسىدا توختىلىمىز.

دەرىجە سانلار (يەنى «ىنچى» سانلار) «فَاعِلٌ» ئۆلچىمىدە ياسىلىدۇ. بىردىن 10غىچە بولغان دەرىجە سانلار سانالغۇچىسى بىلەن دائىم ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

اَلدَّرْسُ الأَوَّلُ (بىرىنچى دەرس) اَلدَّرْسُ الْعَاشِرُ (ئونىنچى دەرس)

اَلْمَهْجَعُ الْخَامِسُ (بەشىنچى ياتاق)

# تۆتىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: «أَنَّ» توغرىسىدا

مەنىسى: «جەزمەن»، «چوقۇم»، «ھەقىقەتەن»، «شۈبھىسىزكى».
ئاتىلىشى: پېئىلغا ئوخشايدىغان قوشۇمچە.
ۋەزىپىسى: ئىسىملىق جۈملىگە كىرىپ ئىگىنى «ئىسىمىم» دەپ تۈرۈپ ئاخىرىنى زەبەر ئوقۇتىدۇ، خەۋەرنى «خەۋىرىم» دەپ تۈرۈپ پېش ئوقۇتىدۇ ھەمدە بۇ ئىككىسىنىڭ ھۆكۈمىنى بىرلىك ئىسىمنىڭ ھۆكۈمىگە ئايلاندۇرىدۇ. مەسىلەن:

رَجَعْتُ لأَنَّنِيْ مَرِيْضٌ

(مەن ئاغرىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن قايتىپ كەلدىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: «نَعَمْ» ۋە «بَلَى»نىڭ ئىشلىتىلىشى توغرىسىدا

بولۇشلۇق سوراق جۈملىگە بولۇشلۇق ھالەتتە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن «نَعَمْ» ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

أَذَهَبْتَ إِلَى الْمَدْرَسَةِ أَمْس ؟ — نَعَمْ، ذَهَبْتُ.

(تۈنۈگۈن مەكتەپكە باردىڭمۇ) — (ھەئە، باردىم)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

بولۇشسىز سوراق جۈملىگە بولۇشلۇق جاۋاب بەرگەندە «بَلَى» ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

أَمَا ذَهَبْتَ إِلَى الْمَدْرَسَةِ أَمْسِ؟ بَلَى، ذَهَبْتُ.
(تۈنۈگۈن مەكتەپكە بارمىدىڭمۇ) (ياقەي، باردىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

# بەشنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: ئۆتۈملۈك پېئىل ۋە ئۆتۈمسز پېئىل توغرىسدا

ئۆتۈملۈك پېئىل ـــ پائىلدىن ئۆتۈپ تولدۇرغۇچى (مفعول بـه) تەلەپ قىلىدىغان پېئىلدىن ئىبارەت. مەسلەن:

حَفِظْتُ سُوْرَةَ التِّيْنِ (مەن سۈرە تىننى يادلىدىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۆتۈمسز پېئىل ـــ پائىل بىلەنلا تونۇق مەنە ئوقتۇرىدىغان پېئىلدىن ئىبارەت. مەسلەن:

خَرَجَ الطُّلاَّبُ الْجُدُدُ (يېڭى ئوقۇغۇچىلار چىقتى)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: ئىسىملىق جۈملە ۋە پېئىللىق جۈملە توغرىسدا

ئىسىملىق جۈملە ـــ ئىسىم بىلەن باشلانغان جۈملە بولۇپ، ئىگە (مبتدأ) ۋە خەۋەر (خبر)دىن تەركىب تاپىدۇ.

بۇنىڭدا ئىگىنىڭ خەۋىرى ئۈچ خىل بولىدۇ، ئۇلار:

1) ئىسىملىق جۈملە بولىدۇ. خۇددى ئىلگىرىكى دەرسلەردە ئۆگىنىپ ئۆتكىنىمىزدەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەسلەن:

حَمْزَةُ مَا لُغَتُهُ (ھەمزە، ئۇنىڭ تىلى نېمە)

ئىسىملىق جۈملە

2) پېئىللىق جۈملە بولىدۇ. مەسلەن:

أَنَا فَتَحْتُهُ (مەن ئۇنى ئاچتىم)

پېئىللىق جۈملە

3) ئالدى قوشۇمچىلىق تولۇقسىز سۆز بىرىكمىسى ۋە رەۋىش بولىدۇ. مەسلەن:

هِيَ تَحْتَ الْمَكْتَبِ (ئۇ جوزىنىڭ ئاستىدا)

أَنَا مِنَ الصِّيْنِ (مەن جۇڭگودىن)

(ئەسكەرتىش: ئەگەر خەۋەر ئىسىملىق جۈملە ياكى پېئىللىق جۈملە بولسا، چوقۇم ئۇنىڭدا ئىگىگە قايتىدىغان ئالماش بولۇشى كېرەك).

پېئىللىق جۈملە ـــ پېئىل بىلەن باشلانغان جۈملىدىن ئىبارەت.

ئۇ ئادەتتە پېئىل، پائىل (پېئىل ئىگىسى) ۋە تولدۇرغۇچىدىن تەركىب تاپىدۇ. مەسلەن:

حَفِظْتُ سُوْرَةَ التِّيْنِ

پېئىل پائىل تولدۇرغۇچى

پېئىل ـــ ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمىدىن ئىبارەت.

پئىل ئىگىسى ( الفاعل ) ـــ ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىغۇچىسىنىڭ ئىسمىدىن ئىبارەت. پ پئىل ئىگىسى ( الفاعل ) دائىم پەش ئۇقۇلىدۇ. ئۇ ئاشكارە پەش ئوقۇلمىسا ئورۇن جەھەتتىن پەش ئوقىلىدۇ.

تولدۇرغۇچى (مَفْعُولٌ بِهِ) ـــ جۇملە مەزمۇننى تولۇقلاپ كېلىدىغان ئىش-ھەرىكەت ئوبيېكتىنىڭ ئىسمىدىن ئىبارەت. تولدۇرغۇچى (مَفْعُولٌ بِهِ)دائىم زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ . ئۇ ئاشكارە زەبەرلىك ئوقۇلمىسا ئورۇن جەھەتتىن زەبەرلىك ئوقىلىدۇ.

تولدۇرغۇچىنى تەرجىمە قىلغاندا «... نى» قوشۇمچىسىنى قوشۇپ تەرجىمە قىلىمىز. مەسىلەن:

حَفِظَ حَامِدٌ الدَّرْسَ (ھامىد دەرسنى يادلىدى)

تولدۇرغۇچى

## 3- مەزمۇن: پائىل توغرىسىدا

1) پېئىل ئىگىسى ( الفاعل ) ئاشكارا ئىسىم بولسا، پېئىل دائىم بىرلىك ساندا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ذَهَبَ الطَّالِبُ إِلَى الْمَلْعَبِ (ئوقۇغۇچى مەيدانغا كەتتى)

ذَهَبَ الطَّالِبَانِ إِلَى الْمَلْعَبِ (ئىككى ئوقۇغۇچى مەيدانغا كەتتى)

ذَهَبَ الطُّلاّبُ إِلَى الْمَلْعَبِ (ئوقۇغۇچىلار مەيدانغا كەتتى)

2) پېئىل ئىگىسى ( الفاعل ) يوشۇرۇن ئىسىم (يەنى ئالماش) بولسا، پېئىل پېئىل ئىگىسى ( الفاعل )بىلەن ماس ساندا (بىرلىككە بىرلىك، ئىككىلىككە ئىككىلىك، كۆپلۈككە كۆپلۈك) كېلىدۇ. مەسىلەن:

الطَّالِبُ ذَهَبَ إِلَى الْمَلْعَبِ

الطَّالِبَانِ ذَهَبَا إِلَى الْمَلْعَبِ

الطُّلاّبُ ذَهَبُوْ إِلَى الْمَلْعَبِ

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئالتىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: بولۇشلۇق جۈملە ۋە بولۇشسىز جۈملىگە جاۋاب بېرىش توغرىسىدا

بولۇشلۇق سوراق جۈملىگە بولۇشلۇق جاۋاب بەرمەكچى بولساق «نَعَمْ» ئىشلىتىلىدۇ؛ بولۇشسىز جاۋاب بەرمەكچى بولساق «لا» ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

أَفَهِمْتَ الدَّرْسَ يَا عَلِيُّ ؟ (ئى ئەلى! دەرسنى چۈشەندىڭمۇ؟)
نَعَمْ، فَهِمْتُ الدَّرْسَ (ھەئە، مەن دەرسنى چۈشەندىم).
لا، مَا فَهِمْتُ الدَّرْسَ (ياق، مەن دەرسنى چۈشىنەلمىدىم).

ئەگەر بولۇشسىز سوراق جۈملىگە بولۇشلۇق جاۋاب بەرمەكچى بولساق «بَلَى» ئىشلىتىلىدۇ؛ بولۇشسىز جاۋاب بەرمەكچى بولساق «نَعَمْ» ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

أَمَا فَهِمْتَ الدَّرْسَ يَا عَلِيُّ ؟ (ئى ئەلى! دەرسنى چۈشەنمىدىڭمۇ؟)
بَلَى، فَهِمْتُ الدَّرْسَ (ياقەي، مەن دەرسنى چۈشەندىم).
نَعَمْ، مَا فَهِمْتُ الدَّرْسَ (شۇنداق، مەن دەرسنى چۈشەنمىدىم).

دىققەت قىلىڭ! «نَعَمْ» نىڭ مەنىسىگە ...

## 2- مەزمۇن: «لِمَ» ۋە «لِمَهْ» توغرىسىدا

«لِمَ» بىلەن «لِمَاذَا» مەنە جەھەتتە ئوخشاش: «نېمە ئۈچۈن».

ئىشلىتىلىشى: ئىش-ھەرىكەتنى سەۋەبى بىلەن قوشۇپ سوراش ئۈچۈن «لِمَ» ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

لِمَ خَرَجْتَ مِنَ الْفَصْلِ (نېمە ئۈچۈن سىنىپتىن چىقتىڭ)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئىش-ھەرىكەت بۇرۇن سورىلىپ سەۋەبى كېيىن سورالسا «لِمَهْ» ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

أَخَرَجْتَ مِنَ الْفَصْلِ ؟ (سىنىپتىن چىقتىڭمۇ؟)
نَعَم . (شۇنداق.)
لِمَهْ ؟ (نېمە ئۈچۈن؟)

دېگەنگە ئوخشاش.

«لِمَهْ»نىڭ ئەسلىسى «لِمَ» بولۇپ، ئۇنىڭغا توختىغاندا قوشۇلىدىغان «ه» (هَاءُ السَّكْتِ) قوشۇلغان.

## 3- مەزمۇن: ئاخىرىغا «ة» ئۇلانمىغان ئىسىملار توغرىسىدا

ئاخىرىغا «ة» ئۇلانمىغان ئىسىملار زەبەرلىك ئوقۇلسا، ئاخىرىغا «ا» (ئەلف) قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

كِتَابٌ كِتَابٍ كِتَابًا حَامِدٌ حَامِدٍ حَامِدًا

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇنىڭدەك، ئاخىرىغا «ة» ئۇلانغان ئىسىملار زەبەرلىك ئوقۇلسا، ئاخىرىغا «ا» قوشۇلمايدۇ. مەسىلەن:

سَيَّارَةٌ سَيَّارَةٍ سَيَّارَةً ساعَةٌ ساعَةً ساعَةٍ

دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: «هَاتِ» توغرىسىدا

بۇ بۇيرۇق پېئىلنام بولۇپ، «ئېلىپ كەل»، «كەلتۈر» دېگەن مەنىدە. بۇ پېئىلنام خۇددى بۇيرۇق پېئىل تۈرلەنگەندەك تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

هَاتِ الْمَاءَ يَا أَحْمَدُ (ئى ئەھمەد! سۇ كەلتۈر)

هَاتُوْا دَفَاتِرَكُمْ يَا إِخْوَانُ (ئى قېرىنداشلار! دەپتىرىڭلارنى چىقىرىڭلار)

هَاتُوْا دَفَاتِرَكُمْ يَا طُلَّابُ (ئى ساۋاقداشلار! دەپتىرىڭلارنى چىقىرىڭلار)

هَاتِيْ الشَّايَ يَا لَيْلَى (ئى لەيلا! چاي كەلتۈرۈڭ)

هَاتِيْ الْخُبْزَ يَا سُعَادُ (ئى سۇئاد! نان كەلتۈرۈڭ)

هَاتِيْنَ الأطْعمةَ يَا نِساءُ (ئى ئاياللار! تاماقلارنى كەلتۈرۈڭلار)

دېگەنگە ئوخشاش.

# يەتتىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: «كَانَ» توغرىسىدا

مەنىسى: «بولدى»، «ئىكەن»، «ئىدى».
ئاتىلىشى: تولۇقسىز پېئىل.
ۋەزىپىسى: ئىسىملىق جۈملىگە كىرىپ ئىگىنى «ئىسمىم» دەپ تۇرۇپ ئاخىرىنى پەش ئوقۇتىدۇ، خەۋەرنى «خەۋىرىم» دەپ تۇرۇپ زەبەر ئوقۇتىدۇ. مەسىلەن:

مُحَمَّدٌ جَالِسٌ ـــ كَانَ مُحَمَّدٌ جَالِسًا
(مۇھەممەد ئولتۇردى) (مۇھەممەد ئولتۇرغان ئىدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: ئاخىرى سۈكۈنلۈق «م» بولغان سۆزلەر توغرىسىدا

بۇنداق سۆزلەرگە «الـ»لىق ئىسىملارنى ئۇلاپ ئوقۇماقچى بولساق، «م»غا پەش ھەرىكەت بېرىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

أَقَرَأْتُمْ اَلْقُرْآنَ ⟵ أَقَرَأْتُمُ الْقُرْآنَ (قۇرئان ئوقۇدۇڭلارمۇ)
أَرَأَيْتُمْ اَلْمُدَرِّسَ ⟵ أَرَأَيْتُمُ الْمُدَرِّسَ (ئوقۇتقۇچىنى كۆردۈڭلارمۇ)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: سۇكۇنلۇق «و» قوشۇش توغرىسىدا

II شەخس ئەرلىك كۆپلۈك ئۆتكەن زامان پېئىلىغا III شەخس ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلىرى ئۇلانسا، پېئىل بىلەن ئالماشنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئالدى پىش ئوقۇلغۇچى سۇكۇنلۇق «و»نى قوشىمىز. مەسىلەن:

أَرَأَيْتُمُوْهُ (ئۇنى كۆردۈڭلارمۇ) أَرَأَيْتُمُوْهُمْ (ئۇلارنى كۆردۈڭلارمۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: ئۈچتىن 10غىچە بولغان سانلارنى ئاددىي كەسىر تەرىقىسىدە پارچە سانغا ئايلاندۇرۇش توغرىسىدا

ئۈچتىن 10غىچە بولغان سانلار «فُعْلٌ» ۋە «فُعُلٌ» ۋەزنىدە ئاددىي كەسىر تەرىقىسىدىكى پارچە سانغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. مەسىلەن:

ثُلْثٌ ياكى ثُلُثٌ (3/1) رُبْعٌ ياكى رُبُعٌ (4/1)

خُمْسٌ ياكى خُمُسٌ (5/1) سُدْسٌ ياكى سُدُسٌ (6/1)

دېگەنگە ئوخشاش.

# سەككىزىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: پېئىل توغرىسىدا

پېئىل ئىش-ھەرىكەتنىڭ مەلۇم زاماندا بولغانلىقىنى، ياكى بولۇۋاتقانلىقى، ياكى بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇ زامان ئېتىبارى بىلەن ئۆتكەن زامان پېئىلى (فعل ماض)، كەلگۈسى زامان پېئىلى (فعل مضارع) ۋە بۇيرۇق پېئىل (فعل أمر) دەپ ئۈچكە بۆلىنىدۇ:

ذَهَبَ    يَذْهَبُ    إِذْهِبْ

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۆتكەن زامان پېئىلى — ئىش-ھەرىكەتنىڭ نۆۋەتتىكى ۋاقىتتىن بۇرۇن يۈز بەرگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدىغان پېئىلدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

ذَهَبَ حَامِدٌ (ھامىد كەتتى)    ذَهَبَتْ آمِنَةُ (ئامىنە كەتتى)

دېگەنگە ئوخشاش.

كەلگۈسى زامان پېئىلى — ئىش-ھەرىكەتنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ياكى بۇنىڭدىن كېيىن بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدىغان پېئىلدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

يَذْهَبُ حَامِدٌ (ھامىد بارىدۇ)
تَذْهَبُ آمِنَةُ (ئامىنە بارىدۇ)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بۇيرۇق پېئىل ـــ مەلۇم ئىش-ھەرىكەت توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى ئىپادىلەيدىغان پېئىلدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

إِذْهَبْ يَا هَاشِمُ (ئى ھاشىم! كەت)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۆتكەن زامان پېئىلدىكى پېئىل ئىگىسى تۆۋەندىكىچە:

ذهب : ئۈچۈنجى شەخس ئەرلىك بىرلىك ( هو ) دىگەن يوشۇرۇن ئالماش ئۇنىڭ پائىلى .

ذهبا : ئۈچۈنجى شەخس ئەرلىك ئىككىلىك (ا) پائىلى .

ذهبوا : ئۈچۈنجى شەخس ئەرلىك كۆپلۈك ( و ) پائىلى .

ذهبت : ئۈچۈنجى شەخس ئاياللىق بىرلىك ( هي ) دىگەن يوشۇرۇن ئالماش ئۇنىڭ پائىلى .

ذهبتا : ئۈچۈنجى شەخس ئاياللىق ئىككىلىك (ا) پائىلى .

ذهبن : ئۈچۈنجى شەخس ئاياللىق كۆپلۈك ( ن ) پائىلى .

ذهبتَ :ئىككىنجى شەخس ئەرلىك بىرلىك ( تَ ) پائىلى .

ذهبتما :ئىككىنجى شەخس ئەرلىك ئىككىلىك (ا) پائىلى .

ذهبتم : ئىككىنجى شەخس ئەرلىك كۆپلۈك ( تُ ) پائىلى ( م ) كۆپلۈكنىڭ بەلگىسى .

ذهبتِ : ئىككىنجى شەخس ئاياللىق بىرلىك ( تِ ) پائىلى .

ذهبتما : ئىككىنجى شەخس ئاياللىق ئىككىلىك( ا ) پائىلى .

ذهبتن : ئىككىنجى شەخس ئاياللىق كۆپلۈك ( تُ ) پائىلى ، ( ن ) ئاياللىق كۆپلۈكنىڭ بەلگىسى .

ذهبتُ : بىرىنجى شەخس بىرلىك ( تُ ) پائىلى .

ذهبنا : بىرىنجى شەخس كۆپلۈك ( نا ) پائىلى .

## 2- مەزمۇن: باش كېلىشنىڭ ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلىرى توغرىسىدا

«ذَهَبْتُ»، «ذَهَبْتَ»، «ذَهَبْتِ»، «ذَهَبْتُمْ»، «ذَهَبْتُنَّ» ... لاردىكى ـــ «ت»، «ذَهَبُوْا»دىكى ـــ «و»، «ذَهَبْنَ»دىكى ـــ «ن» ۋە «ذَهَبْنَا»دىكى ـــ «نَا» قاتارلىقلار باش كېلىشنىڭ ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلىرى بولۇپ، بۇلار ئاساسلىقى پېئىللارغا ئۇلىنىپ كېلىپ شۇ پېئىلنىڭ پائىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# توققۇزىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: «اَلَّذِيْنَ» توغرىسىدا

بۇ «اَلَذَيْ»نىڭ كۆپلۈكىدۇر.

ئاتىلىشى: ئەقىللىقلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەرلىك كۆپلۈك نىسبىي ئالمىشى.

بۇنىڭ تولۇقلىغۇچىسىمۇ كۆپلۈك كېلىدۇ. مەسىلەن:

أَيْنَ الطُّلاَّبُ الْجُدُدُ الَّذِيْنَ جَاءُوْا أَمْسِ

(تۈنۈگۈن كەلگەن يېڭى ئوقۇغۇچىلار قەيەردە)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: ئەجەبلەندۈرۈش پېئىلى (فعل التَّعَجُّب) توغرىسىدا

ئەجەبلەندۈرۈش پېئىلى ـــ شەيئىلەردىكى سۈپەتنىڭ كاتتىلىقىنى ياكى ئۇنىڭدىن ھەيران قېلىشنى ئىپادىلەيدىغان پېئىلدىن ئىبارەت.

بۇ پېئىلنىڭ ئىككى خىل ئۆلچىمى بولۇپ، ئۇلار:

1) «أَفْعِلْ بِهِ» ئۆلچىمىدە ياسىلىدۇ (بۇنىڭ تەپسىلاتى 3- قىسىمدا سۆزلىنىدۇ).

2) «مَا أَفْعَلَهُ» ئۆلچىمىدە ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

مَا أَسْهَلَ هٰذَا الدَّرْسَ (بۇ دەرس نىمدىگەن ئاسان)
ئىگە خەۋەر

مَا أَطْوَلَ هٰذَا الرَّجُلَ (بۇ كىشى نىمدىگەن ئىگىز-ھە)
ئىگە خەۋەر

## 3- مەزمۇن: «مَعْنًى» توغرىسىدا

بۇ ئاخىرىدا «ى» شەكىللىك ئەلىف بولغان ئىسىم بولۇپ، ئۇنىڭغا III شەخس ئۇلانما كىشىلىك ئالمىشى ئۇلانسا، ئاخىرىدىكى «ى» شەكىللىك ئەلىف ئاشكارا ئەلىف (ا)كە يۆتكىلىدۇ. مەسىلەن:

مَعْنًى ـــ مَعْنَاهَا ـــ مَعْنَاهُ

دىگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: «الـ»لىق ئىسىمنىڭ بېشىغا «أ»نى قوشۇش توغرىسىدا

«الـ» (ئەلىف لام)لىق ئىسىمنىڭ بېشىغا سوراق قوشۇمچىسى بولغان «أ» كېلىپ قالسا، «ا» بىلەن «أ» بىرىكتۈرۈلۈپ سوزۇلما خاراكتېرلىك «آ»كە ئۆزگەرتىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

أَ + اَلْبِحَارُ جَمْعُ الْبَحْرِ ⟵ آلْبِحَارُ جَمْعُ الْبَحْرِ

(«اَلْبِحَارُ» دىگەن ئىسىم «اَلْبَحْرُ»نىڭ كۆپلۈكىمۇ)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## 5- مەزمۇن: ھەرىكەت ساقلاش «ن» توغرىسىدا

پېئىلنىڭ ئاخىرىغا I شەخس ئۇلانما كىشىلىك ئالمىشى بولغان «ي» ئۇلانسا، بۇلارنىڭ ئارىسىغا ھەرىكەت ساقلاش «ن»ى دەپ ئاتىلىدىغان بىر «ن» قوشۇلىدۇ. بۇ «ن» پېئىلنى زىر ئوقۇلۇشتىن ساقلاپ قالىدۇ. مەسىلەن:

خَلَقَنِيَ اللّٰهُ (ئاللاھ مېنى ياراتتى)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 6- مەزمۇن: «مَا» توغرىسىدا

سوراق ئالمىشى بولغان «مَا»نىڭ بېشىغا ئاخىرىنى زىر قىلغۇچى قوشۇمچە كىرگۈزۈلسە، ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى «ا» چۈشۈپ كېتىدۇ.

مِمَّ عَمَّ بِمَ

مِمَّ خَلَقَ اللّٰهُ الْإِنْسَانَ (ئاللاھ ئىنساننى نېمىدىن ياراتتى)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 7- مەزمۇن: ئىزاپەتلىك بىرىككەن ئىسىملار توغرىسىدا

ئەگەر ئىزاپەتلىك بىرىككەن ئىسىمنىڭ ئالدىغا چاقىرىش قوشۇمچىسى «يا» كىرگۈزۈلسە، ئۇنىڭ بىرىنچى بۆلىكى زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

يَا عَبْدَ اللّٰهِ (ئى ئابدۇللاھ) يَا عَبْدَ الرَّحْمٰنِ (ئى ئابدۇرەھمان)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 8- مەزمۇن: ساغلام ئاياللىق كۆپلۈك (جَمْعُ مُؤَنَّثٍ سَالِمٍ) توغرىسىدا

ئەگەر بىر ئىسىمنى ساغلام ئاياللىق كۆپلۈك تەرىقىسىدە كۆپلۈككە ئايلاندۇرماقچى بولساق، ئۇنىڭ ئاخىرىغا «ات» قوشۇلىدۇ. ئەگەر بۇنداق كۆپلۈككە ئايلاندۇرۇلماقچى بولغان ئىسىمنىڭ ئاخىرىدا «ة» بولغان بولسا، ئۇ بۇ جەرياندا چۈشۈپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

خَلَقَ اللّٰهُ سَبْعَ سَمَوَاتٍ (ئاللاھ يەتتە قات ئاسماننى ياراتتى)

طَالِبَةٌ ← طَالِبَاتٌ مُدَرِّسَةٌ ← مُدَرِّسَاتٌ

دېگەنگە ئوخشاش.

ساغلام ئاياللىق كۆپلۈك ئىسىملار زىرلىك ۋە پەشلىك ئوقۇلىدىغان ئورۇندا ئۆز ھالىتىدە ئوقۇلىدۇ، ئەمما زەبەرلىك ئوقۇلىدىغان ئورۇندا زىرلىك ئوقۇلىدۇ، ھەرگىز زەبەرلىك ئوقۇلمايدۇ. مەسىلەن:

جَاءَتِ الطَّالِبَاتُ (قىز ئوقۇغۇچىلار كەلدى)

رَأَيْتُ الطَّالِبَاتِ (مەن قىز ئوقۇغۇچىلارنى كۆردىم)

هٰذِهِ الأَقْلَامُ لِلطَّالِبَاتِ (بۇ قەلەم قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئونىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: «دائمًا» ۋە «أَحْيَانًا» توغرىسىدا

«دَائِمًا» ـــ «دائىم»، «ھەمىشە» دېگەن مەنىدە؛ «أَحْيَانًا» ـــ «بەزىدە» دېگەن مەنىدە.

ئاتىلىشى: ۋاقىت رەۋىشى.

ئىشلىتىلىشى: ۋاقىتنى ئۇقتۇرۇش ئۇچۇن كېلىپ دائىم چۇشۇم كېلىشتە (يەنى قوش زەبەرلىك ھالەتتە) ئوقۇلىدۇ ۋە شۇ خىل ھالەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

مەسىلەن:

يَذْهَبُ دَائِمًا إِلَى السُّوْق (ئۇ دائىم بازارغا بارىدۇ)

يَرْجِعُ فِي السَّاعَةِ السَّامِنَةِ وَأَحْيَانًا فِي السَّاعَةِ السَّابِعَةِ

(ئۇ بەزىدە سائەت سەككىزدە، بەزىدە سائەت يەتتىدە قايتىدۇ)

## 2- مەزمۇن: «مَرَّةً أُخْرَى» توغرىسىدا

مەنىسى: «يەنە بىر قېتىم».

ئاتىلىشى: مەنبەداش تولدۇرغۇچى (مَفْعُوْلُ مُطْلَق).

مەسىلەن:

أَيَذْهَبُ إِلَى السُّوْق مَرَّةً أُخْرَى بَعْدَ الظُّهْر

(ئۇ پېشىندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم بازارغا بارامدۇ)

## 3- مەزمۇن: «إِلَّا» توغرىسىدا

مەنىسى: «لېكىن»، «بىراق».
ئاتىلىشى: ئىستىسنا (إستثناء) قوشۇمچىسى.
ئىشلىتىلىشى: كېيىنكى ھۆكۈمنى ئالدىدىكى ھۆكۈمدىن ئايرىۋېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
ئۇنىڭ ئالدىدىكى سۆز ئىستىسنا قىلىنىلغۇچى (مستثنى منه)، كېيىنكىسى ئىستىسنا قىلىنغۇچى (مستثنى) دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

اَلسَّاعَةُ الْآنَ التَّاسِعَةُ إِلَّا رُبْعًا
(ھازىر سائەت توققۇزغا 15 مىنۇت قالدى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارىقى
www.uyghurkitap.com

# ئون بىرىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: «أَمَّا» توغرىسىدا

مەنىسى: «ئەمما».
ئاتىلىشى: شەرت قوشۇمچىسى.
ۋەزىپىسى: ئىسىملىق جۈملىگە كىرىدۇ، «ئەگەر» شەرتنىڭ رولىنى ئۆتەيدۇ، خەۋەر شەرتنىڭ جاۋابى بولىدۇ. جاۋابىقا «فـ» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كېلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭغا مەنا ئېيتىلمايدۇ. مەسىلەن:

أَمَّا أَنَا فَأَسْكُنُ مَعَ قَرِيْبٌ لِيْ (ئەمما مەن بىر يېقىنىم بىلەن تۇرىمەن) دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: «س» ۋە «سَوْفَ» توغرىسىدا

«س» (سىين) ــــ يېقىن كەلگۈسى زامانىنى، «سَوْفَ» ــــ يىراق كەلگۈسى زامانىنى ئۇقتۇرىدۇ.

كەلگۈسى زامان پېئىلى هازىرقى زامان ۋە كەلگۈسى زامانغا ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ.

ئەگەر ئۇنىڭ ئالدىغا «س» ياكى «سوف» كىرگۈزۈلسە، پەقەت كەلـگۈسى زامانىنىلا ئۇقتۇرىدۇ، هازىرقى زامانىنى ئۇقتۇرمايدۇ. مەسىلەن:

سَأَنْزِلُ فِي الْمَحَطَّةِ الْقَادِمَةِ (مەن ئالدىمىزدىكى بېكەتتە چۈشىمەن)
دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: « لَا » ۋە «مَا» توغرىسىدا

«مَا» ـــ ئۆتكەن زاماننى بولۇشسىز قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ.
«لَا» ـــ كەلگۈسى زاماننى بولۇشسىز قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ.
مەسىلەن:

مَا كَتَبَ أَحْمَدُ الدَّرْسَ (ئەھمەد دەرسنى يازمىدى)
لَا يَكْتُبُ أَحْمَدُ الدَّرْسَ (ئەھمەد دەرسنى يازمايدۇ)
دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: مەسدەر توغرىسىدا

مەسدەر ـــ تۈپ سۆز بولۇپ، ئەرەب تىلىدىكى پېئىللار شۇنىڭدىن تۈرلىنىپ چىقىدۇ.
مەسدەر ئىش-ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدا زامان ئۇقۇمى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسىنىڭ ئاخىرىدا «... ماق»، «... مەك» قوشۇمچىلىرى بولىدۇ. مەسىلەن:

اَلصَّعُوْدُ عَلَى الْجَبَلِ صَعْبٌ وَالنُّزُوْلُ مِنْهُ سَهْلٌ
(تاغقا چىقماق قىيىن، چۈشمەك ئاسان)

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئون ئىككىنچى دەرس

## «إِنَّ»نىڭ ھەمزىسى توغرىسىدا

1) «إِنّ»نىڭ ھەمزىسى جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسە زىرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

إِنَّ الْقُرْآنَ كِتَابُ اللهِ (شۈبھىسىزكى، قۇرئان ئاللاھنىڭ كىتابىدۇر) دېگەنگە ئوخشاش.

2) «قال» ۋە ئۇنىڭدىن تۈرلىنىپ چىققان پېئىللاردىن كېيىن كەلسە زىرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

قَالَ الطَّالِبُ إِنِّيْ مُجْتَهِدٌ (ئوقۇغۇچى: «مەن تىرىشچان» دېدى) دېگەنگە ئوخشاش.

3) باشقا پېئىلدىن كېيىن كەلسە زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

أَظُنُّ أَنَّهُ طَالِبٌ جَدِيْدٌ (مەن ئۇنى يېڭى ئوقۇغۇچى دەپ ئويلايمەن) دېگەنگە ئوخشاش.

بىر هەپتىدىكى كۈنلەرنىڭ ناملىرى:

( يوم الأحد ) يەكشەنبە .
(يوم الإثنين ) دۈشەنبە .
(يوم الثلثاء ) سەيشەنبە .
(يوم الأربعاء) چارشەنبە .
(يوم الخميس ) پەيشەنبە .
(يوم الجمعة ) جۈمە .
(يوم السبت ) شەنبە كۈنى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئون ئۈچىنچى دەرس

## پېئىللارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە

1. III شەخس ئەرلىك بىرلىك ۋە ئاياللىق بىرلىك پېئىللىرىدا مەيلى ئۆتكەن زامان پېئىلى بولسۇن ياكى كەلگۈسى زامان بولسۇن پېئىلى بولسۇن، پائىل (پېئىل ئىگىسى) ئاشكارا ئىسىم ياكى يوشۇرۇن ئالماش بولىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| ذَهَبَ حَامِدٌ | حَامِدٌ ذَهَبَ | (هامىد كەتتى) |
| ذَهَبَتْ زَيْنَبُ | زَيْنَبُ ذَهَبَتْ | (زەينەب كەتتى) |
| يَذْهَبُ حَامِدٌ | حَامِدٌ يَذْهَبُ | (هامىد بارىدۇ) |
| تَذْهَبُ زَيْنَبُ | زَيْنَبُ تَذْهَبُ | (زەينەب بارىدۇ) |

دېگەنگە ئوخشاش.

2. II شەخس ئەرلىك بىرلىك بۇيرۇق پېئىلى ۋە كەلگۈسى زامان پېئىلىدا ھەمدە I شەخس بىرلىك ھەم كۆپلۈك پېئىلىدا پېئىل ئىگىسىنىڭ يوشۇرۇن كېلىشى زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن:

اِذْهَبْ تَذْهَبُ أَذْهَبُ نَذْهَبُ

دېگەنگە ئوخشاش.

3. يَذْهَبُونَ، يَذْهَبْنَ، تَذْهَبُونَ، تَذْهَبِينَ، تَذْهَبْنَ قاتارلىق پېئىللاردا ئاستى سىزىلغان ئاشكارا ئالماشلار پائىل بولىدۇ.

كېلىدىغان زامان پېئىلىنىڭ تۈرلىنىش ئەھۋالى

(يذهب ) ـــكلىدىغان زامان پېئىلى (فعل مضارع) ئۈچۈنجى شەخس ئەرلىك بىرلىك يۈشۈرۈن ئالماش ( هو ) ئۈنىڭ پائىلى .

(يذهبان) ـــكلىدىغان زامان پېئىلى (فعل مضارع) ئۈچۈنجى شەخس ئەرلىك ئىككىلىك ( ا ) ئۈنىڭ پائىلى .

(يذهبون) ـــكلىدىغان زامان پېئىلى (فعل مضارع) ئۈچۈنجى شەخس ئەرلىك كۆپلۈك ( و ) ئۈنىڭ پائىلى .

(تذهب ) ـــكلىدىغان زامان پېئىلى (فعل مضارع) ئۈچۈنجى شەخس ئاياللىق بىرلىك يۈشۈرۈن ئالماش (هي ) ئۈنىڭ پائىلى .

(تذهبان ) ـــكلىدىغان زامان پېئىلى (فعل مضارع) ئۈچۈنجى شەخس ئاياللىق ئىككىلىك ( ا )ئۈنىڭ پائىلى.

(يذهبن ) ـــكلىدىغان زامان پېئىلى (فعل مضارع) ئۈچۈنجى شەخس ئاياللىق كۆپلۈك ( ن)ئۈنىڭ پائىلى .

(تذهب ) ـــكلىدىغان زامان پېئىلى (فعل مضارع) ئىككىنجى شەخس ئەرلىك بىرلىك يۈشۈرۈن ئالماش (أنتَ)ئۈنىڭ پائىلى .

(تذهبان ) ـــكلىدىغان زامان پېئىلى (فعل مضارع) ئىككىنجى شەخس ئەرلىك ئىككىلىك (ا)ئۈنىڭ پائىلى .

(تذهبون ) ـــكلىدىغان زامان پېئىلى (فعل مضارع) ئىككىنجى شەخس ئەرلىك كۆپلۈك (و)ئۈنىڭ پائىلى .

(تذهبين ) ـــكلىدىغان زامان پېئىلى (فعل مضارع) ئىككىنجى شەخس ئاياللىق بىرلىك (ي)ئۈنىڭ پائىلى .

(تذهبان ) ـــكلىدىغان زامان پېئىلى (فعل مضارع) ئىككىنجى شەخس ئاياللىق ئىككىلىك (ا) ئۈنىڭ پائىلى .

(تذهبن ) ـــكـلـدىغان زامان پىئلى (فعل مضارع) ئىككىنجى شەخس ئاياللىق كۆپلۈك (ن)ئۇنىڭ پائىلى .

( أذهب ) ـــكـلـدىغان زامان پىئلى (فعل مضارع) بىرىنجى شەخس بىرلىك ئەر-ئاياللغا ئورتاق،يۇشۇرۇن ئالماش (أنا )ئۇنىڭ پائىلى .

( نذهب ) ـــكـلـدىغان زامان پىئلى (فعل مضارع) بىرىنجى شەخس كۆپلۈك ئەر-ئاياللغا ئورتاق،يۇشۇرۇن ئالماش (نحن)ئۇنىڭ پائىلى .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ئون تۆتىنچى دەرس

## بۇيرۇق پېئىل ياساش توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە

ئەرەب تىلىدىكى كېسەل ھەرپلەر (ھەرىكەت كۆتۈرەلمەيدىغان ھەرپلەر) «و»، «ا» ۋە «ي»دىن ئىبارەت ئۈچتۇر.

بۇيرۇق پېئىل كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ II شەخستىكى ئالتە پېئىلدىن ياسىلىدىغان بولۇپ، ياساش قائىدىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. پېئىلنىڭ ئاخىرىدىكى ھەرپكە قارايمىز. ئۇ ھەرپ ساغلام ھەرپ بولسا، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى ئېلىپ تاشلاپ سۇكۇنلۇق قىلىمىز؛ ئەگەر كېسەل ھەرپ بولسا ئۇنى تاشلايمىز؛ ئەگەر ئاخىرقى ھەرپ ساغلام بولسىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ كېسەل ھەرپ بولسا، ئىككى سۇكۇن بىر كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن بۇ كېسەل ھەرپمۇ چۈشۈپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

تَكْتُبُ ← تَكْتُبْ تَجْلِسُ ← تَجْلِسْ تَذْهَبُ ← تَذْهَبْ

دېگەنگە ئوخشاش.

2. ئىككىنچى قەدەمدە كەلگۈسى زامان قوشۇمچىسىنى ئېلىپ تاشلايمىز ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ھەرپكە قارايمىز. ئەگەر ئۇ ھەرپ ھەرىكەتلىك بولسا بۇيرۇق پېئىل ياساش تامام بولىدۇ (تَقِفُ ← قِفْ بولغانغا ئوخشاش)؛ ئەگەر سۇكۇنلۇق بولسا پېئىلنىڭ «عين»غا (يەنى پېئىلنىڭ ئۆلچىمى

uyghurkitap.com

ھېسابلىنىدىغان «فَعَلَ»دىكى «ع»نىڭ ئۇدۇلىدىكى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىگە) قارايمىز، ئۇ پەشلىق بولسا پېئىلنىڭ بېشىغا پەش ئوقۇلغۇچى ئۇلانما ھەمزىنى كەلتۈرىمىز؛ ئەگەر «عين»ى زەبەرلىك ياكى زىرلىق بولسا زىر ئوقۇلغۇچى ئۇلانما ھەمزىنى كەلتۈرىمىز. مەسىلەن:

تَكْتُبْ ← كْتُبْ ← اُكْتُبْ (ياز)

تَجْلِسْ ← جْلِسْ ← اِجْلِسْ (ئولتۇر)

تَذْهَبْ ← ذْهَبْ ← اِذْهَبْ (بارغىن)

دېگەنگە ئوخشاش.

3. ئەگەر كەلگۈسى زامان قوشۇمچىسىدىن كېيىنكى ھەرپ «أ» بولۇپ قالسا، كەلگۈسى زامان قوشۇمچىسى تاشلانغاندىن كېيىن بۇ «أ»مۇ يەڭگىللىك ئۈچۈن تاشلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

تَأْكُلُ ← تَأْكُلْ ← كُلْ (يېگىن)

تَأْخُذُ ← تَأْخُذْ ← خُذْ (ئال)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئىزاھات: بۇ دەرستە ساغلام پېئىل (يەنى تەركىبىدە كېسەل ھەرپ بولمىغان پېئىل)دىن بۇيرۇق پېئىل (ئەمرى) ياساش ئۇسۇلىنىلا چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇق. ئەمدى تەركىبىدە كېسەل ھەرپ بولغان پېئىللاردىن بۇيرۇق پېئىل ياساش قائىدىسىنى ئاللاھ خالىسا كېيىنكى دەرسلەردە تەپسىلىي سۆزلەيمىز.

# ئون بەشنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: «كَادَ» توغرىسىدا

بـۇ مەلـۇم ئـىش-ھەرىكەتنىـڭ يـۈز بېرىشـىگە يـېقىن قالغـانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىل بولۇپ، «ئاز قالدى»، «تاس قالدى» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئاتىلىشى: تولۇقسىز پېئىل.

ۋەزىپىسـى: ئىسـىملىق جـۈملىگە كىرىـپ ئىسمىسـىنىڭ ئـاخىرىنى پـېش ئوقۇتىدۇ، خەۋىرىنىـڭ ئـاخىرىنى زەبەر ئوقۇتىدۇ. ئۇنىـڭ خەۋىـرى كەلگۈسى زامانغا ئائىت پېئىللىق جۈملە بولىدۇ. مەسىلەن:

يَكَادُ الْجَرَسُ يَرِنُّ   (قوڭغۇراق چېلىناي دەپ قالدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: «لا النَّافِية» ۋە «لا النَّاهِيَّة» توغرىسىدا

«لا النَّافِيـة» (بولۇشسىز قىلىش «لا»سى) كەلگۈسى زامـان پېئىلىنىـڭ ئالدىغا كىرىپ مەزمۇننى بولۇشسىز قىلىدۇ. ئىئراب جەھەتتە ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. مەسىلەن:

لِمَ لا تَأْكُلُ يا أَخِي   (ئى قېرىندىشىم! نېمە ئۈچۈن يېمەيسەن)

دېگەنگە ئوخشاش.

«لا النَّاهِيَّة» (چەكلەش «لا»سى) كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ئالدىغا كىرىپ مەزمۇن جەھەتتە شۇ ئىش-ھەرىكەتنى قىلىشتىن توسۇشنى ئىپادىلەيدۇ، ئىئراب جەھەتتىن پېئىلنىڭ ئاخىرىنى سۇكۇن ئوقۇتىدۇ. مەسىلەن:

لا تَأْكُلْ هٰذَا يَا أَخِيْ (ئى قېرىندىشىم! بۇنى يېمە)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: «مَا» ۋە «لا»توغرىسىدا

«مَا» ئۆتكەن زامان پېئىلىغا خاس بولۇپ، كۆپىنچە ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۇنى بولۇشسىز قىلىدۇ. ئەگەر كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ئالدىغا كىرىپ قالسا ئۇنى ھازىرقى زامانغا خاس قىلىدۇ. مەسىلەن:

أَنَا مَا أَشْرَبُ الْقَهْوَةَ الْآنَ (مەن ھازىر قەھۋە ئىچمەيمەن)

دېگەنگە ئوخشاش.

«لا» بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى بولۇپ، كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۇنى مەزمۇن جەھەتتىن بولۇشسىز قىلىدۇ. مەسىلەن:

أَنَا لا أَشْرَبُ الْقَهْوَةَ (مەن قەھۋە ئىچمەيمەن)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: «إِنَّ» ۋە شۇ تۈردىكى قوشۇمچىلار توغرىسىدا

«إِنَّ» ۋە شۇ تۈردىكى قوشۇمچىلارنىڭ ئارقىسىغا «مَا» ئۇلانسا، بۇلارنىڭ ئىسمىسىنى زەبەر، خەۋىرىنى پېش ئوقۇتۇش رولى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇ

چاغدا ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگىنى ئىگە ۋە خەۋەر بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ «إنّمَا»غا ئايلىنىدۇ ۋە ئىسىملىق ۋە پېئىللىق جۈملىگە كىرىپ پەقەتلا جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى كۈچلەندۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

إِنَّمَا أَنْظُرُ إِلَى الصُّوَرِ الَّتِيْ فِيْهَا

(مەن پەقەت ئۇنىڭدىكى سۈرەتلەرگە قاراۋاتىمەن)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئون ئالتىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: «عُمَرُ» بىلەن «عَمْرٌو»نىڭ پەرقى توغرىسىدا

«عُمَرُ» بولسا «فُعَلُ» ئۆلچىمىدە كەلگەن ئىسىم بولۇپ، تولۇق تۈرلەنمەيدۇ، ئاخىرى تەنۋىننى قوبۇل قىلمايدۇ، زىرنىڭ ئورنىدا زەبەر ئوقۇلىدۇ.

شۇنداقلا، مۇشۇ ئۆلچەمدە كەلگەن باشقا ئىسىملارمۇ تولۇق تۈرلەنمەيدۇ. مەسىلەن: عُمَرُ، زُفَرُ، هُبَلُ، زُحَلُ ... لارغا ئوخشاش.

«عَمْــرٌو» بولســا تولــۇق تۈرلىنىــدىغان ۋە ئــاخىرى تەنــۋىننى قوبــۇل قىلىدىغان خاس ئىسىمدۇر. ئۇنىڭ ئاخىرىنى زەبەر، پىش ۋە زىرلىك ئۈچلى هالەتتە ئوقۇغىلى بولىدۇ. زەبەرلىك ئوقۇلغاندا ئاخىرىدىكى «و» ئەلىف (ا)كە يۆتكىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| أَيْنَ عَمْرٌو | (ئەمرى قەيەردە) |
| رَأَيْتُ عَمْرًا | (مەن ئەمرىنى كۆردىم) |
| هذَا كِتَابُ عَمْرٍو | (بۇ ئەمرىنىڭ كىتابى) |

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: «ذُوْ» توغرىسىدا

«ذُوْ» باش كېلىشتىكى شەكلى بولۇپ، چۈشۈم كېلىش شەكلى «ذَا»، ئىگىلىك كېلىش شەكلى «ذِيْ»دۇر. ئۇ ئۆزىدىن كېيىنكى ئىسىم بىلەن

ئىزاپەتلىك سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ئىسمىنىڭ سۈپىتى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

عِنْدِيْ دَفْتَرٌ ذُو وَرَقٍ مُسَطَّرٍ (يېنىمدا سىزىقلىق دەپتەر بار)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: نىسبىي ئالماش بولغان «مَا» توغرىسىدا

بۇ ئەقىلسىزلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نىسبىي ئالماش بولۇپ، مەنە ۋە ۋەزىپە جەھەتتە «الَّذِيْ» بىلەن ئوخشىشىدۇ. بىرلىك، ئىككىلىك، كۆپلۈك، ئەرلىك ۋە ئاياللىق ھەممىسىگە ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

آكُلُ مَا تَأْكُلُ (مەن سەن يېگەن نەرسىنى يەيمەن)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: «مَا»نىڭ تۈرلىرى توغرىسىدا

«مَا» ئۈچ خىلدۇر: 1) بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى بولغان «مَا». بۇ جۈملىنىڭ بېشىغا كىرىپ مەزمۇننى بولۇشسىز قىلىدۇ. مەسىلەن:

مَا عِنْدِيْ كِتَابٌ (مېنىڭ كىتابىم يوق)     مَا أَدْرِيْ (ئۇقمايۋاتىمەن)

دېگەنگە ئوخشاش.

2) سوراق ئالمىشى بولغان «مَا». بۇ جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ سوراقنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن:

مَا هٰذَا ؟     مَا تَكْتُبُ ؟

دېگەنگە ئوخشاش.

3) نسبىي ئالماش بولغان «مَا». بۇ «الَّذِيْ» بىلەن ئوخشاش مەنىدە ۋە ۋەزىپىدە ئىشلىتىلىدۇ.

## 5- مەزمۇن: «غَيْرُ» توغرىسىدا

«غَيْرُ»غا ئوخشاش ئىسىملار ئىنىق ئىسىم بىلەن ئىزاپەتلىك بىرىكمە ھاسىل قىلىسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئېنىقسىز ئىسىم بولىدۇ.

مەنىسى: «ئەمەس»، «باشقا».

ئىشلىتىلىشى: دائىم ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن ئىسىم بىلەن ئىزاپەتلىك بىرىكمە ھاسىل قىلىدۇ ھەمدە جۈملىدىكى ئورنىغا ئاساسەن سۈپەت، ئىگە ۋە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

هٰذَا الْوَرَقُ غَيْرُ مُسَطَّرٍ (بۇ ۋاراق سىزىقسىزدۇر)
خەۋەر

عِنْدِي دَفْتَرٌ غَيْرُ مُسَطَّرٍ (يېنىمدا سىزىقى يوق دەپتەر بار)
سۈپەت

## 6- رەڭنى ئۇقتۇرىدىغان ئىسىملار توغرىسىدا

ئەرەپ تىلىدىكى رەڭلەرنى ئۇقتۇرىدىغان ئىسىملارنىڭ ئەرلىك شەكلى (أفعل)ئۆلچىمىدە كېلىدۇ ، (أبيض ,أحمر،أصفر)دىگەنگە ئوخشاش . ئاياللىقى (فعلاء)ئۆلچىمىدە كېلىدۇ ،(حمراء ، صفراء ،سوداء )دىگەنگە ئوخشاش .

# ئون يەتتىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: «أَنْ» ۋە «لِ»توغرىسدا

بـۇ قوشـۇمچىلار كېلـدىغان زامـان پېئىلىنـىڭ بېشـىغا كىرىـپ ئۇنـىڭ ئـاخىرىنى زەبەر ئوقۇتـىدۇ ھەمـدە كەلگۈسـى زامـان پېئىلىنـى ياسـالما مەسدەرگە ئايلاندۇرىدۇ. مەسىلەن:

خَرَجْتُ لأَشْرَبَ الْمَاءَ (مەن سۇ ئىچىش ئۈچۈن چىقتىم)

نُرِيْدُ أَنْ نَذْهَبَ إِلَى بِلاَدِنَا (بىز شەھەرلىرىمىزگە قايتىشنى خالايمىز)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: «يُمْكِنُ» توغرىسدا

«أَمْكَنَ يُمْكِنُ» كۆپىنچە ياسالما مەسدەر ئۇنىڭ پائىلى بولۇپ كېلىدۇ. بەزىدە ئاشكارا مەسدەرمۇ ئۇنىڭ پائىلى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

يُمْكِنُ أَنْ تَجْلِسَ هُنَا (بۇ يەردە ئولتۇرۇشقا ئىمكانىيىتىڭ بار)

يُمْكِنُكَ الْخُرُجُ مِنَ الْفَصْلِ الآنَ

(ھازىر سىنىپتىن چىقىشقا ئىمكانىيىتىڭ بار)

دېگەنگە ئوخشاش.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور ئادرېسى

## 3- مەزمۇن: زىر قىلىش قوشۇمچىسى بولغان «مُنْذُ» توغرىسىدا

مەنىسى: «... دىن باشلاپ»، «... دىن بېرى».
ئاتىلىشى: ئاخىرىنى زىر قىلىش قوشۇمچىسى.
ۋەزىپىسى: ئىسمىنىڭ بېشىغا كىرىپ ئۇنى زىر ئوقۇتىدۇ ھەمدە مەزمۇن جەھەتتىن مەقسەتنىڭ باشلانغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن:

مَا رَأَيْتُ مُحَمَّدًا مُنْذُ يَوْمِ الْجُمُعَةِ
(مەن مۇھەممەدنى جۈمە كۈندىن باشلاپ كۆرمىدىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: «يَرَى» توغرىسىدا

بۇنىڭ ئەسلىسى «يَـرْأَيُ» بولۇپ، يەڭگىللىك ئۈچۈن ئۇنىڭ بىر ھەمزىسى تاشلانغان.

ئۇنىڭ شەكىللىرى: يَرَى تَرَى نَرَى أَرَى

## 5- مەزمۇن: «أَرْجُوْ» توغرىسىدا

بۇ I شەخس بىرلىك ئېنىق كەلگۈسى زامان پېئىلى بولۇپ، ئۈمىدنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

أَرْجُوْ أَنْ تَسْمَحَ لَنَا بِالدُّخُوْلِ
(بىزگە كىرىشكە رۇخسەت بېرىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن)

دېگەنگە ئوخشاش.

## بر يلدىكى توّت پەسلنىڭ ئىسملرى

(فصل الربيع ) ئەتيياز.

(فصل الصيف) ياز .

(فصل الخريف) كۈز .

(فصل الشتاء ) قش .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

# ئون سەككىزىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ئاخىرىنىڭ زەبەر ئوقۇلۇش ئەھۋالى توغرىسىدا

كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ بېشىغا ئاخىرىنى زەبەر ئوقۇتقۇچى قوشۇمچىلار كىرسە، بىرلىك پېئىللار ۋە I شەخس كۆپلۈك پېئىللىرىنىڭ ئاخىرى ئاشكارا زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

هُوَ يُرِيْدُ أَنْ يَذْهَبَ (ئۇ بىر ئىشنى ئىرادە قىلىدۇ)
هِيَ تُرِيْدُ أَنْ تَذْهَبَ (ئۇ ئايال بېرىشنى خالايدۇ)
نَحْنُ نُرِيْدُ أَنْ نَذْهَبَ (بىز بېرىشنى خالايمىز)
أَنَا أُرِيْدُ أَنْ أَذْهَبَ (مەن بېرىشنى خالايمەن)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئەرلىك كۆپلۈك ۋە II شەخس ئاياللىق بىرلىك پېئىللىرى زەبەرلىك ئوقۇلغاندا ئاخىرىدىكى «ن» چۈشۈپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

هُمْ يَذْهَبُوْنَ — هُمْ يُرِيْدُوْنَ أَنْ يَذْهَبُوْا
أَنْتُمْ تَذْهَبُوْنَ — أَنْتُمْ تُرِيْدُوْنَ أَنْ تَذْهَبُوْا
أَنْتِ تَذْهَبِيْنَ — أَنْتِ تُرِيْدِيْنَ أَنْ تَذْهَبِيْ

دېگەنگە ئوخشاش.

ئاياللىق كۆپلۈك پېئىللىرى قاتقان پېئىل بولۇپ، بۇ پېئىللار ئاشكارا زەبەر ئوقۇلمايدۇ، بەلكى ئورۇن جەھەتتىن زەبەر ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

هُنَّ يُرِدْنَ أَنْ يَذْهَبْنَ (ئۇ ئاياللار بېرىشنى خالايدۇ)
أَنْتُنَّ تُرِدْنَ أَنْ تَذْهَبْنَ (سىلەر بېرىشنى خالايسىلەر)
دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: «أَلَّا» توغرىسىدا

بۇ ئەسلىدە مەسدەر قوشۇمچىسى «أَنْ» بىلەن ئىنكار قوشۇمچىسى «لا»دىن تەركىب تاپقان بولۇپ، «ن» بىلەن «ل»نىڭ مەخرەجى يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن «ن» بىلەن «ل» بىرىكىپ «أَلّا» بولغان. ئالدىغا «أَلّا» كىرگەن پېئىل بولۇشسىز بولىدۇ ھەم ئىئراب جەھەتتىن زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

أَرْجُوْ أَلّا تَدْخُلَ (كىرمەسلىكىڭنى ئۈمىد قىلىمەن)
أَرْجُوْ أَلّا تَجْلِسَا هُنَا (بۇ يەردە ئولتۇرماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلىمەن)
دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: «كَ» توغرىسىدا

مەنىسى: «... دەك»، «... تەك»، «گويا»، «ئوخشاش».
ئاتىلىشى: ئاخىرىنى زىر قىلىش قوشۇمچىسى.
ۋەزىپىسى: ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن ئىسىمنىڭ ئاخىرىنى زىر ئوقۇتۇش. مەسىلەن:

هَذِهِ الْمَدْرَسَةُ كَالْمَسْجِدِ (بۇ مەكتەپ مەسجىدكە ئوخشايدۇ)
مُحَمَّدٌ كَأَسَدٍ (مۇھەممەد يولۋاسقا ئوخشايدۇ)
دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە تورى
www.uyghurkitap.com

# ئون توققۇزىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: پېئىللارنى بولۇشسىز قىلىش قوشۇمچىلىرى توغرىسىدا

بۇ خىل قوشۇمچىلاردىن بۇ دەرستە سۆزلەنگىنى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار:

1) «مَا» ـــ ئۆتكەن زامان پېئىلىنى بولۇشسىز قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئىئراب جەھەتتىن پېئىلغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. مەسىلەن:

مَا ذَهَبْتُ إِلَى السُّوْقِ (مەن بازارغا بارمىدىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

2) «لا» ـــ كېلىدىغان زامان پېئىلىنى بولۇشسىز قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ. ئىئراب جەھەتتىن ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. مەسىلەن:

لا أَذْهَبُ كُلَّ يَوْمٍ إِلَى السُّوْقِ (مەن بازارغا ھەركۈنى بارمايمەن)

دېگەنگە ئوخشاش.

3) «لَنْ» كېلىدىغان زامان پېئىلىنى بولۇشسىز قىلىدۇ ھەم بۇ بولۇشسىزلىقنى كۈچەيتىپ كېلىدۇ. ئىئراب جەھەتتىن كېلىدىغان زامان پېئىلىنى زەبەر ئوقۇتىدۇ. مەسىلەن:

لَنْ أَذْهَبَ إِلَى السُّوْقِ غَدًا (مەن ئەتە بازارغا ھەرگىز بارمايمەن)

دېگەنگە ئوخشاش.

# يىگىرمىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: «أَحَدُهُمَا ... وَالْآخَرُ» توغرىسىدا

ئىككى نەرسە سۆزلىنىپ ئۇنىڭ ھەربىرىنى تەپسىلىي ئايرىم-ئايرىم چۈشەندۈرمەكچى بولغاندا «أَحَدُهُمَا ... وَالآخَرُ»نى قوللىنىمىز، ئاياللىقى «إِحْدَاهُمَا وَالأُخْرَى» دەپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

لِيْ أَخَوَانِ أَحَدُهُمَا طَبِيْبٌ وَالآخَرُ مُهَنْدِسٌ

(مېنىڭ ئىككى قېرىندىشىم بار، بىرى دوختۇر، يەنە بىرى ئىنژېنېر)

لِيْ أُخْتَانِ إِحْدَاهُمَا مُدَرِّسَةٌ وَالأُخْرَى مُمَرِّضَةٌ

(مېنىڭ ئىككى ھەمشىرەم بار، بىرى ئوقۇتقۇچى، يەنە بىرى سېستىرا)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: ئىككىلىك ئىسىملار توغرىسىدا

بۇ توغرىدىكى قائىدىلەرنى كىتابىمىزنىڭ 1- قىسىم 18- دەرسىدە بىر قېتىم ئۆتكەن. بۇ دەرستىكى مەزمۇنمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ (شۇ يەرگە مۇراجىئەت قىلىنسۇن).

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە بىرىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: «لَمْ» ۋە «لَمَّا»توغرىسىدا

«لَمْ» ـــ كېلىدىغان زامان پېئىلنىڭ ئاخىرىنى جەزىملىك (سۇكۇنلۇق) ئوقۇتىدۇ. مەزمۇن جەھەتتە پېئىلنىڭ مەنىسىنى ئۆتكەن زامانغا يۆتكەپ بولۇشسىز قىلىدۇ. مەسىلەن:

يَذْهَبُ ← لَمْ يَذْهَبْ = مَا ذَهَبَ (ئۇ بارمىدى)

(يەنى، «لَمْ يَذْهَبْ» بىلەن «مَا ذَهَبَ» ئىككىلىسىنىڭ مەنىسى بىر: ئۇ بارمىدى).

«لَمَّا» ـــ كېلىدىغان زامان پېئىلنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۇنى جەزىم ئوقۇتىدۇ. مەزمۇن جەھەتتىن ئۇنىڭ مەنىسىنى ئۆتكەن زامانغا يۆتكەپ بولۇشسىز قىلىدۇ ھەم بولۇشسىزلىقنى كۈچەيتىدۇ. تەرجىمىدە پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان بولۇشسىز مەنىسىگە «تېخى»، «ھەرگىز» دېگەن مەنىلەر قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

لَمَّا أَكْتُبْ هٰذِهِ الرِّسَالَةَ (مەن بۇ خەتنى تېخى يازمىدىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

«لَمَّا»دىن كېيىن كەلگەن بولۇشسىز پېئىلنى تاشلىۋېتىپ «لَمَّا»نىلا ئىشلىتىش توغرا، لېكىن «لَمْ»نىلا ئىشلىتىش توغرا ئەمەس، مەسىلەن:

أَرَجَعَ أَبُوْكَ ؟ (داداڭ قايتتىمۇ؟)
لَمَّا . (ياق، ئۇ قايتمىدى.)

يەنى، بۇنىڭغا ئوخشايدىغان سوئالنىڭ جاۋابىغا يۇقىرىقىدەك «لَمَّا»نىلا ئىشلىتىش توغرا، لېكىن «لَمْ»نىلا ئىشلىتىش توغرا ئەمەس. شۇڭا، ئۇ ۋاقىتتا جاۋاب مۇنداق بولۇشى كېرەك:

أَرَجَعَ أَبُوْكَ ؟ (داداڭ قايتتىمۇ؟)
لَمْ يَرْجِعْ . (ياق، ئۇ قايتمىدى.)

## 2- مەزمۇن: ئەرەب تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تۈرى توغرىسىدا

ئەرەب تىلىدىكى سۆزلەر ـــ ئىسىم، پېئىل ۋە ھەرپ دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ.

ئىسىم ـــ ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ۋە ۋەقە-ھادىسىلەرنىڭ نامىنى ئۇقتۇرىدىغان ۋە زامان ئۇقۇمى بولمىغان سۆزدىن ئىبارەت. مەسىلەن: كِتَابٌ، قَلَمٌ ، طَالِبٌ ، رَجُلٌ ، مُدَرِّسٌ ... دېگەنگە ئوخشاش.

پېئىل ـــ ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى ئۇقتۇرىدىغان ھەمدە ئۇنىڭ مەلۇم بىر زاماندا يۈز بەرگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدىغان سۆزدىن ئىبارەت. مەسىلەن: خَرَجَ، يَجْلِسُ، اُكْتُبْ، اِقْرَأْ ... دېگەنگە ئوخشاش.

ھەرپ ـــ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل مەنا ئۇقتۇرالمايدىغان، لېكىن باشقا سۆزلەرگە قوشۇلۇپ قوشۇمچە مەنە ئىپادىلەيدىغان سۆزدىن ئىبارەت. مەسىلەن: فِي، إِلَى، نَعَمْ، لا ... دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى
www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە ئىككىنچى دەرس

## كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ئاخىرىنىڭ جەزىملىك ئوقۇلۇشى

بىرلىك پېئىللار ۋە I شەخس كۆپلۈك پېئىللىرىنىڭ ئاخىرى ئاشكارا سۇكۇن بىلەن جەزىملىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن

هُوَ لَمْ يَذْهَبْ          هِيَ لَمْ تَذْهَبْ
أَنْتَ لَمْ تَذْهَبْ          أَنَا لَمْ أَذْهَبْ
نَحْنُ لَمْ نَذْهَبْ

دېگەنگە ئوخشاش.

ئەرلىك كۆپلۈك ۋە III شەخس ئاياللىق بىرلىك پېئىللىرىدا «ن»نىڭ چۈشۈپ كېتىشى بىلەن جەزىملىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

هُمْ لَمْ يَذْهَبُوْا          أَنْتُمْ لَمْ تَذْهَبُوْا          أَنْتِ لَمْ تَذْهَبِيْ

دېگەنگە ئوخشاش.

ئاياللىق كۆپلۈك پېئىللىرى ئورۇن جەھەتتىن جەزىملىك ئوقۇلىدۇ. چۈنكى، بۇ پېئىللار قاتقان پېئىللار قاتارىدىندۇر. مەسىلەن:

هُنَّ لَمْ يَذْهَبْنَ          أَنْتُنَّ لَمْ تَذْهَبْنَ

دېگەنگە ئوخشاش.

# يىگىرمە ئۈچىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: ساغلام ئەرلىك كۆپلۈك ئىسىملار (جُمْعُ مُذَكَّر سَالِمٍ) توغرىسىدا

ئەگەر بىرلىك ئىسىمنى ساغلام ئەرلىك كۆپلۈك تەرىقىسىدە كۆپلۈك شەكلىگە ئايلاندۇرماقچى بولساق، ئاخىرىغا باش كېلىش ھالىتىدە (يەنى ئاخىرى پېشلىق ھالىتىدە) ئالدى پېش ئوقۇلغۇچى سۇكۇنلۇق «و» بىلەن زەبەرلىك «ن»نى ئۇلايمىز. مەسىلەن:

مُهَنْدِسٌ ← مُهَنْدِسُوْنَ    مُدَرِّسٌ ← مُدَرِّسُوْنَ

دېگەنگە ئوخشاش.

چۈشۈم كېلىش ھالىتىدە (يەنى ئاخىرى زەبەر ئوقۇلىدىغان ھالەتتە) ۋە ئىگىلىك كېلىش (يەنى ئاخىرى زىرلىك ئوقۇلىدىغان ھالەتتە) ئالدى زىر ئوقۇلغۇچى سۇكۇنلۇق «ي» بىلەن زەبەرلىك «ن»نى ئۇلايمىز. مەسىلەن:

سَأَلْتُ الْمُدَرِّسِيْنَ    (مەن ئوقۇتقۇچىلارنى سورىدىم)
قُلْتُ لِلْمُدَرِّسِيْنَ    (مەن ئوقۇتقۇچىلارغا ئېيتتىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: 20دىن 90غىچە بولغان سانلار توغرىسىدا

20دىن 90غىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئونىنىڭ پۈتۈن ھەسسىلىك

سانلىرى ساغلام ئەرلىك كۆپلۈك تەرىقىسىدە كۆپلۈك قىلىنىدۇ ۋە ئەرلىك ۋە ئاياللىق ئۈچۈن ئوخشاش بىر خىل ھالەتتە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

عِشْرُوْنَ طَالِبًا (20 ئوغۇل ئوقۇغۇچى)   عِشْرُوْنَ طَالِبَةً (20 قىز ئوقۇغۇچى)

سَبْعُوْنَ طَالِبًا (70 ئوغۇل ئوقۇغۇچى)   سَبْعُوْنَ طَالِبَةً (70 قىز ئوقۇغۇچى)

تِسْعُوْنَ طَالِبًا (90 ئوغۇل ئوقۇغۇچى)   تِسْعُوْنَ طَالِبَةً (90 قىز ئوقۇغۇچى)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: ئۆتكەن زامان پېئىلىنى بولۇشسىز قىلىدىغان «لا» توغرىسىدا

بىز ئىلگىرىكى دەرسلىرىمىزدە «لا»نىڭ كېلىدىغان زامان پېئىلىنى بولۇشسىز قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغانلىقى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتكەنىدۇق. ئەمدى بۇ دەرستە ئۇنىڭ ئۆتكەن زامان پېئىلىنى بولۇشسىز قىلىش ئۈچۈنمۇ كېلەلەيدىغانلىقى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. لېكىن، ئۇ ئۆتكەن زامان پېئىلىنى بولۇشسىز قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىپ قالسا، ئىككى قېتىم تەكرارلىنىدۇ. مەسىلەن:

لا أَكَلْتُ وَلَا شَرِبْتُ (مەن يېمىدىم ۋە ئىچمىدىم)

لا ضَرَبَنِي وَلَا ضَرَبْتُهُ (ئۇ مېنى ئۇرمىدى، مەنمۇ ئۇنى ئۇرمىدىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

# يىگىرمە تۆتىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: سان توغرىسىدا

سان ـــ شەيئىلەرنىڭ ئاز-كۆپلۈك جەھەتتىكى مىقدارىنى ئىپادىلەيـ-دىغان ئىسىمدىن ئىبارەت.

ئەرەب تىلىدىكى سانلارغا ئائىت مۇنداق قائىدىلەر بار:

1) بىر ۋە ئىككى دىگەن سان دائىم ئۆزىنىڭ سانالغۇچىسى بىلەن جىنس، سان ۋە ئىئراب جەھەتتە ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەيلى ئۇ بىرلىك ھالىتىدە بولسۇن، مەيلى بىرىككەن ھالىتىدە بولسۇن ۋەياكى «و» بىلەن باغلانغان ھالىتىدە بولسۇن. مەسىلەن:

بىرلىك ھالىتى:

طَالِبٌ وَاحِدٌ　　طَالِبَةٌ وَاحِدَةٌ
طَالِبَانِ اثْنَانِ　　طَالِبَتَانِ اثْنَتَانِ

بىرىككەن ھالىتى:

أَحَدَ عَشَرَ طَالِبًا　　إِحْدَى عَشْرَةَ طَالِبَةً
اِثْنَا عَشَرَ طَالِبًا　　اِثْنَتَا عَشْرَةَ طَالِبَةً

«و» بىلەن باغلانغان ھالىتى:

أَحَدٌ وَعِشْرُوْنَ طَالِبًا　　إِحْدَى وَعِشْرُوْنَ طَالِبَةً

اِثْنَانِ وَعِشْرُوْنَ طَالِبًا　　　اِثْنَتَانِ وَعِشْرُوْنَ طَالِبَةً

دېگەنگە ئوخشاش.

2) ئۈچتىن 10غىچە بولغان سانلار سانالغۇچىسى بىلەن جىنس جەھەتتە قارىمۇقارشى ھالەتتە كېلىدۇ. سان ۋە ئىئراب جەھەتتىمۇ ماسلاشمايدۇ. مەيلى ئۇ بىرلىك ھالىتىدە بولسۇن، مەيلى بىرىككەن ھالىتىدە بولسۇن ۋەياكى «و» بىلەن باغلانغان ھالىتىدە بولسۇن. مەسىلەن:

بىرلىك ھالىتى:

ثَلاثَةُ طُلاّب　　　ثَلاثُ طَالِبَاتٍ

تِسْعَةُ طُلاّبٍ　　　تِسعُ طَالِبَاتٍ

بىرىككەن ھالىتى:

ثَلاثَةَ عَشَرَ طَالِبًا　　　ثَلاثَ عَشَرَ طَالِبَةً

تِسْعَةَ عَشَرَ طَالِبًا　　　تِسعَ عَشْرَةَ طَالِبَةً

دېگەنگە ئوخشاش (بىرىككەن ھالەت 20نى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ).

«و» بىلەن باغلانغان ھالىتى:

ثلاثَةٌ وَعِشْرُوْنَ طَالِبًا　　　ثَلاثٌ وَعِشْرُوْنَ طَالِبَةً

تِسْعَةٌ وَعِشْرُوْنَ طَالِبًا　　　تِسْعٌ وَعِشْرُوْنَ طَالِبَةً

دېگەنگە ئوخشاش.

3) ئەسلىدە «عشر» (10)دىكى «ش» ھەرپى زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ. لېكىن، ئاخىرىغا ئاياللىقنىڭ «ة»سى ئۇلانسا سۇكۇنلۇق ئوقۇلۇشىمۇ دۇرۇس. مەسىلەن: عَشَرَ ← عَشْرَةٌ / عَشَرَةٌ دېگەنگە ئوخشاش.

4) 20دىن 90غىچە بولغان ئونلۇق پۈتۈن ھەسسىلىك سانلىرى ئەرلىك ۋە ئاياللىق ئۈچۈن ئورتاق بىر خىل ھالەتتە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

ثَلاثُوْنَ طَالِبًا (30 ئوغۇل ئوقۇغۇچى)

ثَلاثُوْنَ طَالِبَةً (30 قىز ئوقۇغۇچى)

خَمْسُوْنَ طَالِبًا (50 ئوغۇل ئوقۇغۇچى)

خَمْسُوْنَ طَالِبَةً (50 قىز ئوقۇغۇچى)

دېگەنگە ئوخشاش.

5) 100، 1000 ۋە بۇلارنىڭ پۈتۈن ھەسسىلىك سانلىرىمۇ ئەرلىك ۋە ئاياللىق جىنس ئۈچۈن ئورتاق بىر خىل ھالەتتە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

مِائَةُ طَالِبٍ (100 ئوغۇل ئوقۇغۇچى)

مِائَةُ طَالِبَةٍ (100 قىز ئوقۇغۇچى)

أَلْفُ طَالِبٍ (1000 ئوغۇل ئوقۇغۇچى)

أَلْفُ طَالِبَةٍ (1000 قىز ئوقۇغۇچى)

ثَلاثُمِائَةِ طَالِبٍ (300 ئوغۇل ئوقۇغۇچى)

ثَلاثُمِائَةِ طَالِبَةٍ (300 قىز ئوقۇغۇچى)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: سانلارنىڭ سانالغۇچىسى توغرىسىدا

1) ئۈچتىن 10غىچە بولغان سانلارنىڭ سانالغۇچىسى كۆپلۈك ساندا كېلىپ زىرلىك ھالەتتە ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

ثَلاثَةُ طُلاّبٍ عَشْرَةُ طُلاّبٍ

دېگەنگە ئوخشاش.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

2) 11دىن 99غىچە بولغان سانلارنىڭ سانالغۇچىسى بىرلىك ساندا كېلىپ زەبەرلىك ھالەتتە ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

أَحَدَ عَشَرَ طَالِبًا — تِسْعَةٌ وَتِسْعُوْنَ طَالِبًا

دېگەنگە ئوخشاش.

3) 100، 1000 ۋە بۇلارنىڭ پۈتۈن ھەسسىلىك سانلىرىنىڭ سانالغۇچىسى بىرلىك ساندا كېلىپ زىرلىك ھالەتتە ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

مِائَةُ طَالِبٍ — أَلْفُ طَالِبَةٍ

تِسْعُمِائَةِ طَالِبٍ — (900 ئوغۇل ئوقۇغۇچى)

دېگەنگە ئوخشاش.

# يىگىرمە بەشىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: «لا يَزَالُ» توغرىسىدا

مەنىسى: «ھېلىھەم ... ماقتا / ... مەكتە».
ئاتىلىشى: تولۇقسىز پېئىل.
ۋەزىپىسى: ئىسىملىق جۈملىگە كىرىپ ئىگىنى «ئىسمىم» دەپ تۇرۇپ ئاخىرىنى پىش ئوقۇتىدۇ، خەۋەرنى «خەۋىرىم» دەپ تۇرۇپ ئاخىرىنى زەبەر ئوقۇتىدۇ. مەسىلەن:

لا يَزَالُ إِبْرَاهِيْمُ نَائِمًا (ئىبراھىم ھېلىھەم ئۇخلىماقتا)
لا يَزَالُ هِشَامٌ عَزَبًا (ھىشام ھېلىھەم بويتاق يۈرمەكتە)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: ئىئرابى ئۆزگەرسە، ئاخىرىدىكى ھەرپمۇ تەڭ ئۆزگىرىدىغان بەش ئىسىم توغرىسىدا

ئۇلار مۇنۇلار: أَخُوكَ، أَبُوْكَ، حَمُوْكَ، فُوْكَ ۋە ذُوْ مَال.
بۇ ئىسىملار ئىئرابى پىشلىك ھالەتتە سۈكۈنلۈكً «و» بىلەن ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: جَاءَ أَخُوْكَ؛ ئىئرابى زەبەرلىك ھالەتتە ئەلف بىلەن ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: رَأَيْتُ أَخَاكَ؛ ئىئرابى زىرلىك ھالەتتە سۈكۈنلۈق «ي» بىلەن ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: مَرَرْتُ بِأَخِيْكَ دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە ئالتىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: تەركىبىدە كېسەل ھەرپ بولغان پېئىللار توغرىسىدا

تەركىبىدە كېسەل ھەرپ (حرف علّة) بولغان پېئىللار ئۈچ قىسىمغا ئايرىلىدۇ:

1) باش ھەرپى كېسەل ھەرپ بولغان پېئىل (مثال).
2) ئوتتۇرا ھەرپى كېسەل ھەرپ بولغان پېئىل (أجوف).
3) ئاخىرقى ھەرپى كېسەل ھەرپ بولغان پېئىل (ناقص).

بىز بۇ دەرستە باش ھەرپى كېسەل ھەرپ بولغان مىسال پېئىللار توغرىسىدا توختىلىمىز.

بۇ پېئىلنىڭ ئۆلچىمى بولغان «فَعَلَ»دىكى «ف»نىڭ ئورنىدا كېسەل ھەرپ بولغان پېئىلدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

وَجَدَ (تاپتى) وَقَفَ (تۇردى) وَزَنَ (ئۆلچىدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ خىل پېئىللارنىڭ «و»سى كەلگۈسى زامان شەكلىدە تۆرلەنگەندە تاشلىنىپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتىكى قائىدە مۇنداق: باش ھەرپى «و» بولغان پېئىللاردا كەلگۈسى زامان قوشۇمچىسى بىلەن ئاشكارا زىر ياكى تەقدىرىي زىرنىڭ ئارىسىغا چۈشكەن «و» تاشلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

وَصَلَ ← يَصِلُ (ئۇلدى)    ئەسلسى: يَوْصِلُ
وَجَبَ ← يَجِبُ (زۆرۈر بولدى)    ئەسلسى: يَوْجِبُ
وَعَدَ ← يَعِدُ (ۋەدە قىلدى)    ئەسلسى: يَوْعِدُ

دىگەنگە ئوخشاش (بۇلار ھەقىقي زىرلىك ھالەتلەرنىڭ مسالىدۇر).

وَضَعَ ← يَضَعُ (قويدى)    ئەسلسى: يَوْضَعُ
وَهَبَ ← يَهَبُ (بەردى)    ئەسلسى: يَوْهَبُ

دىگەنگە ئوخشاش (بۇلار تەقدىري زىرلىك ھالەتلەرنىڭ مسالىدۇر).

ئاشكارا زىر ـــ تەلەپپۇز ۋە يېزىقتىكى ئوچۇق زىرنى كۆرستىدۇ. مەسلەن:

وَلَجَ ← يَلِجُ (كىردى)    ئەسلسى: يَوْلِجُ

دىگەنگە ئوخشاش.

تەقدىري زىر ـــ گال ھەرپلىرىنىڭ ئۆزىدە ياكى ئالدىدىكى ھەرپتە بولغان زەبەرنى كۆرستىدۇ.

گال ھەرپلىرى ئالتە: أ ھ ح خ ع غ

وَضَعَ ← يَضَعُ (قويدى)    ئەسلسى: يَوْضَعُ
وَهَبَ ← يَهَبُ (بەردى)    ئەسلسى: يَوْهَبُ

دىگەنگە ئوخشاش.

ئەگەر سۆز تەركىبىدە ئۆزى زەبەرلىك ياكى ئالدى زەبەرلىك گال ھەرپلىرى بولمسا، ئۇنداقتا «و» تاشلانمايدۇ. مەسلەن:

وَجَلَ ← يَوْجَلُ (قورقتى)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى

دىگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: ئۈچ ھەرپلىك ئىسىملاردىن كىچىكلەتمە سىغە (سۆز شەكلى) ياساش توغرىسىدا

ئۈچ ھەرپلىك ئىسىملارنىڭ كىچىكلەتمە سۆز شەكلى «فُعَيْلٌ» ئۆلچىمىدە ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

وُلَيْدٌ (كىچىك بالا)  جُبَيْلٌ (كىچىك تاغ)  نُهَيْرٌ (ئېرىق)  كُلَيْبٌ (كۈچۈك)

دىگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: ئىدغام قىلىش (ئىككى ھەرپنى كىرىشتۈرۈپ تەشدىدلىك ئوقۇش) ئۇسۇلى توغرىسىدا

ئىدغام قىلىشنىڭ شەرتى ــــ ئىككى ھەرپ بىر جىنستىن كېلىش ۋە ئۇلاردىن بىرىنچىسى سۇكۇنلۇق، ئىككىنچىسى ھەرىكەتلىك بولۇشتۇر.

ئەگەر بىر جىنستىن كەلگەن ئىككىلى ھەرپ ھەرىكەتلىك بولسا، لېكىن ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ سۇكۇنلۇق بولسا، بۇ ھالەتتە بىرىنچى ھەرپنىڭ ھەرىكىتى شۇ سۇكۇنلۇق ھەرپكە يۆتكەپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن:

لَذِيْذٌ ← أَلْذَذُ ← أَلَذُّ (بەك لەززەتلىك)

شَدِيْدٌ ← أَشْدَدُ ← أَشَدُّ (بەك قاتتىق)

دىگەنگە ئوخشاش.

ئەگەر بىر جىنستىن كەلگەن ئىككىلى ھەرپ ھەرىكەتلىك، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ھەرپمۇ ھەرىكەتلىك بولسا، بۇ ھالەتتە بىرىنچى ھەرپنىڭ ھەرىكىتى يەڭگىللىك يۈزىسىدىن تاشلىۋېتىلىدۇ. مەسىلەن:

حَجَجَ ⟵ حَجَّ (ھەج قىلدى)     حَبَبَ ⟵ حَبَّ (ياخشى كۆردى)

دېگەنگە ئوخشاش.

دېمەك، بۇ قائىدىلەرگە ئاساسلانغاندا بىر جىنستىن كەلگەن ھەرقانداق ئىككى ھەرپ ئىدغام قىلىپ ئوقۇلىدۇ دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

## 4- مەزمۇن: ئاگاھلاندۇرۇش قوشۇمچىسى توغرىسىدا

بەزىدە كۆرسىتىش ئالمىشى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش قوشۇمچىسى بولغان «هَـا»نىڭ ئوتتۇرىسىغا مۇستەقىل كىشىلىك ئالمىشى قوشۇلۇپ قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مۇستەقىل كىشىلىك ئالماش ئىگە، كۆرسىتىش ئالمىشى خەۋەر بولىدۇ. مەسىلەن:

أَيْنَ الْكِتَابُ ؟ (كىتاب قەيەردە؟)     هَا هُوَ ذَا. (ئۇ مانا.)
أَيْنَ السَّاعَةُ ؟ (سائەت قەيەردە؟)     هَا هِيَ ذِيْ. (ئۇ مانا.)

دېگەنگە ئوخشاش. بۇ مىساللاردىكى «هَـا» — ئاگاھلاندۇرۇش قوشۇمچىسى، «هِيَ» بىلەن «هُوَ» — ئىگە، «ذَا» بىلەن «ذِيْ» خەۋەردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە يەتتىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: ئەجۋەف (أجوف) پېئىللار توغرىسىدا

ئەجۋەف پېئىل ـــ پېئىلنىڭ ئۆلچىمى بولغان «فَعَلَ»دىكى «ع»نىڭ ئۇدۇلىدا كېسەل ھەرپ بولغان پېئىلدىن ئىبارەت.

ئەجۋەف پېئىللار مۇنداق ئۈچ خىل ئۆلچەمدە كېلىدۇ.

1) فَعَلَ / يَفْعُلُ: قَالَ / يَقُوْلُ (دېدى / دەيدۇ)

2) فَعَلَ / يَفْعِلُ: جَاءَ / يَجِيْءُ (كەلدى / كېلىدۇ)

3) فَعَلَ / يَفْعَلُ: نَامَ / يَنَامُ (ئۇخلىدى / ئۇخلايدۇ)

## 2- مەزمۇن: ئەجۋەف پېئىللارغا ئائىت گرامماتىكىلىق قائىدىلەر

1) «و» ياكى «ي» ھەرىكەتلىك بولۇپ، ئالدىدىكى ھەرپ زەبەرلىك بولسا، بۇ ھەرپلەر «ا»قا ئالمىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

قَوَلَ ← قَالَ    بَيَعَ ← بَاعَ    نَوَمَ ← نَامَ

دېگەنگە ئوخشاش.

2) «و» ياكى «ي» ھەرىكەتلىك بولۇپ، ئالدىدىكى ھەرپ سۈكۈنلۇق بولسا، بۇ ھەرپلەرنىڭ ھەرىكىتى ئالدىدىكى ھەرپكە يۆتكىلىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

يَقْوُلُ ← يَقُوْلُ          يَبْيِعُ ← يَبِيْعُ

دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: ئەجۋەف پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىگە ھەرىكەتلىك قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى توغرىسىدا

ئەجۋەف پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىگە ھەرىكەتلىك قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، بۇ قوشۇمچىلار ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپنىڭ سۈكۈنلۈق ئوقۇلۇشىنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىككى سۈكۈن بىرگە كېلىپ قېلىپ ئەجۋەف پېئىلنىڭ «عين»ى چۈشۈپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

قَالَ ← قَاْلْنَ ← قَلْنَ ← قُلْنَ

دېگەنگە ئوخشاش.

ھەرىكەتلىك قوشۇمچىلار بولسا، «ذَهَبْتُ، ذَهَبْتَ، ذَهَبْتِ، ذَهَبْتُمْ، ذَهَبْتُنَّ، ذَهَبْنَ، ذَهَبْنَا»لاردىكى پائىلنىڭ «ت»، «ن»، «نا»سىدىن ئىبارەت.

دېمەك، بۇ قوشۇمچىلار قوشۇلغان ئەجۋەف پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىدىن ئوتتۇرىدىكى كېسەل ھەرپ چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

قُلْتُ   قُلْتَ   قُلْتِ   قُلْتُمْ   قُلْتُنَّ   قُلْنَ   قُلْنَا

دېگەنگە ئوخشاش.

ئەجۋەف پېئىللارنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلى «عين»ى پەشلىق بابتىن بولسا، ئۇنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىگە يۇقىرىقى قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا بىرىنچى ھەرپى پەشلىك قىلىنىدۇ. مەسىلەن: قُلْتُ، قُلْنَ ... دېگەنگە ئوخشاش.

ئەگەر «عـين»ى زىرلىك ياكى زەبەرلىك بابتىن بولسا، ئۇنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىگە يۇقىرىقى ھەرىكەتلىك قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا بىرىنچى ھەرپى زىرلىك قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

بِعْتُ بِعْتَ بِعْتِ بِعْتُمْ بِعْتُنَّ بِعْنَ بِعْنَا

نِمْتُ نِمْتَ نِمْتِ نِمْتُمْ نِمْتُنَّ نِمْتُ نِمْنَا

دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: ئاياللىق پائىلىنىڭ «ن»ى توغرىسىدا

ئەجۋەف پېئىللارنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلىگە ئاياللىق پائىلىنىڭ «ن»ى ئۇلانغاندا ئوتتۇرىدىكى كېسەل ھەرپ چۈشۈپ كېتىدۇ. باشقا شەكىللىرى ئۆزگەرمەيدۇ. مەسىلەن:

يَقُلْنَ تَقُلْنَ

دېگەنگە ئوخشاش.

# يىگىرمە سەككىزىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: ناقىس (ناقص) پېئىللار توغرىسىدا

ناقىس پېئىل ـــ پېئىلنىڭ ئۆلچىمى بولغان «فَعَلَ»دىكى «ل»نىڭ ئورنىدا كېسەل ھەرپ بولغان پېئىلدىن ئىبارەت

بۇ پېئىللارمۇ ئۈچ خىل ئۆلچەمدە كېلىدۇ، ئۇلار:

1) فَعَلَ / يَفْعِلُ: كَوَى / يَكْوِيْ (دەزماللىدى / دەزماللايدۇ)

2) فَعَلَ / يَفْعُلُ: شَكَا / يَشْكُوْ (شىكايەت قىلدى / شىكايەت قىلىدۇ)

3) فَعِلَ / يَفْعَلُ: نَسِيَ / يَنْسَى (ئۇنتۇدى / ئۇنتۇيدۇ)

## 2- مەزمۇن: ناقىس پېئىللارغا ئائىت گرامماتىكىلىق قائىدىلەر

1) ناقىس پېئىللارنىڭ جەزملىك (ئاخىرى سۈكۈنلۈق) ئۇقۇلغان شەكلىدە، بۇيرۇق پېئىل شەكلىدە ۋە ئاياللىقنىڭ بەلگىسى بولغان سۈكۈنلۇق «ت» ئۇلانغان ئۈچىنچى شەخس ئۆتكەن زامان شەكلىدە ئاخىرىدىكى كېسەل ھەرپ چۈشۈپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

يَبْكِيْ ← لَمْ يَبْكِ يَمْشِيْ ← لَمْ يَمْشِ (ماڭمىدى)

إِبْكِ (يىغلا) إِمْشِ (ماڭ)

بَكَى ← بَكَتْ (يىغلىدى) سَقَى ← سَقَتْ (سۇغاردى)

دېگەنگە ئوخشاش.

2) زىردىن كېيىن كەلگەن «ي» ۋە پەشتىن كېيىن كەلگەن «و»غا ھەرىكەت ئېغىر دەپ قارىلىپ ئۇلاردىكى ھەرىكەت ئېلىپ تاشلىنىدۇ. مەسىلەن:

يَجْرِيُ ← يَجْرِيْ (يۈگۈرىدۇ) يَرْمِيُ ← يَرْمِيْ (ئاتىدۇ)

يَدْعُوُ ← يَدْعُوْ (چاقىرىدۇ) يَمْحُوُ ← يَمْحُوْ (ئۆچۈرىدۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاپ تورى

# يىگىرمە توققۇزىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: مۇزائەف (مضاعف) پېئىللار توغرىسىدا

مۇزائەف پېئىل — ئۈچ ھەرپلىك ۋە تۆت ھەرپلىك دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

بىز بۇ دەرسىمىزدە ئۈچ ھەرپلىك مۇزائەف پېئىللار توغرىسىدا توختىلىمىز.

ئۈچ ھەرپلىك مۇزائەف پېئىل — پېئىلنىڭ ئۆلچىمى بولغان «فَعَلَ»دىكى «ع» بىلەن «ل»نىڭ ئۇدۇلىدا ئىككى ھەرپ بىر جىنىستىن كەلگەن پېئىلدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

ظَنَّ / يَظُنُّ (گۇمانلاندى / گۇمانلىنىدۇ) جَرَّ / يَجُرُّ (سۆرىدى / سۆرەيدۇ)

مَرَّ / يَمُرُّ (ئۆتتى / ئۆتىدۇ) عَدَّ / يَعُدُّ (ساندى / سانايدۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

مۇزائەف پېئىللار ئىككى خىل ئۆلچەمدە كېلىدۇ، ئۇلار:

1) فَعَلَ / يَفْعُلُ: سَبَبَ / يَسْبُبُ ← سَبَّ / يَسُبُّ (تىللىدى)

2) فَعِلَ / يَفْعَلُ: شَمِمَ / يَشْمَمُ ← شَمَّ / يَشَمُّ (پۇرىدى)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: ئىدغام توغرىسىدا

«حَجَّ»نىڭ ئەسلىسى «حَجَجَ» بولۇپ، ئىككى ھەرپ بىر جىنستىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئىدغام قىلىپ شۇنداق ئوقۇلغان.

ئىدغامنىڭ شەرتى:

1) ئىككى ھەرپ بىر جىنستىن كەلگەن بولۇش.

2) بۇ ئىككى ھەرپنىڭ بىرىنچىسى سۇكۇنلۇق، ئىككىنچىسى ھەرىكەتلىك بولۇش.

دېمەك، مۇشۇ ئىككى شەرت تېپىلغاندا ئاندىن ئىدغام قىلغىلى بولىدۇ.

**بۇ ھەقتىكى باشقا قائىدىلەر:**

1) ئەگەر بىر جىنستىن كەلگەن ئىككىلى ھەرپ ھەرىكەتلىك بولسا، لېكىن ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ سۇكۇنلۇق بولسا، بۇ ھالەتتە بىرىنچى ھەرپنىڭ ھەرىكىتى شۇ سۇكۇنلۇق ھەرپكە يۆتكەپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن:

يَحْجُجُ ← يَحُجُّ      يَظْنُنُ ← يَظُنُّ

دېگەنگە ئوخشاش.

2) ئەگەر بىر جىنستىن كەلگەن ئىككىلى ھەرپ ھەرىكەتلىك، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ھەرپمۇ ھەرىكەتلىك بولسا، بۇ ھالەتتە بىرىنچى ھەرپنىڭ ھەرىكىتى يەڭگىللىك يۈزىسىدىن تاشلىۋېتىلىدۇ. مەسىلەن:

حَجَجَ ← حَجَّ (ھەج قىلدى)      ظَنَنَ ← ظَنَّ (گۇمانلاندى)

دىگەنگە ئوخشاش.

3) مۇزائەف پېئىللارغا ئاخىرىنى جەزملىك (سۇكۇنلۇق) ئوقۇتىدىغان قوشۇمچىلار كىرسە، ئۇ جەزملىك ئوقۇلۇشىنىڭ ئورنىغا زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ، ئەمما بىز ئۇنى يەنىلا ئورۇن جەھەتتىن جەزملىك ئوقۇلغان دەپ قارايمىز. مەسىلەن:

يَحُجُّ ← لَمْ يَحُجَّ تَجُرُّ ← لا تَجُرَّ (سۆرىمە)

دىگەنگە ئوخشاش.

4) مۇزائەف پېئىللارغا ھەرىكەتلىك قوشۇمچىلار ئۇلانسا، ئىدغام يېشىلىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

عَدَّ ← عَدَدْنَ عَدَدْتُ عَدَدْتَ عَدَدْتِ عَدَدْتُمْ عَدَدْتُنَّ عَدَدْنَا

دىگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: «قَطُّ» ۋە «أَبَدًا»نىڭ توغرىسىدا

«قَطُّ» ـــ پىشقا مەبنى بولغان رەۋىش بولۇپ، ئۆتكەن زامان پېئىلىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ؛

«أَبَدًا» ـــ زەبەرگە مەبنى بولغان رەۋىش بولۇپ، كەلگۈسى زامان پېئىلىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

مَا فَعَلْتُ هٰذَا قَطُّ (مەن بۇ ئىشنى قەتئىي قىلمىدىم)

لَنْ أَتْرُكَهَا أَبَدًا (مەن ئۇنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيمەن)

دىگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى

# ئوتتۇزىنچى دەرس

## ئىككىلىك ساندىكى پېئىللار توغرىسىدا

بىرلىك ساندىكى پېئىلنى ئىككىلىك ساندىكى پېئىلغا ئايلاندۇرماقچى بولساق، ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ئاخىرىغا «ا» (ئەلىف)نى قوشىمىز. مەسىلەن:

خَرَجَ ← خَرَجَا    ذَهَبَ ← ذَهَبَا    دَخَلَ ← دَخَلا

دېگەنگە ئوخشاش.

كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ئاخىرىغا «ان» (ئەلىف نۇن)نى قوشىمىز. مەسىلەن:

يَذْهَبُ ← يَذْهَبَانِ    يَخْرُجُ ← يَخْرُجَانِ    يَدْخُلُ ← يَدْخُلانِ

دېگەنگە ئوخشاش.

پېئىلنىڭ ئاخىرىغا «ن» قوشۇلغان بەش پېئىل ئاخىرىدىكى «ن»نىڭ تۇرۇشى بىلەن باش كېلىشتە كېلىدۇ. مەسىلەن:

يَذْهَبَانِ    تَذْهَبَانِ    تَذْهَبُوْنَ    يَذْهَبُوْنَ    تَذْهَبِيْنَ

دېگەنگە ئوخشاش.

«ن»نىڭ چۈشۈپ كېتىشى بىلەن چۈشۈم كېلىش (زەبەرلىك) ۋە جەزملىك (سۇكۇنلۇق) ھالەتتە كېلىدۇ. مەسىلەن:

لَنْ يَذْهَبَا    لَنْ يَذْهَبُوا    لَنْ تَذْهَبَا    لَنْ تَذْهَبُوا    لَنْ تَذْهَبِي
لَمْ يَذْهَبَا    لَمْ يَذْهَبُوْا    لَمْ تَذْهَبَا    لَمْ تَذْهَبُوْا    لَمْ تَذْهَبِيْ

# ئوتتۇز بىرىنچى دەرس

## سۈپەتلىك سۆز بىرىكمىسى توغرىسىدا

سۈپەتلىك سۆز بىرىكمىسى توغرىسىدىكى مەزمۇن كىتابىنىڭ 1- قىسىم 9- دەرسىدە بىر قېتىم سۆزلىنىپ ئۆتكەن. شۇڭا، بۇ يەردە ئۇنى قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرمايمىز (شۇ يەرگە مۇراجىئەت قىلىنسۇن).

www.uyghurkitap.com

# ئۆگىنىپ ئۆتكەن پېئىللارنىڭ تۈرلىنىشى ھەققىدە ئومۇمىي خۇلاسە

## 1- مەزمۇن: ساغلام پېئىللارنىڭ تۈرلىنىش ئەھۋالى

1) ئۆتكەن زامان شەكلى: كَتَبَ كَتَبَا كَتَبُوْا كَتَبَتْ كَتَبَتَا كَتَبْنَ كَتَبْتَ كَتَبْتُمَا كَتَبْتُمْ كَتَبْتِ كَتَبْتُمَا كَتَبْتُنَّ كَتَبْتُ كَتَبْنَا

2) كەلگۈسى زامان شەكلى: يَكْتُبُ يَكْتُبَانِ يَكْتُبُوْنَ تَكْتُبُ تَكْتُبَانِ يَكْتُبْنَ تَكْتُبُ تَكْتُبَانِ تَكْتُبُوْنَ تَكْتُبِيْنَ تَكْتُبَانِ تَكْتُبْنَ أَكْتُبُ نَكْتُبُ

3) كەلگۈسى زامان ئاخىرى زەبەرلىك ئوقۇلىدىغان شەكلى: لَنْ يَكْتُبَ لَنْ يَكْتُبَا لَنْ يَكْتُبُوْا لَنْ تَكْتُبَ لَنْ تَكْتُبَا لَنْ يَكْتُبْنَ لَنْ تَكْتُبَ لَنْ تَكْتُبَا لَنْ تَكْتُبُوْا لَنْ تَكْتُبِيْ لَنْ تَكْتُبَا لَنْ تَكْتُبْنَ لَنْ أَكْتُبَ لَنْ نَكْتُبَ

4) كەلگۈسى زامان ئاخىرى سۇكۇنلۇق ئوقۇلىدىغان شەكلى: لَمْ يَكْتُبْ لَمْ يَكْتُبَا لَمْ يَكْتُبُوْا لَمْ تَكْتُبْ لَمْ تَكْتُبَا لَمْ يَكْتُبْنَ لَمْ تَكْتُبْ لَمْ تَكْتُبَا لَمْ تَكْتُبُوْا لَمْ تَكْتُبِيْ لَمْ تَكْتُبَا لَمْ تَكْتُبْنَ لَمْ أَكْتُبْ لَمْ نَكْتُبْ

5) بۇيرۇق شەكلى: أُكْتُبْ أُكْتُبَا أُكْتُبُوْا أُكْتُبِيْ أُكْتُبَا أُكْتُبْنَ

## 2- مەزمۇن: مۇزائەف پېئىللارنىڭ تۈرلىنىش ئەھۋالى

1) ئۆتكەن زامان شەكلى: عَدَّ عَدَّا عَدُّوْا عَدَّتْ عَدَّتَا عَدَدْنَ عَدَدْتَ عَدَدْتُمَا عَدَدْتُمْ عَدَدْتِ عَدَدْتُمَا عَدَدْتُنَّ عَدَدْتُ عَدَدْنَا

2) كەلگۈسى زامان شەكلى: يَعُدُّ يَعُدَّانِ يَعُدُّوْنَ تَعُدُّ تَعُدَّانِ يَعْدُدْنَ تَعُدُّ تَعُدَّانِ تَعُدُّوْنَ تَعُدِّيْنَ تَعُدَّانِ تَعْدُدْنَ أَعُدُّ نَعُدُّ

3) كەلگۈسى زامان ئاخىرى زەبەرلىك ئوقۇلىدىغان شەكلى: لَنْ يَعُدَّ لَنْ يَعُدَّا لَنْ يَعُدُّوْا لَنْ تَعُدَّ لَنْ تَعُدَّا لَنْ يَعْدُدْنَ لَنْ تَعُدَّ لَنْ تَعُدَّا لَنْ تَعُدُّوْا لَنْ تَعُدِّيْ لَنْ تَعُدَّا لَنْ تَعْدُدْنَ لَنْ أَعُدَّ لَنْ نَعُدَّ

4) كەلگۈسى زامان ئاخىرى سۇكۇنلۇق ئوقۇلىدىغان شەكلى: لَمْ يَعُدَّ لَمْ يَعُدَّا لَمْ يَعُدُّوْا لَمْ تَعُدَّ لَمْ تَعُدَّا لَمْ يَعْدُدْنَ لَمْ تَعُدَّ لَمْ تَعُدَّا لَمْ تَعُدُّوْا لَمْ تَعُدِّيْ لَمْ تَعُدَّا لَمْ تَعْدُدْنَ لَمْ أَعُدَّ لَمْ نَعُدَّ

5) بۇيرۇق شەكلى: عُدَّ عُدَّا عُدُّوْا عُدِّيْ عُدَّا أُعْدُدْنَ

## 3- مەزمۇن: مىسال (مِثَال) پېئىللارنىڭ تۈرلىنىش ئەھۋالى

1) ئۆتكەن زامان شەكلى: وَقَفَ وَقَفَا وَقَفُوْا وَقَفَتْ وَقَفَتَا وَقَفْنَ وَقَفْتَ وَقَفْتُمَا وَقَفْتُمْ وَقَفْتِ وَقَفْتُمَا وَقَفْتُنَّ وَقَفْتُ وَقَفْنَا

2) كەلگۈسى زامان شەكلى: يَقِفُ يَقِفَانِ يَقِفُوْنَ تَقِفُ تَقِفَانِ يَقِفْنَ تَقِفُ تَقِفَانِ تَقِفُوْنَ تَقِفِيْنَ تَقِفَانِ تَقِفْنَ أَقِفُ نَقِفُ

3) كەلگۈسى زامان ئاخىرى زەبەرلىك ئوقۇلىدىغان شەكلى: لَنْ يَقِفَ لَنْ يَقِفَا لَنْ يَقِفُوْا لَنْ تَقِفَ لَنْ تَقِفَا لَنْ يَقِفْنَ لَنْ تَقِفَ لَنْ تَقِفَا لَنْ تَقِفُوْا لَنْ تَقِفِيْ لَنْ تَقِفَا لَنْ تَقِفْنَ لَنْ أَقِفَ لَنْ نَقِفَ

4) كەلگۈسى زامان ئاخىرى سۇكۇنلۇق ئوقۇلىدىغان شەكلى: لَمْ يَقِفْ لَمْ يَقِفَا لَمْ يَقِفُوْا لَمْ تَقِفْ لَمْ تَقِفَا لَمْ يَقِفْنَ لَمْ تَقِفْ لَمْ تَقِفَا لَمْ تَقِفُوْا لَمْ تَقِفِيْ لَمْ تَقِفَا لَمْ تَقِفْنَ لَمْ أَقِفْ لَمْ نَقِفْ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

5) بۇيرۇق شەكلى: قِفْ قِفَا قِفُوْا قِفِيْ قِفَا قِفْنَ

## 4- مەزمۇن: ئەجۋەف (أَجْوَفْ) پېئىللارنىڭ تۈرلىنىش ئەھۋالى

1) قَالَ قَالَا قَالُوْا قَالَتْ قَالَتَا قُلْنَ قُلْتَ قُلْتُمَا قُلْتُمْ قُلْتِ قُلْتُمَا قُلْتُنَّ قُلْتُ قُلْنَا

2) يَقُوْلُ يَقُوْلَانِ يَقُوْلُوْنَ تَقُوْلُ تَقُوْلَانِ يَقُلْنَ تَقُوْلُ تَقُوْلَانِ تَقُوْلُوْنَ تَقُوْلِيْنَ تَقُوْلَانِ تَقُلْنَ أَقُوْلُ نَقُوْلُ

3) كەلگۈسى زامان ئاخىرى زەبەرلىك ئوقۇلىدىغان شەكلى: لَنْ يَقُوْلَ لَنْ يَقُوْلَا لَنْ يَقُوْلُوْا لَنْ تَقُوْلَ لَنْ تَقُوْلَا لَنْ يَقُلْنَ لَنْ تَقُوْلَ لَنْ تَقُوْلَا لَنْ تَقُوْلُوْا لَنْ تَقُوْلِيْ لَنْ تَقُوْلَا لَنْ تَقُلْنَ لَنْ أَقُوْلَ لَنْ نَقُوْلَ

4) كەلگۈسى زامان ئاخىرى سۇكۇنلۇق ئوقۇلىدىغان شەكلى: لَمْ يَقُلْ لَمْ يَقُوْلَا لَمْ يَقُوْلُوْا لَمْ تَقُلْ لَمْ تَقُوْلَا لَمْ يَقُلْنَ لَمْ تَقُلْ لَمْ تَقُوْلَا لَمْ تَقُوْلُوْا لَمْ تَقُوْلِيْ لَمْ تَقُوْلَا لَمْ تَقُلْنَ لَمْ أَقُلْ لَمْ نَقُلْ

5) بۇيرۇق شەكلى: قُلْ قُلَا قُلُوْا قُلِيْ قُلَا قُلْنَ

## 5- مەزمۇن: ناقىس (ناقِص) پېئىللارنىڭ تۈرلىنىش ئەھۋالى

1) ئۆتكەن زامان شەكلى: دَعَا دَعَيَا دَعَوْا دَعَتْ دَعَتَا دَعَيْنَ دَعَيْتَ دَعَيْتُمَا دَعَيْتُمْ دَعَيْتِ دَعَيْتُمَا دَعَيْتُنَّ دَعَيْتُ دَعَيْنَا

2) كەلگۈسى زامان شەكلى: يَدْعُوْ يَدْعُوَانِ يَدْعُوْنَ تَدْعُوْ تَدْعُوَانِ يَدْعُوْنَ تَدْعُوْ تَدْعُوَانِ تَدْعُوْنَ تَدْعِيْنَ تَدْعُوَانِ تَدْعُوْنَ أَدْعُوْ نَدْعُوْ

3) كەلگۈسى زامان ئاخىرى زەبەرلىك ئوقۇلىدىغان شەكلى: لَنْ يَدْعُوَ لَنْ يَدْعُوَا لَنْ يَدْعُوْا لَنْ تَدْعُوَ لَنْ تَدْعُوَا لَنْ يَدْعُوْنَ لَنْ تَدْعُوَ لَنْ تَدْعُوَا لَنْ تَدْعُوْا لَنْ تَدْعِيْ لَنْ تَدْعُوَا لَنْ تَدْعُوْنَ لَنْ أَدْعُوَ لَنْ نَدْعُوَ

4) كەلگۈسى زامان ئاخىرى سۈكۈنلۈق ئوقۇلىدىغان شەكلى: لَمْ يَدْعُ لَمْ يَدْعُوَا لَمْ يَدْعُوْا لَمْ تَدْعُ لَمْ تَدْعُوَا لَمْ يَدْعُوْنَ لَمْ تَدْعُ لَمْ تَدْعُوَا لَمْ تَدْعُوْا لَمْ تَدْعِيْ لَمْ تَدْعُوَا لَمْ تَدْعُوْنَ لَمْ أَدْعُ لَمْ نَدْعُ

5) بۇيرۇق شەكلى: أُدْعُ أُدْعُوَا أُدْعُوْا أُدْعِيْ أُدْعُوَا أُدْعُوْنَ

**ناقىس پېئىللارنىڭ ئىككىنچى مىسالى:**

1) ئۆتكەن زامان شەكلى: وَقَى وَقَيَا وَقَوْا وَقَتْ وَقَتَا وَقَيْنَ وَقَيْتَ وَقَيْتُمَا وَقَيْتُمْ وَقَيْتِ وَقَيْتُمَا وَقَيْتُنَّ وَقَيْتُ وَقَيْنَا

2) كەلگۈسى زامان شەكلى: يَقِيْ يَقِيَانِ يَقُوْنَ تَقِيْ تَقِيَانِ يَقِيْنَ تَقِيْ تَقِيَانِ تَقُوْنَ تَقِيْنَ تَقِيَانِ تَقِيْنَ أَقِيْ نَقِيْ

3) كەلگۈسى زامان ئاخىرى زەبەرلىك ئوقۇلىدىغان شەكلى: لَنْ يَقِيَ لَنْ يَقِيَا لَنْ يَقُوْا لَنْ تَقِيَ لَنْ تَقِيَا لَنْ يَقِيْنَ لَنْ تَقِيَ لَنْ تَقِيَا لَنْ تَقُوْا لَنْ تَقِيْ لَنْ تَقِيَا لَنْ تَقِيْنَ لَنْ أَقِيَ لَنْ نَقِيَ

4) كەلگۈسى زامان ئاخىرى سۈكۈنلۈق ئوقۇلىدىغان شەكلى: لَمْ يَقِ لَمْ يَقِيَا لَمْ يَقُوْا لَمْ تَقِ لَمْ تَقِيَا لَمْ يَقِيْنَ لَمْ تَقِ لَمْ تَقِيَا لَمْ تَقُوْا لَمْ تَقِيْ لَمْ تَقِيَا لَمْ تَقِيْنَ لَمْ أَقِ لَمْ نَقِ

5) بۇيرۇق شەكلى: قِ قِيَا قُوْا قِيْ قِيَا قِيْنَ

شۇ تۇردىكى باشقا پېئىللارنىڭ تۈرلىنىش شەكلىمۇ يۇقىرىدا ئۆتكەن ئۈلگىلىك مىساللارنىڭ تۈرلىنىش شەكلىگە ئوخشايدۇ. شۇڭا، مۇشۇ ئۈلگىلىك مىساللارغا سېلىشتۇرۇپ تۈرلەنسە بولىدۇ.

(تَمَّتْ بِعَوْنِ اللهِ تَعَالَى)

ھاجىتىڭ بولسا تىلە ئۇل كەڭ كەرەملىك تەڭرىدىن،

قىلمىغىن كىشىدىن تەلمۈرۈپ ھاجەت-تەلەپ.

بەندىدىن نەرسە تەلەپ قىلساڭ بولۇر سەندىن خاپا،

گەر تەلەپ قىلساڭ خۇدادىن خۇش بولۇر قىلماس غەزەپ.

— ئەرەب شېئىرلىرىدىن.

ئىشلىرىمىزنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگۈچى ئاللاھتۇر.

كىتاب تۈر بېكىتى
ئۇيغۇر
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

www.uyghurkitap.com

# قَوَاعِدُ دُرُوْسُ اللُّغَةِ الْعَرَبِيَّةِ

(لِغَيْرِ النَّاطِقِيْنَ بِهَا)

(الجزء الثالث)

# ئەرەب تىلى دەرسلىكى گرامماتىكا قائىدىلىرى

## 3- قىسىم

# أَيُّهَا الطُّلاّبُ!

## لِمَاذَا نَدْرُسُ اللُّغَةَ الْعَرَبِيَّةَ؟

نَـدْرُسُ اللُّغَـةَ الْعَرَبِيَّـةَ لِـنَفْهَمَ الْقُـرْآنَ الْكَـرِيْمَ وَالْحَـدِيْثَ النَّبَوِيَّ الشَّرِيْفَ.

## ئەرەب تىلىنى نېمە ئۈچۈن ئۆگىنىمىز!

«قۇرئان كەرىم»نى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۆگىنىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بسم الله الرحمن الرحيم

# مۇقەددىمە

## مۇئرەب ئىسىم ۋە مەبنى ئىسىم توغرىسىدا

ئەرەب تىلىدىكى ئىسىملار مۇئرەب (تۈرلىنىدىغان) ئىسىم ۋە مەبنى (قاتقان) ئىسىم دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

مۇئرەب ئىسىم — ئاخىرقى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتى ئامىلنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆزگىرىدىغان ئىسىمدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

جَاءَ الْمُدَرِّسُ (باش كېلىش)

سَأَلْتُ الْمُدَرِّسَ (چۈشۈم كېلىش)

سَلَّمْتُ عَلَى الْمُدَرِّسِ (ئىگىلىك كېلىش)

دېگەنگە ئوخشاش. دېمەك، ئىسىملار باش كېلىشتە تۈرلەنگەندە پېشلىك ئوقۇلىدۇ، چۈشۈم كېلىشتە تۈرلەنگەندە زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ، ئىگىلىك كېلىشتە تۈرلەنگەندە زېرلىك ئوقۇلىدۇ.

مەبنى ئىسىم — ئاخىرقى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتى ئامىلنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىمدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

جَاءَ هٰؤُلَاءِ (باش كېلىش ئورنىدا)

سَأَلْتُ هٰؤُلَاءِ (چۈشۈم كېلىش ئورنىدا)

سَلَّمْتُ عَلَى هٰؤُلَاءِ (ئىگىلىك كېلىش ئورنىدا)

دېگەنگە ئوخشاش.

مەبنى ئىسىملار تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلاردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى مۇئرەب ئىسىملاردۇر:

1) كىشىلىك ئالماشلار: بۇ هُوَ، هُمْ، أَنْتَ، أَنَا، ذَهَبْتُ، قَالُوْا ... لارغا ئوخشاش باش كېلىش ئالماشلىرى؛ رَأَيْتُهُ، أَسْأَلُكَ، ضَرَبَنِيْ ... لارغا ئوخشاش چۈشۈم كېلىش ئالماشلىرى؛ كِتَابُهُ، دَفْتَرُهَا، اسْمُكَ، عَلَيْهَا، لَنَا ... لارغا ئوخشاش ئىگىلىك كېلىش ئالماشلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

2) كۆرسىتىش ئالماشلىرى: بۇ هٰذَا، هٰذِهِ، ذٰلِكَ، تِلْكَ، أُوْلٰئِكَ قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ (هٰذَانِ، هَاتَانِ، ذَانِكَ، تَانِكَ قاتارلىق ئىككىلىك شەكىللىرى بولسا تۈرلىنىدىغان مۇئرەب ئىسىمغا تەۋەدۇر).

3) نىسبىي ئالماشلار: بۇ اَلَّذِيْ، اَلَّتِيْ، اَلَّذِيْنَ قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. قاتقان ئىسىمدۇر، لېكىن «اَلَّذَانِ» ۋە «اَلَّتَانِ»دىن ئىبارەت ئىككىلىك شەكلى تۈرلىنىدىغان ئىسىمدۇر.

4) سوراق ئالماشلىرى: بۇ مَنْ، مَا، مَتَى، أَيْنَ، كَيْفَ ... قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

5) بىر قىسىم رەۋىشلەر: بۇ إِذَا، اَلْآنَ، حَيْثُ، أَمْسِ ... قاتارلىق بىر قىسىم رەۋىشلەرنى كۆرسىتىدۇ.

6) پېئىلنامالار: بۇ أَمِيْنْ، أُفٍّ، آهِ ... لارغا ئوخشاشلارنى كۆرسىتىدۇ.

7) 11دىن 19غىچە بولغان بىرىكمە سانلار: بۇ أَحَدَ عَشَرَ، الثَّالِثَ عَشَرَ، ... تِسْعَةَ عَشَرَ قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

ئەمما، بۇلار ئىچىدىن پەقەت «اِثْنَا عَشَرَ»نىڭ بىرىنچى بۆلىكى تۈرلىنىدىغان ئىسىمغا تەۋەدۇر. مەسىلەن:

يَدْرُسُ فِي الْفَصْلِ اثْنَا عَشَرَ طَالِبًا (باش كېلىش ھالىتىدە)
(سىنىپتا 12 ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ)

رَأَيْتُ اثْنَيْ عَشَرَ طَالِبًا (چۈشۈم كېلىش ھالىتىدە)
(مەن 12 ئوقۇغۇچىنى كۆردۈم)

هٰذَا الطَّعَامُ لاثْنَى عَشَرَ طَالِبًا (ئىگىلىك كېلىش ھالىتى)
(بۇ تاماق 12 ئوقۇغۇچىنىڭ)

## ئىسىملاردىكى ئەسلى ۋە قوشۇمچە ئىئرابنىڭ بەلگىلىرى

ئىئراب ــ ئەرەبچە سۆزنىڭ ئاخىرقى ھەرپىدىكى زەبەر، پەش ۋە زىردىن ئىبارەت ھەرىكەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىسىملاردىكى ئەسلى ئىئرابنىڭ بەلگىلىرى:

1) الضَّمَّــةُ (ــُ): بۇ باش كېلىشنىڭ بەلگىسى.

2) الفَتْحَــةُ (ــَ): بۇ چۈشۈم كېلىشنىڭ بەلگىسى.

3) الكَسْرَةُ (ــِ): بۇ ئىگىلىك كېلىشنىڭ بەلگىسى.

ئىسىملاردىكى قوشۇمچە ئىئرابنىڭ بەلگىلىرى:

1) ساغلام ئاياللىق كۆپلۈك ئىسىملارنىڭ ئاخىرىنىڭ زەبەر ئوقۇلغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئۇنىڭ زىرلىك ئوقۇلۇشىدۇر. مەسىلەن:

خَلَقَ اللهُ السَّمٰوَاتِ وَالْأَرْضَ (ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتتى)

دېگەنگە ئوخشاش.

2) تۇرلىنىشــتىن چەكلەنــگەن ئىســملارنىڭ ئاخىرىنىــڭ زىــر ئوقۇلغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئۇنىڭ زەبەرلىك ئوقۇلىشىدۇر. مەسلەن:

إِذْهَبْ إِلَى فِرْعَوْنَ (سەن پىرئەۋىنىنىڭ يېنىغا بارغىن)

دېگەنگە ئوخشاش.

3) ئىئرابى ئۆزگەرسە، ئاخىرىدىكى ھەرپمۇ تەڭ ئۆزگىرىدىغان بەش ئىسىم (أَخُوكَ، أَبُوكَ، حَمُوكَ، فُوكَ ۋە ذُوْ مَالٍ)دىكى ئىئراب بەلگىلىرىمۇ قوشۇمچە ئىئراب بەلگىلىرىدۇر. يەنى:

باش كېلىشنىڭ بەلگىسى ـــ «و»دۇر. مەسلەن:

أَجَاءَ أَبُوْكَ (داداڭ كەلدىمۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

چۈشۈم كېلىشنىڭ بەلگىسى ـــ «ا» (ئەلف)تۇر. مەسلەن:

أَعْرِفُ حَمَاكَ (مەن قېينئاتاڭنى تونۇيمەن)

أَرَأَيْتَ حَمَاكَ (قېينئاتاڭنى كۆردىڭمۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئىگىلىك كېلىشنىڭ بەلگىسى ـــ «ي»دۇر. مەسلەن:

أَيْنَ سَيَّارَةُ أَبِيْكَ (داداڭنىڭ ماشىنىسى قەيەردە)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئەگەر بۇ بەش ئىسىم مۇتەكەللىم (بىرىنچى شەخس)نىڭ «ي»سىدىن باشقا ئىسىمغا ئىزاپەت بولۇپ كەلسە، بۇ بەلگىلەر بىلەن ئىئراب قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما، باشقا ئىسىملارغا ئىزاپەت قىلىنمىسا، ئەسلى بەلگىلىرى بىلەن ئىئراب قوبۇل قىلىدۇ. مەسلەن:

لِيْ أَخٌ (مېنىڭ قېرىندىشىم بار) باش كېلىش ھالىتى

سَأَلْتُ أَخًا (مەن قېرىنداشنى سورىدىم) چۈشۈم كېلىش ھالىتى

أَنْتَ كَأَخٍ (سەن قېرىنداشقا ئوخشاش) ئىگىلىك كېلىش ھالىتى

دېگەنگە ئوخشاش.

4) ساغلام ئەرلىك كۆپلۈك ئىسىملاردىكى ئىئراب بەلگىلىرىمۇ قوشۇمچە ئىئراب بەلگىلىرىدۇر. يەنى:

باش كېلىشنىڭ بەلگىسى — «و»دۇر. مەسلەن:

دَخَلَ الْمُدَرِّسُوْنَ (ئوقۇتقۇچىلار كىردى)

دېگەنگە ئوخشاش.

چۈشۈم كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىشنىڭ بەلگىسى — «ي»دۇر. مەسلەن:

سَأَلْتُ الْمُدَرِّسِيْنَ (مەن ئوقۇتقۇچىلاردىن سورىدىم)

هَذِهِ غُرْفَةُ الْمُدَرِّسِيْنَ (بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياتىقى)

دېگەنگە ئوخشاش.

5) ئىككىلىك ئىسىملاردىكى ئىئراب بەلگىلىرىمۇ قوشۇمچە ئىئراب بەلگىلىرىدۇر. يەنى:

باش كېلىشنىڭ بەلگىسى — «ا» ۋە «ن»دۇر. مەسلەن:

غَابَ طَالِبَانِ (ئىككى ئوقۇغۇچى يوقاپ كەتتى)

دېگەنگە ئوخشاش.

چۈشۈم كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىشنىڭ بەلگىسى — «ي» ۋە «ن»دۇر. مەسلەن:

طَلَبَ الْمُدِيْرُ طَالِبَيْنِ (مۇدىر ئىككى ئوقۇغۇچىنى چاقىردى)

هَذِهِ الْغُرْفَةُ لِطَالِبَيْنِ (بۇ ياتاق ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ)

## تەقدىرىي (پەرەزىي) ئىئرابلار

ئۈچ خىل ئىسىمدا ئىئرابنىڭ بەلگىسى ئاشكارا بولمايدۇ، بەلكى تەقدىرىي بولىدۇ. ئۇلار: مەقسۇر (مَقْصُور) ئىسىم، مەنقۇس (مَنْقُوص) ئىسىم ۋە مۇتەكەللىمنىڭ «ي»سىغا ئىزاپەت قىلىنغان ئىسىمدىن ئىبارەت.

1) مەقسۇر ئىسىم ـــ ئاخىرىغا «ا» ئۇلانغان ھالەتتە تۈرلىنىدىغان ئىسىمدىن ئىبارەت. مەسىلەن: اَلْمُسْتَشْفَى، اَلْفَتَى، اَلْعَصَا ... دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ خىل ئىسىملاردا ئۈچىلى خىل ئىئرابنىڭ بەلگىسى پەرەزىي بولىدۇ. مەسىلەن:

قَتَلَ الْفَتَى الْأَفْعَى بِالْعَصَا (يىگىت يىلاننى ھاسا بىلەن ئۆلتۈردى) دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ مىسالدىكى سۆزلەرنىڭ ئىئرابى مۇنداق چۈشەندۈرۈلىدۇ:

«اَلْفَتَى» ـــ پائىل بولۇپ، باش كېلىشتە كەلگەن. ئۇنىڭ باش كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى پەرەز قىلىنغان پىشتۇر (يەنى بۇ سۆز ئاشكارا پىشلىك ئوقۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن پىشلىك ئوقۇلدى دەپ پەرەز قىلىنىدۇ).

«اَلْأَفْعَى» ـــ تولدۇرغۇچى بولۇپ، چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن. ئۇنىڭ چۈشۈم كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى پەرەز قىلىنغان زەبەردۇر.

«اَلْعَصَا» ـــ «ب»دىن ئىبارەت زىر قىلىش قوشۇمچىسى سەۋەبلىك ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن سۆزدۇر. ئۇنىڭ ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى پەرەز قىلىنغان زىردۇر.

2) مەنقۇس ئىسىم ــــ ئاخىرىغا ئالدى زىر ئوقۇلغۇچى سۇكۇنلۇق «ي» ئۇلانغان ئىسىمدىن ئىبارەت. مەسىلەن: اَلْقَاصِيْ، اَلْمُحَامِيْ، اَلْمَاضِيْ، اَلْوَادِيْ، اَلْمُعَانِيْ ... دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ خىل ئىسىملاردا پىش بىلەن زىر پەرەز قىلىنىدۇ، زەبەر ئاشكارا بولىدۇ. مەسىلەن:

سَأَلَ الْقَاضِيْ الْمُحَامِيَ عَنِ الْجَانِيْ

(سوتچى ئادۋوكاتتىن جىنايەتچى توغرىلىق سورىدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ مىسالدىكى سۆزلەرنىڭ ئىئرابى مۇنداق چۈشەندۈرۈلىدۇ:

«الْقَاضِيْ» ــــ پائىل بولۇپ، باش كېلىشتە كەلگەن. ئۇنىڭ باش كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى پەرەز قىلىنغان پىشتۇر.

«الْمُحَامِيَ» ــــ تولدۇرغۇچى بولۇپ، چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن. ئۇنىڭ چۈشۈم كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئاشكارا زەبەردۇر.

«الْجَانِيْ» ــــ «عَنْ»دىن ئىبارەت زىر قىلىش قوشۇمچىسى سەۋەبلىك ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن سۆزدۇر. ئۇنىڭ ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى پەرەز قىلىنغان زىردۇر.

بەزىدە مەنقۇس ئىسىمنىڭ «ي»سى چۈشۈپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

ذَهَبَ قَاضٍ إِلَى مُحَامٍ (سوتچى ئادۋوكاتنىڭ يېنىغا باردى)

دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ مىسالدىكى سۆزلەرنىڭ ئىئرابى مۇنداق چۈشەندۈرۈلىدۇ:

«قَاضٍ» ــــ پائىل بولۇپ، باش كېلىشتە كەلگەن. باش كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى تاشلانغان «ي»غا پەرەز قىلىنغان پىشتۇر.

«مُحَامِ» ــــ «إِلَى» دىن ئىبارەت زىر قىلىش قوشۇمچىسى سەۋەبلىك ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن سۆزدۇر. ئۇنىڭ ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى تاشلانغان «ي»غا پەرەز قىلىنغان زىردۇر.

مەنقۇس ئىسىمنىڭ «ي»سى مۇنداق ئۈچ خىل ھالەتتە چۈشۈپ كەتمەيدۇ:

(1) بېشىغا «ال» كىرگەن ھالەتتە: «اَلْقَاضِيْ»غا ئوخشاش؛

(2) ئىزاپەتلىك بىرىكمىدىكى ئېنىقلانغۇچى (مضاف) بولسا: «قَاضِيْ مَكَّةَ»غا ئوخشاش.

(3) چۈشۈم كېلىشتە كەلسە: «سَأَلْتُ قَاضِيًا»غا ئوخشاش.

3) مۇتەكەللىمنىڭ «ي»سىغا ئىزاپەت قىلىنغان ئىسىم: بۇ «زَمِيْلِيْ»گە ئوخشاش سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ خىل ئىسىملاردا ئۈچ خىل ئىئرابنىڭ ھەممىسى پەرەز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

دَعَا جَدِّيْ أُسْتَاذِيْ مَعَ زُمَلائِيْ

(بوۋام ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئۇستازىمنى چاقىردى)

دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ مىسالدىكى سۆزلەرنىڭ ئىئرابى مۇنداق چۈشەندۈرۈلىدۇ:

«جَدِّيْ» ــــ پائىل بولۇپ، باش كېلىشتە كەلگەن. باش كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى پەرەز قىلىنغان پېشتۇر.

«أُسْتَاذِيْ» ــــ تولدۇرغۇچى بولۇپ، چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن. ئۇنىڭ چۈشۈم كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى پەرەز قىلىنغان زەبەردۇر.

«زُمَلائِيْ» ــــ «مَعَ» بىلەن ئىزاپەتلىك بىرىككەنلىكى سەۋەبلىك ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن سۆزدۇر. ئۇنىڭ ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى پەرەز قىلىنغان زىردۇر.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## دائىم باش كېلىشتە، دائىم چۈشۈم كېلىشتە ۋە دائىم ئىگىلىك كېلىشتە كېلىدىغان ئىسىملارنىڭ تۈرلىرى

دائىم باش كېلىشتە كېلىدىغان (يەنى جۈملىدە ئاخىرى پىشلىك ئوقۇلىدىغان) ئىسىملار ئالتە تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار: 1) ئىگە؛ 2) خەۋەر؛ 3) «كان»نىڭ ئىسمى؛ 4) «إنَّ»نىڭ خەۋىرى؛ 5) پائىل؛ 6) ۋەكىل پائىلدىن ئىبارەت.

دېمەك، بۇلار ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاخىرى پىشلىك ھالەتتە ئوقۇلىدۇ.

دائىم چۈشۈم كېلىشتە كېلىدىغان (يەنى جۈملىدە ئاخىرى زەبەرلىك ئوقۇلىدىغان) ئىسىملار 11 تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار: 1) «إنَّ»نىڭ ئىسمى؛ 2) «كان»نىڭ خەۋىرى؛ 3) تولدۇرغۇچى (مفعول به)؛ 4) ئورۇن ۋە ۋاقىت تولدۇرغۇچىلىرى (رەۋىشلىرى)؛ 5) سەۋەب تولدۇرغۇچىسى؛ 6) ھەمراھلىق تولدۇرغۇچىسى؛ 7) مەنبەداش تولدۇرغۇچى؛ 8) ھالەت تولدۇرغۇچى؛ 9) پەرقلەندۈرگۈچى؛ 10) مۇستەسنا قىلىنغۇچى؛ 11) چاقىرىلغۇچى (مُنَادَى)دىن ئىبارەت.

دېمەك، بۇلار ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاخىرى زەبەرلىك ھالەتتە ئوقۇلىدۇ.

دائىم ئىگىلىك كېلىشتە كېلىدىغان ئىسىملار ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار: 1) ئىزاپەتلىك بىرىكمىدىكى ئېنىقلىغۇچى؛ 2) ئالدىغا زېر قىلىش قوشۇمچىسى (حرف جرّ) كىرگەن ئىسىمدىن ئىبارەت.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ھەرقايسى ئىسىم تۈرلىرىنىڭ تەپسىلاتى ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بۇنىڭدىن كېيىنكى دەرسلىرىمىزدە سۆزلىنىدۇ، ئاللاھ خالىسا.

## ئەگەشكۈچىلەر (تَوَابِع) توغرىسىدا

ئەگەشكۈچى (تَابِع) ـــ ئىئراب جەھەتتە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئىسىمغا شەرتسىز ئەگىشىدىغان ئىسىمدىن ئىبارەت.

ئەگەشكۈچىلەر تۆت تۈرگە ئايرىلغان بولۇپ، ئۇلار: 1) سۈپەت؛ 2) تەكىت؛ 3) باغلانغۇچى (عطف)؛ 4) بەدەل (ئىزاھلىغۇچى)دىن ئىبارەت.

دېمەك، بۇلارنىڭ ئىئرابى ھەردائىم ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ئىسىمنىڭ ئىئرابى بىلەن ئوخشاش ھالەتتە كېلىدۇ.

## مۇئرەب پېئىللار ۋە مەبنى پېئىللار توغرىسىدا

مەبنى پېئىل ـــ ئاخىرقى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتى ئامىل سەۋەبلىك ئۆزگەرمەيدىغان پېئىلدىن ئىبارەت. ئادەتتە پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان سىغىلىرى (پېئىل شەكىللىرى) بىلەن بۇيرۇق (ئەمرى) سىغىلىرى مەبنى پېئىل ھېسابلىنىدۇ.

مۇئرەب پېئىل ـــ ئاخىرقى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتى ئامىل سەۋەبلىك ئۆزگىرىدىغان پېئىلدىن ئىبارەت. ئادەتتە پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان سىغىلىرى مۇئرەب پېئىل ھېسابلىنىدۇ (ئەمما، كەلگۈسى زامان سىغىلىرى ئىچىدىن ئاياللىق پائىلنىڭ «ن»نى بىلەن تەكىتنىڭ «ن»ى ئۇلىنىپ كەلگەنلىرى مۇئرەب پېئىل ئەمەس، بەلكى مەبنى پېئىلدۇر).

| | |
|---|---|
| أَفْهَمُ هٰذَا الدَّرْسَ | باش كېلىش ھالىتى |
| أُرِيْدُ أَنْ أَفْهَمَ هٰذَا الدَّرْسَ | چۈشۈم كېلىش ھالىتى |
| لَمْ أَفْهَمْ هٰذَا الدَّرْسَ | جەزملىك ئوقۇلۇش ھالىتى |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يَذْهَبْنَ          تَذْهَبْنَ          لأَشْرَبَنَّ

دېگەنگە ئوخشاش.

## مۇئرەب پېئىللاردىكى ئەسلى ۋە قوشۇمچە ئىئرابنىڭ بەلگىلىرى

مۇئرەب پېئىللاردىكى ئەسلى ئىئرابنىڭ بەلگىلىرى:

1) الضــمة (ــُ): ئۇ باش كېلىشنىڭ بەلگىسى.

2) الفتحــة (ــَ): ئۇ چۈشۈم كېلىشنىڭ بەلگىسى.

3) اَلْسُّكُوْنُ (ــْ): ئۇ جەزملىك ئوقۇلغانلىقنىڭ بەلگىسى.

پېئىللاردىكى قوشۇمچە ئىئرابنىڭ بەلگىلىرى:

1) پېئىلنىڭ ئاخىرىغا «ن» قوشۇلغان بەش سىغىسدە باش كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئاخىرىدىكى «ن»نىڭ تۇرۇشىدۇر. مەسىلەن:

أَيَذْهَبُوْنَ إِلَى السُّوْقِ          (ئۇلار بازارغا باردىمۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

چۈشۈم كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئاخىرىدىكى «ن»نىڭ چۈشۈپ كېتىشىدۇر. مەسىلەن:

أَتُرِيْدُوْنَ أَنْ تَذْهَبُوْا          (سىلەر بېرىشنى خالامسىلەر)

أَلَمْ تَذْهَبِيْ إِلَى الْمَدْرَسَةِ يَا مَرْيَمُ  (ئى مەريەم! مەكتەپكە بارمىدىڭمۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

2) ناقىس پېئىللاردا ئاخىرقى ھەرپىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى ئۇنىڭ جەزملىك ھالەتتە كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر. مەسىلەن:

لَمْ يَمْشِ          لَمْ يَدْعُ          لَمْ يَنْسَ

## تەقدىرىي (پەرەزىي) ئىئرابلار توغرىسىدا

1) ناقىس پېئىلدا باش كېلىشنىڭ بەلگىسى پەرەزىي بولىدۇ. مەسىلەن: يَمْشِيْ، يَدْعُوْ، يَنْسَى ... لارغا ئوخشاش.

2) «عىين»ى زەبەرلىك ئوقۇلغان ناقىس پېئىلدا چۈشۈم كېلىشنىڭ بەلگىسى پەرەزىي بولىدۇ. مەسىلەن: لَنْ يَنْسَى ... غا ئوخشاش.

3) مۇزائەف پېئىلدىكى جەزمنىڭ بەلگىسى پەرەزىي بولىدۇ. مەسىلەن: لَمْ أَحُجَّ ... غا ئوخشاش.

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: هالنىڭ «و»سى توغرىسىدا

هـال قوشۇمچىسـى بولغـان «و» هـالنى هـال ئىگىسـىگە باغلايـدىغان قوشۇمچە بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر پېئىللىق جۈملە، ئارقىسىدا بىر ئىسىملىق جۈملە كېلىـدۇ ۋە ئـۇ ئالـدىغا كـىرگەن جۈملە ئـورۇن جەهەتـتىن زەبەرلىـك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

حَجَجْتُ وَأَنَا صَغِيْرٌ (مەن كىچىك تۇرۇپ هەج قىلدىم)
مَاتَ الرَّجُلُ وَهُوَ نَائِمٌ (ئەر كىشى ئۇخلىغان هالەتتە ئۆلدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: پېئىلنام توغرىسىدا

پېئىلنــام ـــ پېئىلنــىڭ مەنىســىنى ئۇقتۇرىــدىغان، لــېكىن پېئىلنــىڭ بەلگىلىرىنى قوبۇل قىلمايدىغان سۆز (اسم الفعل)دىن ئىبارەت.
مەسـىلەن: «إِلَيْــكَ» ـــ «خُــذْ» (تـۇت) دېـگەن بـۇيرۇق پېئىلنىـڭ مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن پېئىلنامدۇر:

إِلَيْكَ هٰذَا الْكِتَابَ (بۇ كىتابنى ئوقۇ)
يَقُوْلُ الْمُذِيْعُ: إِلَيْكُمْ نَشْرَةَ الْأَخْبَار
(رىياسەتچى ئېيتىدۇ: تۆۋەندە خەۋەرلەر ئاڭلاڭلار)

«آمِيْنْ» ـــ «إِسْتَجِبْ» دېگەن بۇيرۇق پېئىلنىڭ مەنىسنى ئۇقتۇرۇپ كەلگەن پېئىلنامدۇر:

آمِيْنْ (ئى ئاللاھ! دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغىن)

## 3- مەزمۇن: بەزى ئۆتكەن زامان پېئىللىرىنىڭ كەلگۈسى زامان مەنىسىدە تەرجىمە قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا

تېكستتە «شَفَاهُ اللّٰه» (ئاللاھ ئۇنىڭغا شىپالىق بەرسۇن) دېگەن جۇملە ئۇچرايدۇ. بۇ دۇئا جۇملىدىن ئىبارەت. بۇ جۇملىدە ئۆتكەن زامان پېئىلى كەلگۈسى زامان پېئىلى مەنىسىدە تەرجىمە قىلىنىدۇ. شۇنداقلا، شۇنىڭغا ئوخشىغان ھەرقانداق دۇئا جۇملە كەلگۈسى زامان مەنىسىدە تەرجىمە قىلىنىدۇ. مەسىلەن:(رضي الله عنه) ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن ، (رحمه الله )ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم قىلسۇن دىگەنگە ئوخشاش

## 4- مەزمۇن: زىيادە بولۇپ كەلگەن «مِنْ» توغرىسىدا

تېكستتە «هَلْ مِنْ سُؤَال؟» دېگەن جۇملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ ئەسلىسى «هَلْ مِنْ سُؤَال عِنْدَكَ؟»دۇر. ئۇنىڭدىكى «مِنْ» ـــ زىيادە سۆز بولۇپ، ئىگىنىڭ ئالدىغا كىرگەن. «مِنْ» نىڭ زىيادە بولۇپ كىرىشىنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1- «مِنْ» دىن بۇرۇن نَفْيٌ(بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى) ، أو نَهْيٌ (چەكلەش قوشۇمچىسى)، أو "هَلْ" دىگەن سوراق قوشۇمچىسى كىلىشى كىرەك.

2- «مِنْ»دىن كيىن كەلگەن ئىسىم ئېنىقسىز ئىسىم بولىشى كىرەك.

ئۇنىڭ باشقا ھۆكۈملىرىنى ئاللاھ خالىسا ئالدىمىزدا ئوقۇيمىز.

www.uyghurkitap.com

## 5- مەزمۇن: «عِنْدَ» مەنىسىدە كەلگەن «لَدَى» توغرىسىدا

تېكىستتە «لَدَيَّ سُؤَالٌ» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىكى «لَدَى» ئورۇن رەۋىشى بولۇپ، «عِنْدَ» مەنىسىدە كەلگەن. «لَدَى»نىڭ «ئەلىف»ى كىشىلىك ئالماش (ضمير)غا قوشۇلغان چاغدا «ي»غا ئالمىشىدۇ. خۇددى «إِلَى» ۋە «عَلَى»نىڭ «ئەلىف»ى ئالماشقاندەك:

لَدَى + ه = لَدَيْهِ    لَدَى + ك = لَدَيْكَ    لَدَى + ي = لَدَيَّ

# ئىككىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: ئۆتكەن زامان پېئىلنى مەجھۇل پېئىل شەكلىگە ئايلاندۇرۇش ئۇسۇلى توغرىسىدا

ئۆتكەن زامان پېئىلنى مەجھۇل قىلماقچى بولساق، بىرىنچى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىنى پەشلىك قىلىمىز، ئاخىرىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىنى زېرلىك قىلىمىز. مەسىلەن:

كَتَبَ ← كُتِبَ		شَرِبَ ← شُرِبَ

دېگەنگە ئوخشاش.

كەلگۈسى زامان پېئىلنى مەجھۇل قىلماقچى بولساق، بىرىنچى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتى پەشلىك قىلىنىدۇ، ئاخىرىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەبەرلىك قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

يَكْتُبُ ← يُكْتَبُ		يَشْرَبُ ← يُشْرَبُ

يَعْبُدُ ← يُعْبَدُ		يَخْلُقُ ← يُخْلَقُ

دېگەنگە ئوخشاش.

مەجھۇل پېئىل ئىشلىتىلگەن جۈملىدە پائىل تاشلىنىپ كېتىپ، تولدۇرغۇچىنىڭ ئاخىرى پائىلنىڭ ئورنىدا پەشلىك ئوقۇلىدۇ ھەمدە نائىب پائىل دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى

يَشْرَحُ الْمُدَرِّسُ الدَّرْسَ مَرَّتَيْنِ
(ئوقۇتقۇچى دەرسنى ئىككى قېتىم چۈشەندۈردى)

يُشْرَحُ الدَّرْسُ مَرَّتَيْنِ (دەرس ئىككى قېتىم چۈشەندۈرۈلدى)

ئەگەر تولدۇرغۇچى كىشىلىك ئالماش بولسا، پائىلنىڭ ئورنىدا تۇرۇش ئۈچۈن باش كېلىشنىڭ ئالمىشى كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

أَسْأَلُكَ الْمُدِيْرُ عَنِ الْغِيَابِ
(مۇدىر سەندىن يوقاپ كەتكەنلەرنى سورىدىمۇ)

ئەمدى بۇ جۈملە مەجھۇل قىلىنسا مۇنداق بولىدۇ:

أَسُئِلْتَ عَنِ الْغِيَابِ (يوقاپ كەتكەنلەر توغرىسىدا سورالدىڭمۇ)

## 2- مەزمۇن: «ال»قوشۇلغان خاس ئىسىملارنىڭ چاقىرىلىشى توغرىسىدا

«ال» قوشۇلغان خاس ئىسىملارنى چاقىرغاندا «ال» تاشلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

اَلْحَسَنُ ← يَا حَسَنُ      اَلْحَارِثُ ← يَا حَارِثُ
اَلْبَرَاءُ ← يَا بَرَاءُ      اَلزُّبَيْرُ ← يَا زُبَيْرُ

دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: نىسبەت قوشۇمچىسى توغرىسىدا

نىسبەت قوشۇمچىسى ــــ تەۋەلىكنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئىسمنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىدىغان تەشدىدلىك «ي»نى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

اَلْهِنْدُ (هىندىستان) ⟵ هِنْدِيٌّ (هىندىستانلىق)

اَلْعِرَاقُ (ئىراق) ⟵ عِرَاقِيٌّ (ئىراقلىق)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: «إِمَّا» توغرىسىدا

«إِمَّا» ـــ ئايرىش قوشۇمچىسى بولۇپ، گۇمان ياكى تاللاش مەنىسىنى ئۆتتۇرۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

إِمَّا تَزُوْرُنِيْ وَإِمَّا أَزُوْرُكُ

(ياكى سەن مېنى يوقلايسەن، ياكى مەن سېنى يوقلايمەن)

إِبْرَاهِيْمُ إِمَّا مَرِيْضٌ وَإِمَّا مُسَافِرٌ

(ئىبراھىم ياكى ئاغرىپ قالدى، ياكى سەپەر قىلدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: ئىسىم پائىل توغرىسىدا

ئىسىم پائىل (ئىش ھەرىكەتنىڭ ئىگىسى) — ئىش ھەرىكەتنى ئورۇندىغۇچىنىڭ ئىسمىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئېنىق (معلوم) پېئىلدىن ياسالغان ئىسىمدىن ئىبارەت.

ئىسىم پائىل ئۈچ ھەرپلىك پېئىللاردىن «فَاعِلٌ» ئۆلچىمىدە ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

عَالِمٌ (ئالىم) جَاهِلٌ (جاھىل، بىلىمسىز)

قَاتِلٌ (ئۆلتۈرگۈچى، قاتىل)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: ئىسىم مەپئۇل توغرىسىدا

ئىسىم مەپئۇل — ئىش ھەرىكەت ئوبيېكتىنىڭ ئىسمىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن مەجھۇل ئۈچۈن قۇرۇلغان پېئىلدىن ياسالغان ئىسىمدىن ئىبارەت.

ئىسىم مەپئۇل ئۈچ ھەرپلىك پېئىللاردىن «مَفْعُوْلٌ» ئۆلچىمىدە ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

مَقْتُوْلٌ (ئۆلگۈچى) مَوْلُوْدٌ (بالا، تۇغۇلغۇچى)

## 3- مەزمۇن: بولۇشسىز قىلىش قوشۇمچىسى بولغان «مَا» توغرىسىدا

تېكىستتە «مَا أَنَا بِغَافِلٍ» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «مَا» ـــ بولۇشسىز قىلىش قوشۇمچىسى (مَا النافية)دىن ئىبارەت. ئۇ «لَيْسَ» تۈرىدىكى قوشۇمچە بولۇپ، ئىسىملىق جۈملىگە كىرىپ ئىسىمنىڭ ئاخىرىنى پىش، خەۋىرىنىڭ ئاخىرىنى زەبەر ئوقۇتىدۇ. بۇ «مَا» يەنە ھىجازلىقلارنىڭ «مَا»سى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

﴿مَا هٰذَا بَشَرًا﴾ (بۇ ئىنسان ئەمەس)

﴿وَمَا اللهُ بِغَافِلٍ عَمَّا تَعْمَلُوْنَ﴾

(ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن غاپىل ئەمەس)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# تۆتىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: ئەجۋەف پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىنى مەجھۇل قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدا

ئەسلى قائىدە بويىچە ئۈچ ھەرپلىك پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىنى «فُعِلَ» ئۆلچىمىدە مەجھۇل قىلىنىدۇ. ئەمما، بۇ ھەرىكەت يۆتكىلىش ۋە ھەرپ ئالمىشىش بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەجۋەف پېئىلدا شۇ بويىچە جارى بولمايدۇ. مەسىلەن:

قِيْلَ (دېيىلدى) بِيْعَ (سېتىلدى) زِيْرَ (زىيارەت قىلىندى)

دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ پېئىللارمۇ ئەسلىدە «فُعِلَ» ئۆلچىمىگە باراۋەر كېلىدۇ. مەسىلەن: «قِيْلَ»نى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭ ئەسلىسى «قُوِلَ»دۇر. ئۇنىڭدا «و» ھەرىكەتلىك كېلىپ قالغان، كېسەل ھەرپكە ھەرىكەت ئېغىر كەلگەچكە، ھەرىكىتى ئالدىدىكى ھەرپكە ئېلىپ بېرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن «قِوْلَ» بولغان. ئاندىن زىر ھەرىكەتنىڭ ئارقىسىدىن «ي» كېلىش مۇناسىپ بولغاچقا، «و» ـــ «ي»غا ئالماشتۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن «قُوِلَ»دىن ئىبارەت بۇ ئەسلى ئۆلچەمدىكى پېئىل شەكلى «قِيْلَ»گە ئۆزگىرىپ قالغان.

دېمەك، ئەمدى ھەرقانداق «و»لۇق ئەجۋەف پېئىل كەلسە، ئۇنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى مۇشۇ قائىدە بويىچە مەجھۇلغا ئايلاندۇرۇلىدۇ.

شۇنىڭدەك، «بِيْـعَ»نىڭ ئەسلىسىمۇ «بُيـعَ» بولـۇپ، «فُعِـلَ»گە بـاراۋەر كېلىـدۇ. ئۇنىڭـدا «ي»دىـن ئىبـارەت كېسـەل ھەرپ ھەرىكەتلىـك كېلىـپ قالغــان، كېســەل ھەرپ ھەرىــكەت كۆتۈرەلمەيــدىغان بولغاچقــا، ئۇنىــڭ ھەرىكىتى ئالدىدىكى ھەرپكە يۆتكەپ بېرىلگەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ پېئىل شەكلى «بِيْعَ»گە ئۆزگىرىپ قالغان.

دېـمەك، ئەمـدى ھەرقانـداق كەلگۈسـى زامـان شـەكلىنىڭ «عـين»ى «ي»لىق ئەجۋەف پېئىل كەلسە، ئۇنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى مۇشۇ قائىدە بويىچە مەجھۇلغا ئايلاندۇرۇلىدۇ:

بَاعَ / يَبِيْعُ ⟵ بِيْعَ زَادَ / يَزِيْدُ ⟵ زِيْدَ

شـۇنىڭدەك، ئەجـۋەف پېئىلنىـڭ كەلگۈسـى زامـان شـەكلىنى مەجھـۇل قىلمـاقچى بولسـاق، «عـين»نىـڭ ئۇدۇلـدىكى كېسـەل ھەرپنىـڭ ھەرىكتـى ئالدىدىكى ھەرپكە يۆتكەپ بېرىلىپ ئۆزى «ا»قا ئالماشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن:

يَقُوْلُ ⟵ يُقَالُ (دېيىلىدۇ، سۆزلىنىدۇ) يَبِيْعُ ⟵ يُبَاعُ (سېتىلىدۇ)
يَسُوْقُ ⟵ يُسَاقُ (ھەيدىلىدۇ، قوغلىنىدۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: ئەجۋەف پېئىلدىن ئىسىم پائىل ياساش توغرىسىدا

ئىسىم پائىل ئەجۋەف پېئىلدىمۇ «فَاعِلٌ» ئۆلچىمىدە ياسىلىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭدىكى «ا»تىن كېيىن كەلگەن كېسەل ھەرپ «ء» (ھەمزە)گە ئالماشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن:

قَالَ / يَقُوْلُ ⟵ قَائِلٌ ئەسلىسى: قَاوِلٌ
بَاعَ / يَبِيْعُ ⟵ بَائِعٌ ئەسلىسى: بَايِعٌ

دېگەنگە ئوخشاش.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

### 3- مەزمۇن: ناقىس پېئىلدىن ئىسىم پائىل ياساش توغرىسىدا

ناقىس پېئىلدىن ئىسىم پائىل ياسىغاندا ئىككى سۇكۇن بىر كېلىپ قالىدىغان بولغاچقا، ئاخىردىكى كېسەل ھەرپ چۈشۈپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

دَعَا / يَدْعُ ← دَاعٍ (چاقىرغۇچى)

دېگەنگە ئوخشاش.

بۇنىڭدىمۇ «داعٍ»نىڭ ئەسلىسى «دَاعِوٌ» بولۇپ، «فَاعِلٌ»غا باراۋەر كېلەتتى. 4- ئورۇندا كەلگەن ئالدى زېرلىق «و» — «ي»غا ئالماشتۇرۇش قائىدە بولغاچقا، بۇنىڭدىكى «و» — «ي»غا ئالماشتۇرۇلغان. «ي» كېسەل ھەرپ بولغاچقا، ھەرىكىتى تاشلانغان، بۇنىڭ بىلەن تەنۋىننىڭ سۇكۇنى بىلەن «ي»نىڭ سۇكۇنى بىرگە كېلىپ قالغاچقا، «ي»مۇ تاشلانغان. نەتىجىدە ئەسلى ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بۇ پېئىل شەكلى «دَاعٍ»غا ئۆزگىرىپ قالغان.

شۇڭا، بۇنداق ئىسىم پائىلنىڭ ئالدىغا «الـ» كىرسە، ئۇنىڭدىكى تاشلىنىپ كەتكەن «ي» قايتىپ كېلىدۇ. چۈنكى، «الـ»لىق ئىسىمغا تەنۋىن كىرمىگەچكە، ئىككى سۇكۇن بىرگە كېلىپ قالمايدۇ. مەسىلەن: «اَلدَّاعِيْ»غا ئوخشاش.

شۇنىڭدەك، «سَقَى / يَسْقِيْ» دېگەن ناقىس پېئىلنىڭ ئىسىم پائىلمۇ «سَاقٍ» دەپ تۈرلىنىدۇ. بۇنىڭمۇ ئەسلىسى «سَاقِيٌ» بولۇپ، «ي»غا ھەرىكەت ئېغىر بولغانلىقتىن ئۇنىڭدىكى ھەرىكەت ئېلىپ تاشلانغان، ئاندىن ئىككى سۇكۇن بىر كېلىپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن «ي»مۇ تاشلانغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «سَاقٍ»غا ئۆزگىرىپ قالغان.

يەنە شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ ئالدىغا «الـ» كىرگۈزۈلسە، تاشلىنىپ كەتكەن ئەسلىدىكى «ي» ئورنىغا قايتىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: سَاقٍ ← اَلسَّاقِيْ (كۆتكۈچى) دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: ئەجۋەف پېئىلدىن ئىسىم مەپئۇل ياساش ئۇسۇلى توغرىسىدا

ئىسىم مەپئۇل ئەجۋەف پېئىلدىمۇ «مَفْعُوْلٌ» ئۆلچىمىدە ياسىلىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭدا ھەرىكەت يۆتكىلىش ۋە ھەرپ تاشلىنىش بولغانلىقتىن ئەمەلىيەتتە ئىستېمال قىلىنىدىغان ئىسىم مەپئۇل «مَفْعُوْلٌ» ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مەسىلەن: «قَالَ / يَقُوْلُ» دېگەن پېئىلنىڭ ئىسىم مەپئۇلى «مَقُوْلٌ» بولۇپ، ئۇ «مَفْعُوْلٌ» ئۆلچىمىگە ماس كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى مۇنداق: ئەسلىسى «مَقْوُوْلٌ» بولۇپ، «مَفْعُوْلٌ»غا باراۋەر كېلەتتى. ئۇنىڭدا «و» ھەرىكەتلىك ۋە ئالدى سۇكۇنلۇق بولغاچقا، ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئالدىدىكى ھەرپكە يۆتكەپ بېرىلگەن، ئاندىن ئىككى سۇكۇن بىرگە كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن بىر سۇكۇنلۇق «و» تاشلانغان، شۇنىڭ بىلەن ئەسلى ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بۇ پېئىل شەكلى ئىستېمالدىكى «مَقُوْلٌ»غا ئۆزگىرىپ قالغان.

دېمەك، «و»لۇق ئەجۋەف پېئىللارنىڭ ئىسىم مەپئۇلى مۇشۇ مىسالغا ئوخشاش تۈرلىنىدۇ.

شۇنىڭدەك، «بَاعَ / يَبِيْعُ»دىن «مَبِيْعٌ» ئىسىم مەپئۇل چىقىدۇ. بۇمۇ «مَفْعُوْلٌ»غا باراۋەر ئەمەس. شۇڭا، ئەسلىسى «مَبْيُوْعٌ»دۇر. بۇنىڭدا «ي» ھەرىكەتلىك ۋە ئالدى سۇكۇنلۇق بولغاچقا، ئۇنىڭدىكى ھەرىكەت ئالدىدىكى ھەرپكە يۆتكەپ بېرىلگەن، بۇ چاغدا «ي» بىلەن «و»دا ئىككى

سۇكۇن بىر كېلىپ قالغاچقا، سۇكۇنلۇق «و» تاشلىنىۋېتىلگەن. ئاندىن «ي» ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ زىرلىك ئوقۇلۇشىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتى زىرغا ئالماشتۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن نۆۋەتتە ئىستېمال قىلىنىۋاتقان «مَبِيْعٌ» دېگەن ئىسىم مەپئۇل شەكىللەنگەن.

دېمەك، «ي»لىق ئەجۇەف پېئىللارنىڭ ئىسىم مەپئۇلى مۇشۇ مىسالغا ئوخشاش تۈرلىنىدۇ.

## 5- مەزمۇن: ناقىس پېئىلدىن ئىسىم مەپئۇل ياساش ئۇسۇلى توغرىسىدا

ناقىس پېئىلدىن ئىسىم مەپئۇل ياسىغاندىمۇ ئەسلىدىكى ئۆلچەم «مَفْعُوْلٌ»غا ماس كېلىدۇ. لېكىن، ئەسلىسى ماس كېلىدۇ. مەسىلەن: «دَعَا يَدْعُوْ»دىن «مَدْعُوٌّ» ئىسىم مەپئۇل چىقىدۇ. بۇ «مَفْعُوْلٌ»غا باراۋەر كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەسلىسى «مَدْعُوْوٌ»دۇر. بۇنىڭدا ئىككى ھەرپ بىر جىنستىن، شۇنداقلا بىرىنچى ھەرپ سۇكۇنلۇق، ئىككىنچى ھەرپ ھەرىكەتلىك بولۇشتىن ئىبارەت ئىدغامنىڭ شەرتى تولۇق ھازىرلانغاچقا، سۇكۇنلۇق «و» ھەرىكەتلىك «و»غا ئىدغام قىلىپ كىرىشتۈرۈۋېتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن «مَدْعُوٌّ» ھاسىل بولغان.

دېمەك، «و»لۇق ناقىس پېئىللارنىڭ ئىسىم مەپئۇلى مۇشۇ مىسالغا ئوخشاش تۈرلىنىدۇ.

شۇنىڭدەك، «بَنَى يَبْنِيْ»دىن «مَبْنِيٌّ» ئىسىم مەپئۇل چىقىدۇ. بۇ «مَفْعُوْلٌ»غا باراۋەر ئەمەس. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەسلىسى «مَبْنُوْيٌ»دۇر. بۇنىڭدا «و» بىلەن «ي» بىرگە كېلىپ قالغان ھەمدە «و» سۇكۇنلۇق، شۇڭا

بۇنىڭدىكى «و» ــــ «ي»غا ئالماشتۇرۇلغان، ئاندىن ئىدغامنىڭ شەرتى تېپىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ كەينىدىكى «ي»غا ئىدغام قىلىپ كىرىشتۈرۈۋېتىلگەن. ئاندىن «ي» ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ زېرلىك ئوقۇلۇشىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتى زېرغا ئالماشتۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن نۆۋەتتە ئىستېمال قىلىنىۋاتقان «مَبْنِيٌّ» دېگەن ئىسىم مەپئۇل شەكلىلەنگەن.

دېمەك، «ي»لىق ناقىس پېئىللارنىڭ ئىسىم مەپئۇلى مۇشۇ مىسالغا ئوخشاش تۈرلىنىدۇ.

## 6- مەزمۇن: «سَلَّمَ» توغرىسىدا

«سَلَّمَ» دېگەن پېئىلدىن كېيىن «عَلَى» دېگەن ئاخىرىنى زېر قىلغۇچى قوشۇمچە كەلسە، ئۇ «سالام قىلدى» (يەنى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دېدى) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسلەن:

سَلَّمَ عَلَيْكَ (ئۇ ساڭا سالام ئېيتتى)

سَلَّمْتُ عَلَى الْأُسْتَاذِيْ (مەن ئۇستازىمغا سالام قىلدىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئەگەر «سَلَّمَ»دىن كېيىن «لِ» دېگەن قوشۇمچە كەلسە، «تاپشۇردى»، «بەردى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسلەن:

يُسَلِّمُ لِلْمُدَرِّسِ الطُّلاَّبُ الدَّفَاتِرَ

(ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىغا دەپتەرلەرنى بەردى)

دېگەنگە ئوخشاش.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

# ئالتىنچى دەرس

## ئىسىم ئالەت (اسم آلة) توغرىسىدا

ئىسىم ئالەت ـــ ئىش-ھەرىكەتنى ئورۇنلاشتا تايىنىلغان قورال-سايماننىڭ ئىسمىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ياسالغان ئىسىمدىن ئىبارەت.

ئىسىم ئالەت ئۈچ خىل ئۆلچەمدە ياسىلىدۇ، ئۇلار:

1) «مِفْعَالٌ» ئۆلچىمىدە ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

فَتَحَ / يَفْتَحُ (ئاچتى) مِفْتَاحٌ (ئاچىدىغان قورال، ئاچقۇچ)
وَزَنَ / يَزِنُ (ئۆلچىدى) مِيْزَانٌ (ئۆلچەيدىغان قورال، تارازا)

دېگەنگە ئوخشاش.

2) «مِفْعَلٌ» ئۆلچىمىدە ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

قَصَّ / يَقُصُّ (قايچىلىدى) مِقَصٌّ (قايچا)
صَعِدَ / يَصْعَدُ (ئۆرلىدى) مِصْعَدٌ (ئۈستىگە ئۆرلەيدىغان قورال، لىفت)

دېگەنگە ئوخشاش.

3) «مِفْعَلَةٌ» ئۆلچىمىدە ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

كَنَسَ / يَكْنُسُ (سۈپۈردى) مِكْنَسَةٌ (سۈپۈرگە)
لَعِقَ / يَلْعَقُ (يالاپ يېدى) مِلْعَقَةٌ (قوشۇق)

طَرَقَ / يَطْرُقُ (ئۇردى، قاقتى) مِطْرَقَةٌ (توقماق، بازغان)

سَطَرَ / يَسْطُرُ (سىزدى) مِسْطَرَةٌ (سىزغۇچ)

عَصَرَ / يَعْصِرُ (سىقىپ چىقاردى) مِعْصَرَةٌ (سىقىپ چىقىرىش ماشىنىسى)

غَرَفَ / يَغْرِفُ (تاماق ئۇستى) مِغْفَرَةٌ (چۆمۈچ)

قَلَى / يَقْلِيْ (قورۇدى) مِقْلاةٌ (ساپلىق، قازان)

مَحَا / يَمْحُوْ (ئۆچۈردى) مِمْحَاةٌ (ئۆچۈرگۈچ)

كَوَى / يَكْوِيْ (دەزماللىدى) مِكْوَاةٌ (دەزمال)

بَرَى / يَبْرِيْ (ئۇچلىدى) مِبْرَاةٌ (ئۇچلىغۇچ)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

# يەتتىنچى دەرس

## ئېنىق ئىسىم ۋە ئېنىقسىز ئىسىم توغرىسىدا

ئىسىم ئۇقتۇرغان مەنىسىگە قاراپ ئېنىق ئىسىم (مَعْرِفَة) ۋە ئېنىقسىز ئىسىم (نَكِرَة) دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

ئېنىق ئىسىم — مۇئەييەن ئادەم ياكى نەرسىنى كۆرسىتىدىغان ئىسىمدىن ئىبارەت. مەسىلەن: مُحَمَّدٌ، أَنْتَ، هٰذَا، كِتَابُ الْمُدَرِّسِ، اَلْجَامِعَةُ ... دېگەنگە ئوخشاش.

ئېنىقسىز ئىسىم — مۇئەييەن ئادەم ياكى نەرسىنى كۆرسەتمەيدىغان، پەقەت ئومۇمىي مەنە ئۇقتۇرىدىغان ئىسىمدىن ئىبارەت. مەسىلەن: رَجُلٌ، كِتَابٌ، جَامِعَةٌ، طَالِبٌ، نَظِيفٌ ... دېگەنگە ئوخشاش.

ئېنىق ئىسىملار يەتتە تۈرگە ئايرىلىدۇ، ئۇلار:

1) كىشىلىك ئالماش (ضمير)لار: بۇ أَنَا، نَحْنُ، أَنْتَ، أَنْتِ، هُوَ، هُمْ، هُنَّ ...، «كَتَبْتُ»دىكى «تُ»، «يَكْتُبُونَ»دىكى «و» ... لارغا ئوخشاشلارنى كۆرسىتىدۇ.

2) خاس ئىسىملار: بۇ أَحْمَدُ، اَلْهِنْدُ، مَكَّةُ ... لارغا ئوخشاشلارنى كۆرسىتىدۇ.

3) كۆرستىش ئالماشلىرى (اسم الإشارة): بۇ هٰذَا، ذٰلِكَ، هٰذِهِ، تِلْكَ، هٰؤُلاءِ ... لارغا ئوخشاشلارنى كۆرستىدۇ.

4) نسبىي ئالماشلار (اسم الموصول): بۇ اَلَّذِيْ، اَلَّذِيْنَ، اَلَّتِيْ، اَللاتِيْ، نسبىي ئالماش بولغان «مَا» ۋە «مَنْ» ... لارنى كۆرستىدۇ.

5) ئالدىغا «ال» قوشۇلغان ئىسملار: بۇ اَلْكِتَابُ، اَلرَّجُلُ، اَلْكِتَابُ ... لارغا ئوخشاشلارنى كۆرستىدۇ.

6) ئېنىق ئىسمغا ئىزاپەت قىلىنغان ئىسملار: بۇ كِتَابُهُ، كِتَابُ حَامِدٍ، كِتَابُ هٰذَا ... لارغا ئوخشاشلارنى كۆرستىدۇ.

ئەمما، ئېنىقسىز ئىسمغا ئىزاپەت قىلىنغان ئىسىم يەنىلا ئېنىقسىز ئىسىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: كِتَابُ طَالِبٍ، بَيْتُ مُدَرِّسٍ ... دېگەنگە ئوخشاش.

7) مەقسەتلىك ھالدا چاقىرىلغان ئېنىقسىز ئىسىم: بۇ يَا رَجُلُ، يَا شَيْخُ، يَا طَالِبُ ... لارغا ئوخشاشلارنى كۆرستىدۇ.

ئەمما، ئېنىقسىز ئىسىم مەقسەتسىز چاقىرىلسا يەنىلا ئېنىقسىز ئىسىم بولىدۇ. مەسىلەن: قارىغۇنىڭ «يَا رَجُلاً خُذْ بِيَدِيْ» (ئى ئادەم! مېنى قۇتقۇز) دېگەن سۆزىگە ئوخشاش.

ئېنىق ئىسىمنى چاقىرغاندا ئۇنىڭ ئەھۋالى ئۆزگەرمەيدۇ. مەسىلەن: يَا خَالِدُ، يَا هٰذَا، يَا هَاشِمُ ... دېگەنگە ئوخشاش.

يۇقىرىقى تۈرلەرگە تەۋە بولغان ئىسملار ئېنىق (معرفة) ئىسملاردۇر، ئۇلاردىن باشقىسى ئېنىقسىز (نكرة) ئىسملاردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سەككىزىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: ئىزاپەتلىك بىرىككەن ئىسىملار توغرىسىدا

1) بىرلىك ئىسىم ئىزاپەتلىك بىرىكسە، ئاخىرىدىكى تەنۋىن چۈشۈپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

هٰذَا كِتَابٌ ← هٰذَا كِتَابُ اللهِ (بۇ ئاللاھنىڭ كىتابى)

أَنَا طَالِبٌ ← أَنَا طَالِبُ جَامِعَةٍ (مەن ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىسى)

دېگەنگە ئوخشاش.

2) ئىككىلىك ئىسىم ۋە ساغلام ئەرلىك كۆپلۈك ئىسىملار ئىزاپەتلىك بىرىكسە، ئاخىرىدىكى «ن» چۈشۈپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

أَيْنَ الْبِنْتَانِ ← أَيْنَ بِنْتَا حَامِدٍ

(ئىككى قىز قەيەردە) (ھامىدنىڭ ئىككى قىزى قەيەردە)

رَأَيْتُ بِنْتَيْنِ (مەن ئىككى قىزنى كۆردۈم)

رَأَيْتُ بِنْتَيْ حَامِدٍ (مەن ھامىدنىڭ ئىككى قىزىنى كۆردۈم)

جَاءَ الْمُدَرِّسُوْنَ ← جَاءَ مُدَرِّسُ الفِقْهِ

(ئوقۇتقۇچىلار كەلدى) (فىقھى ئوقۇتقۇچىسى كەلدى)

أَبْحَثُ عَنْ مُدَرِّسَيْ الْفِقْهِ

(مەن فىقھىنىڭ ئىككى ئوقۇتقۇچىسىنى ئىزدەۋاتىمەن)

## 2- مەزمۇن: مۇتەكەللىمنىڭ «ي»سى توغرىسىدا

مۇتەكەللىم (بىرىنچى شەخس)نىڭ «ي»سى ئاخىرى ئەلىف ياكى سۇكۇنلۇق «ي» بولغان ئىسىمغا ئۇلانسا، زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

أَخَوَانِ + ي = أَخَوَايَ (مېنىڭ ئىككى قېرىندىشىم)

صَدِيْقَانِ + ي = صَدِيْقَايَ (ئىككى دوستۇم)

غَسَلْتُ رِجْلَيَّ (مەن ئىككى پۇتۇمنى يۇدۇم)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: «كِلا» ۋە «كِلْتَا» توغرىسىدا

بۇلار تەلەپپۇز جەھەتتە بىرلىك، مەنە جەھەتتە ئىككىلىك ھېسابلىنىدىغان ئىسىملار بولۇپ، ئۇنىڭ تەلەپپۇز جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتىنى ئېتىبارغا ئېلىش (يەنى بىرلىك ساندا دەپ قاراپ بىرلىك ساندىكى ئىسىملار قاتارىدا ئىشلىتىش) كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

كِلاهُمَا جَدِيْدٌ (ھەر ئىككىسى يېڭى)

كِلْتَاهُمَا جَدِيْدَةٌ (ھەر ئىككىسى يېڭى)

دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ ئىككىسىنىڭ مەنە جەھەتتىن (يەنى ئىككىلىك ساندا) ئىشلىتىلىشىمۇ دۇرۇس. لېكىن، بۇنداق ئىشلىتىش ئاز ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: كِلاهُمَا جَدِيْدَانِ، كِلْتَاهُمَا جَدِيْدَتَانِ ... دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 4- مەزمۇن: «ذَانِكَ» ۋە «تَانِكَ» توغرىسىدا

«هٰذَا»نىڭ ئىككىلىكى شەكلى ــــ «هٰذَانِ»؛ «هٰذِهِ»نىڭ ئىككىلىك شەكلى ــــ «هَاتَانِ»؛ «ذٰلِكَ»نىڭ ئىككىلىك شەكلى ــــ «ذَانِكَ»؛ «تِلْكَ»نىڭ ئىككىلىك شەكلى «تَانِكَ» بولۇپ، بۇلار باش كېلىشتىكى شەكىللەردۇر.

چۈشۈم كېلىشتىكى شەكىللەر مۇنداق:

رَأَيْتُ هٰذَيْنِ الْكِتَابَيْنِ (مەن بۇ ئىككى كىتابنى كۆردىم)
رَأَيْتُ هَاتَيْنِ الطَّالِبَتَيْنِ (مەن بۇ ئىككى قىز ئوقۇغۇچىنى كۆردىم)
رَأَيْتُ ذَيْنِكَ الرَّجُلَيْنِ (مەن ئاۋۇ ئىككى ئەر كىشىنى كۆردۈم)
رَأَيْتُ تَيْنِكَ السَّيَّارَتَيْنِ (مەن ئاۋۇ ئىككى ماشىنىنى كۆردىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئىگىلىك كېلىش شەكلىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشايدۇ. مەسىلەن:

هِيَ لِذَيْنِكَ الطَّالِبَيْنِ (ئۇ ئاۋۇ ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 5- مەزمۇن: «إِيْتِ» توغرىسىدا

«أَتَى / يَأْتِيْ»نىڭ بۇيرۇق شەكلى «إِيْتِ»دۇر، ئۇنىڭ ئەسلىسى «اِئْتِ» ئىدى. بۇنىڭدىكى ھەمزە يەڭگىللىك ۋە زىرغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن «ي»غا ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن. لېكىن، بۇ سۆز «و» ياكى «ف»دىن كېيىن كەلسە ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن ھەمزە ئەسلىگە قايتىپ كېلىدۇ. «وَأْتِ»، «فَأْتِ» دېگەنگە ئوخشاش. چۈنكى، بۇ خىل ھالەتتە بۇيرۇقنىڭ ھەمزىسى (ئۇلانما

ھەمــزە)، يەنــى بىرىنچــى ھەمــزە چۈشــۈپ كېتىــدۇ. شــۇڭا، «وَأْتِ» ۋە «فَأْتِ»لاردىكى ھەمزە «ي»غا ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن ھەمزە بولۇپ، بۇ يەردە ئەسلىگە قايتىپ كەلگەن. مەسلەن:

إِذْهَبْ إِلَى الْمَهْجَعِ فِي الْفُسْحَةِ وأْتِ بِهِمَا ...

(سەن ياتاققا تېز بېرىپ ئىككيلەننى ئېلىپ كەلگىن)

﴿قَالَ إِبْرَاهِيْمُ فَإِنَّ اللّٰهَ يَأْتِيْ بالشَّمْسِ مِنَ الْمَشْرِقِ فَأْتِ بِهَا مِنَ الْمَغْرِبِ﴾

(ئىبراھىم (نەمرۇدنىڭ ھاماقەتلىكىنى كۆرۈپ): «ئاللاھ ھەقىقەتەن قۇياشنى شەرقتىن چىقرالايدۇ، (خۇدالىق دەۋاسى قىلىدىغان بولساڭ) سەن ئۇنى غەربتىن چىقىرىپ باققىن» دېدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# توققۇزىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: ئىسىملىق جۈملە ۋە پېئىللىق جۈملە توغرىسىدا

ئىسىملىق جۈملە ـــ ئىسىم بىلەن باشلانغان جۈملە بولۇپ، ئۇ ئادەتتە:

1) ئاشكارا ئىسىم بىلەن باشلىنىدۇ. مەسىلەن:

اَللّٰهُ غَفُوْرٌ (ئاللاھ ئەپۇ قىلغۇچىدۇر)

أَنَا مُجْتَهِدٌ (مەن تىرىشچان)

دېگەنگە ئوخشاش.

2) ياسالما مەسدەر بىلەن باشلىنىدۇ. مەسىلەن:

﴿أَنْ تَصُوْمُوْا خَيْرٌ لَّكُمْ﴾

(روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن (ئېغىز ئوچۇق يۈرۈشتىن ۋە فىديە بېرىشتىن) ياخشىدۇر) دېگەنگە ئوخشاش (بۇنىڭدا «أَنْ تَصُوْمُوْا»نىڭ تەقدىرى «صِيَامُكُمْ»دۇر).

3) پېئىلغا ئوخشاش قوشۇمچىلار بىلەن باشلىنىدۇ. مەسىلەن:

﴿إِنَّ اللّٰهَ غَفُوْرٌ رَّحِيْمٌ﴾ (ئاللاھ ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر)

دېگەنگە ئوخشاش.

پېئىلغا ئوخشاش قوشۇمچىلار بولسا «إِنَّ» ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

پېئىللىق جۈملە ـــ پېئىل بىلەن باشلانغان جۈملە بولۇپ، ئۇ ئادەتتە:

1) تولۇق پېئىل بىلەن باشلىنىدۇ. مەسىلەن:

طَلَعَتْ الشَّمْسُ (قۇياش چىقتى)
غَرَبَ الْقَمَرُ (ئاي ئولتۇردى)

دېگەنگە ئوخشاش.

2) تولۇقسىز پېئىل بىلەن باشلىنىدۇ. مەسىلەن:

كَانَ الْجَوُّ بَارِدًا (هاۋا سوغۇق بولدى)
لَيْسَ مُجْتَهِدٌ بِيَأْسٍ (تىرىشچان كىشى ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ)

## 2- مەزمۇن: باشلاش پېئىللىرى توغرىسىدا

«طَفِقَ»، «جَعَلَ»، «أَخَذَ» ... لارغا ئوخشاش پېئىللار باشلاش پېئىللىرى بولۇپ، بۇلار «كان»نىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ خەۋىرى تەركىبىدە كەلگۈسى زامان پېئىلى بولغان پېئىللىق جۈملە بولۇشى شەرت. مەسىلەن:

طَفِقُوْا يَتَحَرَّكُوْنَ مِنْ أَمَاكِنِهِمْ وَيَبْعَثُوْنَ
(ئۇلار ئۆز ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ ئويۇن ئويناشقا باشلىدى)

بَعْضُهُمْ جَعَلَ يَكْتُبُ عَلَى السَّبُّوْرَةِ
(ئۇلارنىڭ بەزىسى دوسكىغا خەت يېزىشقا باشلىدى)

أَخَذَ الْأَوْلَادُ يَلْعَبُوْنَ (بالىلار ئويناشقا باشلىدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئونىنچى دەرس

## ئىگە-خەۋەر توغرىسىدا

ئىگە ـــ جۈملىدىكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ كىم ياكى نېمە توغرىسىدا ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدىغان جۈملە بۆلىكىدۇر.

خەۋەر ـــ ئۇنىڭ بىلەن جۈملىدە ئىپادىلەنمەكچى بولغان ئىش-ھەرىكەت تولۇقلىنىدىغان جۈملە بۆلىكىدۇر. مەسىلەن:

اَلْقَمَرُ جَمِيْلٌ (ئاي چىرايلىق)

دېگەنگە ئوخشاش. يەنى، بۇ جۈملىدە ئىپادىلەنمەكچى بولغان ئىش-ھەرىكەت ئاي توغرىسىدىدۇر. شۇڭا، بۇنىڭدا «اَلْقَمَرُ» دېگەن ئىسىم ئىگە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا، بۇ جۈملىدىكى ئىش-ھەرىكەت چىرايلىق دېگەن سۆز بىلەن ئاندىن تولۇق ئىپادىلەندى. شۇڭا، بۇنىڭدا «جَمِيْلٌ» دېگەن سۈپەت خەۋەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئادەتتە ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئاخىرى پېشلىك ئوقۇلىدۇ.

**ئىگىگە ئائىت قائىدىلەر:**

1) ئىگە ئىككى خىل بولىدۇ: (1) ئاشكارا ئىسىم بولىدۇ. مەسىلەن:

اَللّٰهُ رَبُّنَا (ئاللاھ بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز)

اَلْجُلُوْسُ هُنَا مَمْنُوْعٌ (بۇ يەردە ئولتۇرۇش چەكلىنىدۇ)

(2) ياسالما مەسدەر بولىدۇ. مەسىلەن:

﴿أَنْ تَعْفُوْا أَقْرَبُ لِلتَّقْوَى﴾ (ئەپۇ قىلىشىڭلار تەقۋالىققا يېقىندۇر) دېگەنگە ئوخشاش.

2) ئەسلى قائىدە بويىچە ئىگە ئېنىق ئىسىم (معرفة) بولىدۇ. مەسىلەن:

مُحَمَّدٌ رَسُوْلُ اللهِ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى)

هٰذَا مَسْجِدٌ (بۇ مەسجىد)

اَلْقُرْآنُ كِتَابُ اللهِ (قۇرئان ئاللاھنىڭ كىتابى)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئەمما، بەزى ۋاقىتلاردا تۆۋەندىكى شەرتلەر بويىچە ئېنىقسىز ئىسىم (نكرة)مۇ ئىگە بولىدۇ:

(1) خەۋەر تولۇقسىز جۈملە (شِبْهُ جُمْلَةٍ) بولۇش (تولۇقسىز جۈملە رەۋىش بىلەن ئاخىرىنى زېر قىلغۇچى قوشۇمچىلار كىرگەن ئىسىمنى كۆرسىتىدۇ) ۋە خەۋەر ئىگىدىن بۇرۇن كېلىش شەرتى بىلەن ئىگە ئېنىقسىز ئىسىم بولىدۇ. مەسىلەن:

عِنْدَنَا سَيَّارَةٌ (بىزنىڭ ماشىنىمىز بار)

بۇنىڭدا «عِنْدَنَا» دېگەن رەۋىش ئىلگىرى كەلگەن خەۋەردۇر، «سَيَّارَةٌ» دېگەن ئېنىقسىز ئىسىم كېيىن كەلگەن ئىگىدۇر.

لِيْ أَخٌ (مېنىڭ قېرىندىشىم بار)

بۇنىڭدا «لِيْ» دېگەن ئالدى قوشۇمچىلىق سۆز بىرىكمىسى ئىلگىرى كەلگەن خەۋەردۇر، «أَخٌ» دېگەن ئېنىقسىز ئىسىم كېيىن كەلگەن ئىگىدۇر.

(2) ئىگىنىڭ سوراق ئالمىشى بولۇش شەرتى بىلەن ئىگە ئېنىقسىز ئىسىم بولىدۇ (سوراق ئالماشلىرى ئېنىقسىز ئىسىمدۇر). مەسىلەن:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

مَا بِكَ (ساڭا نېمە بولدى)

مَنْ مَرِيْضٌ (كىم ئاغرىپ قالدى)

كَمْ طَالِبًا فِي الْفَصْلِ (سىنىپتا قانچە ئوقۇغۇچى بار)

دېگەنگە ئوخشاش.

3) ئەسلى قائىدە بويىچە ئىگە خەۋەردىن بۇرۇن كېلىدۇ. مەسىلەن:

أَنْتَ مُدَرِّسٌ (سەن ئوقۇتقۇچى)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئەمما، بۇنىڭ ئەكسىدە كېلىشمۇ توغرا. مەسىلەن:

أَمُدَرِّسٌ أَنْتَ (سەن ئوقۇتقۇچىمۇ)

أَقَائِمٌ أَنْتَ (سەن تۇردۇڭمۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئەگەر ئىگە سوراق ئالمىشى بولسا، ئۇنىڭ خەۋەردىن ئىلگىرى كېلىشى زۆرۈر. مەسىلەن:

مَا بِكَ　　مَنْ مَرِيْضٌ　　مَاذَا بِهِ

دېگەنگە ئوخشاش.

ئەگەر خەۋەر سوراق ئالمىشى بولسا، ئۇنىڭ ئىگىدىن ئىلگىرى كېلىشى زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن:

مَا اسْمُكَ (ئىسمىڭىز نېمە)

كَيْفَ حَالُكَ (ئەھۋالىڭىز قانداق)

دېگەنگە ئوخشاش.

4) ئىگىنىڭ كىم ياكى نېمە ئىكەنلىكى ئېنىق بولسا، جۈملىدە ئۇنىڭ تاشلىنىپ كېتىشمۇ دۇرۇس بولىدۇ. مەسىلەن:

ـــ مَا اسْمُكَ ؟ (ئىسمىڭ نېمە؟)

ـــ حَامِدٌ . (هامىد.)

دېگەنگە ئوخشاش. يەنى، ئەسلىسى «اِسْمِي حَامِدٌ»دۇر، لېكىن ئاڭلىغۇچىغا يەنىلا چۈشىنىشلىك بولىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭدىكى «اسْمِي» دېگەن ئىگە قىسقارتىۋېتىلگەن.

خەۋەرگە ئائىت قائىدىلەر:

1) خەۋەر ئۈچ خىل بولىدۇ: (1) بىرلىك ئىسىم بولىدۇ. مەسىلەن:

اَلْمُؤْمِنُ مِرْآةُ الْمُؤْمِنِ (مۆئمىن مۆئمىننىڭ ئەينىكى)

هُمْ رِجَالٌ (ئۇلار ئەرلەردۇر)

دېگەنگە ئوخشاش.

(2) جۈملە بولىدۇ. مەسىلەن:

اَلْمُدِيْرُ مَا اسْمُهُ (مۇدىر، ئۇنىڭ ئىسمى نېمە)

بۇنىڭدا خەۋەر «مَا اسْمُهُ» دېگەن ئىسىملىق جۈملىدۇر.

وَاللّٰهُ خَلَقَكُمْ (ئاللاھ سىلەرنى ياراتتى)

بۇنىڭدا خەۋەر «خَلَقَكُمْ» دېگەن پېئىللىق جۈملىدۇر.

(3) تولۇقسىز جۈملە (يەنى رەۋىش ۋە ئالدى قوشۇمچىلىق سۆز بىرىكمىسى) بولىدۇ. مەسىلەن:

اَلْجَنَّةُ تَحْتَ أَقْدَامِ الأُمَّهَاتِ (جەننەت ئانىلارنىڭ قەدىمى ئاستىدا)

اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ (جىمي هەمدۇ-سانا ئاللاھقا خاستۇر)

دېگەنگە ئوخشاش، دېمەك بۇلاردا خەۋەر تولۇقسىز جۈملە بولدى.

uyghurkitap.com

2) ئەسلىدە ئىگە-خەۋەرنىڭ ئاخىرى پەشلىك ئوقۇلىدۇ. لېكىن، جۈملىنىڭ خەۋىرى جۈملە ياكى تولۇقسىز جۈملە بولسا، ئاخىرى ئاشكارا پەشلىك ئوقۇلمايدۇ. لېكىن، ئورۇن جەھەتتىن پەشلىك ئوقۇلىدۇ.

3) خەۋەر ئىگىگە مۇنداق بىر قانچە جەھەتتىن ماسلىشىپ كېلىدۇ:

(1) سان (يەنى بىرلىك، ئىككىلىك ۋە كۆپلۈك) جەھەتتە ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:

اَلْمُدَرِّسُ وَاقِفٌ (ئوقۇتقۇچى تۇردى)

اَلطُّلاَّبُ جَالِسُوْنَ (ئوقۇغۇچىلار ئولتۇردى)

بَابَا الفَصْلِ مُغْلَقَانِ وَنَافِذَتَاهُ مَفْتُوْحَتَانِ

(سىنىپنىڭ ئىككى ئىشىكى تاقاقلىق ۋە ئۇنىڭ ئىككى دەرىزىسى ئوچۇق)

دېگەنگە ئوخشاش.

(2) جىنس (يەنى ئەرلىك ۋە ئاياللىق) جەھەتتە ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:

حَامِدٌ مُهَنْدِسٌ (هامىد ئىنژېنېر)

آمِنَةُ مُهَنْدِسَةٌ (ئامىنە ئىنژېنېر)

دېگەنگە ئوخشاش.

# ئون بىرىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: ۋاقىت-ئورۇن تولدۇرغۇچى (مَفْعُوْلٌ فِيْهِ) توغرىسىدا

ۋاقىت-ئورۇن تولدۇرغۇچى — ئىش-ھەرىكەتنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتى ياكى ئورنىنى بايان قىلىش ئۈچۈن سۆزلىنىدىغان زەبەر ئوقۇلغۇچى ئىسىمدىن ئىبارەت. ئۇ يەنە ۋاقىت-ئورۇن رەۋىشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

خَرَجْتُ لَيْلاً (مەن كېچىدە چىقتىم) ۋاقىت رەۋىشى

نِمْتُ تَحْتَ شَجَرَةٍ (مەن دەرەخ ئاستىدا ئۇخلىدىم) ئورۇن رەۋىشى

دېگەنگە ئوخشاش.

**بىر قىسىم رەۋىشلەر مەبنى بولۇپ، ئۇلار:**

1) مَتَى ← مَتَى خَرَجْتَ (قاچان چىقتىڭ)؟

بۇ ئاخىرى سۈكۇنغا مەبنى بولغان ۋاقىت رەۋىشى بولۇپ، بۇ جۈملىدە ئورۇن جەھەتتىن زەبەرلىك ئوقۇلغان.

2) أَيْنَ ← أَيْنَ تَذْهَبُ (قەيەرگە بارىسەن)؟

بۇ ئاخىرى زەبەرگە مەبنى بولغان ئورۇن رەۋىشى بولۇپ، بۇ جۈملىدە ئورۇن جەھەتتىن زەبەرلىك ئوقۇلغان.

3) أَمْسِ ← لَمْ أَغِبْ أَمْسِ (مەن تۈنۈگۈن ھەرگىز يوقاپ كەتمىدىم).

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

بۇ ئاخىرى زىرغا مەبنى بولغان ۋاقىت رەۋىشى بولۇپ، بۇ جۈملىدە ئورۇن جەھەتتىن زەبەرلىك ئوقۇلغان.

4) قَطُّ ← لَمْ أَذُقْ هٰذِهِ الْفَاكِهَةَ قَطُّ (بۇ مېۋىنى پەقەت تېتىپ باقمىدىم).

بۇ ئاخىرى پىشقا مەبنى بولغان ۋاقىت رەۋىشى بولۇپ، بۇ جۈملىدە ئورۇن جەھەتتىن زەبەرلىك ئوقۇلغان.

5) هُنَا ← اِجْلِسْ هُنَا (بۇ يەردە ئولتۇر).

بۇ ئاخىرى سۇكۇنغا مەبنى بولغان ئورۇن رەۋىشى بولۇپ، بۇ جۈملىدە ئورۇن جەھەتتىن زەبەرلىك ئوقۇلغان.

6) اَلْآنَ ← اَلْآنَ جِئْتَ (ھازىر كەلدىڭمۇ)؟

بۇ ئاخىرى زەبەرگە مەبنى بولغان ۋاقىت رەۋىشى بولۇپ، بۇ جۈملىدە ئورۇن جەھەتتىن زەبەرلىك ئوقۇلغان.

7) حَيْثُ ← اِجْلِسْ حَيْثُ شِئْتَ (سەن خالىغان ئورۇندا ئولتۇر).

بۇ ئاخىرى پىشقا مەبنى بولغان ئورۇن رەۋىشى بولۇپ، ئورۇن جەھەتتىن زەبەرلىك ئوقۇلغان.

**بىر قىسىم ئىسىملار رەۋىشكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇلار:**

1) زامان ياكى ماكاننىڭ ھەممىسىنى ياكى ئۇ ئىككىسىنىڭ بىر قىسمىنى ئۇقتۇرىدىغان رەۋىشكە ئىزاپەت قىلىنغان ئىسىم رەۋىشكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:

سَافَرْنَا كُلَّ النَّهَارِ (بىز پۈتۈن بىر كۈن يول ماڭدۇق)

اِنْتَظَرْتُكَ رُبْعَ سَاعَةٍ (مەن سېنى 15 مىنۇت كۈتتۈم)

دېگەنگە ئوخشاش. يەنى، بۇلاردا «كُلُّ» ۋە «رُبْعٌ» دېگەن ئىسىملار رەۋىشكە ۋەكىللىك قىلغان.

2) رەۋىشنىڭ سۈپىتى رەۋىشكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:

جَلَسْتُ طَوِيْلاً (مەن ئۇزاق ئولتۇردۇم)

دېگەنگە ئوخشاش. يەنى، بۇ جۈملىنىڭ ئەسلىسى «جَلَسْتُ وَقْتًا طَوِيْلاً» بولۇپ، ئۇنىڭدا «وَقْتًا» دېگەن رەۋىش تاشلىنىپ كېتىپ، «طَوِيْلاً» دېگەن رەۋىشنىڭ سۈپىتى ئۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلغان.

(3) كۆرسىتىش ئالمىشى رەۋىشكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:

جِئْتُ هٰذَا الأُسْبُوْعَ (مەن مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە كەلدىم

دېگەنگە ئوخشاش. يەنى، بۇنىڭدا «هذا» رەۋىشكە ۋەكىللىك قىلدى.

(4) سان رەۋىشكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:

مَكَثْتُ فِيْ بَغْدَادَ أَرْبَعَةَ أَيَّامٍ (مەن باغدادتا تۆت كۈن تۇردىم)

سِرْنَا مِائَةَ كِيْلُوْمِتْرٍ (بىز 100 كىلومېتىر يول ماڭدۇق)

دېگەنگە ئوخشاش. يەنى، بۇنىڭدا «أَرْبَعَةَ» ۋە «مِائَةَ» دېگەن سانلار رەۋىشكە ۋەكىللىك قىلغان.

## 2- مەزمۇن: «لَوْ» توغرىسىدا

تېكىستتە «لَوْ عَرَفْتُ أَنَّكَ تَأْتِيْ إِلَى بَلَدِيْ لَا سْتَقْبَلْتُكَ فِي الْمَطَارِ» (ئەگەر مەن سېنىڭ شەھىرىمگە كەلگەنلىكىڭنى بىلگەن بولسام، ئەلۋەتتە ئايرودرومغا چىقىپ سېنى كۈتىۋالاتتىم) دېگەن بىر جۈملە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىكى «لَوْ» ــــ شەرت ۋە جاۋابنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى چەكلەيدىغان قوشۇمچە (حَرْفُ امْتِنَاعٍ لِإِمْتِنَاعٍ) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇ ئۈچ ئىشنى ئۇقتۇرىدۇ: 1) شەرت مەنىسىنى ئۇقتۇرىدۇ؛ 2) شەرتنى ئۆتكەن زامانغا چەكلەيدۇ؛ 3) شەرت ۋە جاۋابنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چەكلەيدۇ. مەسلەن:

لَوْ اجْتَهَدْتَ لَنَجَحْتَ

(ئەگەر تىرىشقان بولساڭ، ئەلۋەتتە نەتىجە قازىناتتىڭ)

بۇ بولسا «لَمْ تَجْتَهِدْ فَلَمْ تَنْجَحْ (سەن تىرىشمىدىڭ، شۇڭا نەتىجىگە ئېرىشەلمىدىڭ)» دېگەنلىك بولىدۇ.

«لَوْ»نىڭ بولۇشلۇق جاۋابىغا «ل» قوشۇلىدۇ، بولۇشسىز جاۋابىغا «ل» قوشۇلمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە كېلىشمۇ توغرا، لېكىن بۇنداق كېلىش بەك ئاز ئۇچرايدۇ. مەسلەن:

لَوْ سَمِعْتَ قِصَّتَهُ لَبَكَيْتَ

(ئەگەر سەن ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغان بولساڭ، ئەلۋەتتە يىغلايتتىڭ)

لَوْ عَرَفْتُ أَنَّ الإِخْتِبَارَ الْيَوْمَ مَا تَأَخَّرْتُ

(ئەگەر بۈگۈن ئىمتىھان بارلىقىنى بىلگەن بولسام، كېچىكىپ قالمايتتىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: «قَبْلَ» ۋە «بَعْدَ» توغرىسىدا

«قَبْلَ» بىلەن «بَعْدَ» ئەگەر تەلەپپۇزدا ئىزاپەتتىن ئۈزۈلۈپ، مەنىدە ئۈزۈلمىگەن بولسا، ئاخىرى پىشقا مەبنى بولىدۇ. مەسلەن:

﴿لِلَّهِ الْأَمْرُ مِن قَبْلُ وَمِنْ بَعْدُ﴾

(بۇنىڭدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە)

دېگەنگە ئوخشاش.

# ئون ئىككىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: بۇيرۇقنى ئىپادىلەيدىغان «ل» توغرىسىدا

تېكىستتە «لِيَدْخُلْ» دېگەن ئىبارە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «ل» بۇيرۇقنى ئىپادىلەيدىغان «ل»دىن ئىبارەت. ئۇ كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ئالدىغا كىرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئاخىرىنى سۈكۇنلۇق ئوقۇتۇپ بۇيرۇق مەنىسىنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن:

لِيَدْخُلْ (كىرسۇن) لِيَقْرَأْ (ئوقۇسۇن)

لِيَكْتُبْ خَطًّا عَلِيٌّ (خەتنى ئەلى يازسۇن)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئادەتتە ئۇ كەلگۈسى زامان پېئىل شەكلىنىڭ ئۈچىنچى شەخس (غائىب) ۋە بىرىنچى شەخس (مۇتەكەللىم) سىغىلىرىنىڭ ئالدىغا كىرىدۇ. مەسىلەن:

لِيَجْلِسْ كُلُّ طَالِبٍ فِيْ مَكَانِهِ (ھەربىر ئوقۇغۇچى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرسۇن)

لِنَجْلِسْ هُنَا (بىز بۇ يەردە ئولتۇرىمىز)

دېگەنگە ئوخشاش.

بەزىدە ئىككىنچى شەخس (مۇخاتەب) سىغىلىرىغىمۇ كىرىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لِتَأْخُذُوْا عَنِّيْ مَنَاسِكَكُمْ
(سىلەر مەندىن ھەج پائالىيەتلىرىڭلارنى ئۆگىنىڭلار)

دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ بۇيرۇق لامى (لام الأمر) ئادەتتە زىرلىق ئوقۇلىدىغان بولۇپ، «و»، «ف» ۋە «ثُـمَّ»دىن ئىبارەت باغلاش قوشۇمچىلىرىدىن كېيىن كەلسە، سۇكۇنلۇق ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

لِيَذْهَبْ الطُّلاّبُ الْجُدُدُ إِلَى الْمُسْتَشْفَى وَلْيَرْجِعُوْا بَعْدَ التَّطْعِيْمِ
(يېڭى ئوقۇغۇچىلار دوختۇرخانىغا بارسۇن، ئوكۇل ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كەلسۇن)

فَلْيَذْهَبْ مَعِيْ عَدْنَانُ (مەن بىلەن ئەدنان بىرگە بارسۇن)

لِنَجْلِسْ الآنَ فِي الْحَدِيْقَةِ ثُمَّ لْنَذْهَبْ إِلَى الْمَسْجِدِ
(بىز ھازىر باغچىدا ئولتۇرىمىز، ئاندىن كېيىن مەسجىدكە بارىمىز)

## 2- مەزمۇن: كەلگۈسى زامان پېئىلىنى جەزىملىك ئوقۇتىدىغان قوشۇمچىلار توغرىسىدا

بىر كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ئاخىرىنى جەزىملىك (سۇكۇنلۇق) ئوقۇتىدىغان قوشۇمچىلار تۆت بولۇپ، ئۇلار:

1) لَمْ ← ﴿أَلَمْ نَجْعَلْ لَهُ عَيْنَيْنِ وَلِسَانًا وَّشَفَتَيْنِ﴾ (ئىنسان ئۈچۈن ئىككى كۆز، بىر تىل، ئىككى كالپۇك ياراتمىدۇقمۇ)؟

2) لَمَّا ← ﴿لَمَّا يَدْخُلِ الْإِيْمَانُ فِيْ قُلُوْبِكُمْ﴾ (ئىمان تېخى سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا كىرمىدى).

3) نەھيىنىڭ «لا»سى (لا النَّاهِيَـة) ← ﴿لَا تَحْـزَنْ إِنَّ اللهَ مَعَنَـا﴾ (غەم قىلما، ئاللاھ بىز بىلەن بىللە).

4) بۇيرۇقنىڭ «ل»ى (لام الأمر) ← ﴿فَلْيَنْظُرِ الْإِنْسَانُ إِلَى طَعَامِهِ﴾ (ئىنسان ئۆز يېمەكلىكلىرىگە (ئىبرەت نەزىرى بىلەن) قارىسۇن).

## 3- مەزمۇن: تەلەپنىڭ جاۋابىدا كەلگەن كەلگۈسى زامان پېئىلنىڭ جەزملىك ئوقۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا

تېكستتە «إِقْرَأْ مَرَّةً أُخْرَى تَفْهَمْهُ» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىكى «تَفْهَمْ» دېگەن كەلگۈسى زامان پېئىلى تەلەپنىڭ جاۋابىدا كەلگەنلىكى ئۈچۈن جەزملىك (ئاخىرى سۈكۈنلۇق) ئوقۇلغان.

دېمەك، ئەگەر كەلگۈسى زامان پېئىلى تەلەپنىڭ جاۋابىدا كەلسە جەزملىك ئوقۇلىدۇ.

تەلەپنىڭ تۈرلىرى: بۇيرۇق پېئىل ۋە چەكلەش پېئىلىدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

اِعْمَلْ عَمَلاً صَالِحًا تَدْخُلِ الْجَنَّةَ

(ياخشى ئەمەل قىلغىن، جەننەتكە كىرىسەن)

لا تَكْسَلْ تَنْجَحْ (هورۇنلۇق قىلما، نەتىجە قازىنىسەن)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: نۇدبەت (نُدْبَة) ئۇسلۇبى توغرىسىدا

نۇدبەت (نُدْبَة) ئەرەبچە سۆز بولۇپ، لۇغەت مەنىسى «ئىچ ئاغرىتىش»، «قايغۇرۇش» دېگەنلىك بولىدۇ.

نۇدبەت ئۇسلۇبى — بىرەر كىشىگە، ياكى بىرەر نەرسىگە ۋەياكى ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىشنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بىرىكمىسىدىن ئىبارەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئـۇ چـاقىرىش قوشۇمچىسـى بولغـان «وا» ۋە ئـىچ ئاغرىتىلغـان چاقىرىلغۇچى (مُنَادَى)دىن تەركىب تاپىدۇ ھەمدە چاقىرىلغان ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا «ا» ۋە «ه» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

أُمِّيْ ← وَا أُمَّاهْ! وَا أُمَّاهْ (ۋاي ئىست ئانام! ...)

رَأْسِيْ ← وَا رَأْسَاهْ! وَا رَأْسَاهْ (ۋاي بېشىم! ...)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 5- مەزمۇن: «آهِ ، آهْ» توغرىسىدا

تېكستتە «آهِ، آهْ» دېگەن ئىبارە ئۇچرايدۇ. بۇ پېئىلنام بولۇپ، «أَتَوَجَّعُ» (يەنى ئازابلىنىپ كېتىۋاتىمەن) دېگەن كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ مەنىسىنى ئۇقتۇرىدۇ.

«آهِ» — زىرغا مەبنىدۇر. ئۇنىڭ پېئىل ئىگىسى يوشۇرۇن ئالماش بولۇپ تەقدىرىي ئىبارىتى «آهِ أَنَا» دېگەن بولىدۇ.

# ئون ئۇچىنچى دەرس

## ۋاقىت شەرت قوشۇمچىسى ــ «إِذَا» توغرىسىدا

«إِذَا» ـــ شەرت مەنىسىنى ئۇقتۇرىدىغان ۋاقىت رەۋىشى بولۇپ، كۆپىنچە ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ئالدىغا كىرىدۇ ھەمدە پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان مەنىسىنى كەلگۈسى زامان مەنىسىگە ئۆزگەرتىدۇ. مەسىلەن:

إِذَا جَاءَ رَمَضَانُ فُتِحَتْ أَبْوَابُ الْجَنَّةِ

(رامىزان كەلگەندە جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ)

بۇنىڭدا «جَاءَ» ـــ شەرت، «فُتِحَتْ» ـــ شەرتنىڭ جاۋابى.

بەزىدە كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ئالدىغا كىرىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇ چاغدا شەرتنىڭ جاۋابىمۇ كەلگۈسى زامان پېئىلى بولىدۇ. بىر شائىرنىڭ مۇنۇ شېئىرىغا ئوخشاش:

وَالنَّفْسُ رَاغِبَةٌ إِذَا رَغَّبْتَهَا،
وَإِذَا تُرَدُّ إِلَى قَلِيْلٍ تَقْنَعُ.

مەزمۇنى:

ئەگەر سەن نەپسىڭنى قىزىقتۇرساڭ،
قىزىقىدۇ نەپسى دېگەن شۇنچە شېرىن.
ئەگەر ئاز نەرسىگە قانائەت قىلساڭ،
قانائەت تاپىدۇ ئاشۇ ئاچ نەپسىڭ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بۇ خىل جۈملە شەكلىدە شەرتنىڭ جاۋابىنىڭ ئالدىغا تۆۋەندىكى ئورۇنلاردا «ف» قوشۇلىشى كېرەك. ئۇلار:

1) شەرتنىڭ جاۋابى ئىسمىلىق جۈملە بولسا، ئالدىغا «ف» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ﴾ (ئەگەر بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرىلىق سورىسا، (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن).

دېگەنگە ئوخشاش.

2) شەرتنىڭ جاۋابى تەلەپ پېئىلى بولسا، ئۇنىڭ ئالدىغا «ف» قوشۇلىدۇ. تەلەپ پېئىلى بۇيرۇق پېئىل ۋە نەھيى پېئىلنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

إِذَا رَأَيْتَ حَامِدًا فَاسْأَلْهُ عَنْ مَوْعِدِ السَّفَرِ (بۇيرۇق پېئىل)
(ئەگەر ھامىدنى كۆرسەڭ، ئۇنىڭدىن سەپەرنىڭ ۋاقتىنى سورا)

إِذَا وَجَدْتَ الْمَرِيضَ نَائِمًا فَلَا تُوقِظْهُ (نەھيى پېئىل)
(ئەگەر ئۇخلاۋاتقان كېسەلنى ئۇچراتساڭ، ئۇنى ئويغاتمىغىن)

دېگەنگە ئوخشاش.

# ئون تۆتىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: ئىككى پېئىلنى جەزملىك ئوقۇتىدىغان قوشۇمچىلار توغرىسىدا

بىز ئالدىنقى دەرسلەردە بىر پېئىلنى جەزملىك ئوقۇتىدىغان قوشۇمچىلار (يەنى لَمْ، لَمَّا، بۇيرۇقنىڭ «لام»ى، نەھيىنىڭ «لا»سى)نى ئۆگىنىپ ئۆتكەن.

ئەمدى بۇ دەرسىمىزدە ئىككى پېئىلنى جەزملىك ئوقۇتىدىغان قوشۇمچىلار بىلەن تونۇشىمىز.

ئۇلار: إِنْ، مَنْ، مَا، مَهْمَا، مَتَى، أَيَّانَ، أَيْنَ، أَيْنَمَا، أَنَّى، حَيْثُمَا، كَيْفَمَا، أَيٌّ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ دەرستە ئۇلارنىڭ مۇھىملىرى توغرىسىدا توختىلىمىز.

1) إِنْ ــــ ھەرپ بولۇپ، جۈملىدە ئىككى پېئىلنى سۈكۇنلۇق ئوقۇتىدۇ. مەسىلەن:

﴿إِنْ تَعُوْدُوْا نَعُدْ﴾ (ئەگەر سىلەر قايتساڭلار بىزمۇ قايتىمىز) دېگەنگە ئوخشاش.

2) مَنْ ــــ ئىسىم بولۇپ، جۈملىدە ئىككى پېئىلنى جەزملىك ئوقۇتىدۇ ۋە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پېئىل ۋە پائىلدىن تەركىب تاپقان شەرت جۈملە «مَنْ» دېگەن ئىگىنىڭ خەۋىرى بولۇپ باش كېلىشنىڭ ئورنىدا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

كېلىدۇ؛ ياكى شەرت پېئىل ئۆتۈملۈك بولسا، «مَنْ» ئىككى پېئىلنى جەزملىك ئوقۇتۇپ، شەرت پېئىلنىڭ تولدۇرغۇچىسى بولىدۇ. مەسىلەن:

﴿فَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُ﴾ (ئىگە)

(كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ)

بۇنىڭدا «فَمَنْ» ـــ شەرت قوشۇمچىسى ھەمدە ئىگە، «يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا» ـــ شەرت پېئىلى ھەمدە خەۋەر، «يَرَهُ» ـــ شەرتنىڭ جاۋابى بولۇپ كەلگەن.

مَنْ رَأَيْتُ قُلْتُ عَنْهُ قَوْلاً حَسَنًا (تولدۇرغۇچى)

(كىمنى كۆرسەم ئۇنىڭغا چىرايلىق سۆزلەيمەن)

بۇنىڭدا «مَنْ» ـــ شەرت قوشۇمچىسى ھەمدە تولدۇرغۇچى، «رَأَيْتُ» ـــ شەرت پېئىلى، «قُلْتُ عَنْهُ قَوْلاً حَسَنًا» ـــ شەرتنىڭ جاۋابىدۇر.

3) مَا ـــ ئىسىم بولۇپ، جۈملىدە ئىككى پېئىلنى جەزملىك ئوقۇتىدۇ. جۈملىدىكى ۋەزىپىسى «مَنْ» بىلەن ئوخشاش. مەسىلەن:

﴿مَا تَفْعَلُوْا مِنْ خَيْرٍ يَعْلَمْهُ اللهُ﴾ (تولدۇرغۇچى)

(قانداقلىكى ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ)

بۇنىڭدا «مَا» ـــ شەرت قوشۇمچىسى ھەمدە تولدۇرغۇچى، «تَفْعَلُوْا» ـــ شەرت پېئىلى، «يَعْلَمْهُ اللهُ» ـــ شەرتنىڭ جاۋابىدۇر.

مَا يَضُرُّكَ فَاجْتَنِبْ عَنْهُ (ئىگە)

(ساڭا نېمە زىيانلىق بولسا ئۇنىڭدىن يىراق بول)

بۇنىڭدا «مَا» ـــ شەرت قوشۇمچىسى ھەمدە ئىگە، «يَضُرُّكَ» ـــ شەرت پېئىلى ھەمدە خەۋەر، «فَاجْتَنِبْ عَنْهُ» ـــ شەرتنىڭ جاۋابىدۇر.

4) مَتَى ـــ رەۋىش بولۇپ، جۈملىدە ئىككى پېئىلنى جەزملىك ئوقۇتىدۇ ۋە شەرت پېئىلنىڭ ۋاقىت تولدۇرغۇچىسى بولىدۇ. مەسىلەن:

مَتَى تُسَافِرْ أُسَافِرْ

(سەن قاچان سەپەر قىلساڭ مەنمۇ شۇ ۋاقىتتا سەپەر قىلىمەن)

بۇنىڭدا «مَتَى» ـــ شەرت قوشۇمچىسى ھەمدە ۋاقىت تولدۇرغۇچى، «تُسَافِرْ» ـــ شەرت پېئىلى، «أُسَافِرْ» ـــ شەرتنىڭ جاۋابىدۇر.

5) أَيْنَ ـــ رەۋىش بولۇپ، جۈملىدە ئىككى پېئىلنى جەزملىك ئوقۇتىدۇ ۋە شەرت پېئىلىنىڭ ئورۇن تولدۇرغۇچىسى بولىدۇ. مەسىلەن:

أَيْنَ تَسْكُنْ أَسْكُنْ (سەن قەيەردە تۇرساڭ مەن شۇ يەردە تۇرىمەن)

بۇنىڭدا «أَيْنَ» ـــ شەرت قوشۇمچىسى ھەمدە ئورۇن تولدۇرغۇچى، «تَسْكُنْ» ـــ شەرت پېئىلى، «أَسْكُنْ» ـــ شەرتنىڭ جاۋابىدۇر.

بۇ رەۋىشكە كۆپىنچە زىيادە «ما» قوشۇلۇپ كېلىدۇ. ئۇ بۇ ۋاقىتتا «أَيْنَمَا» بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى «مَا» بولسا تەكىتنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن:

﴿أَيْنَمَا تَكُونُوا يُدْرِكْكُمُ الْمَوْتُ﴾

(سىلەر قەيەردە بولماڭلار ئۆلۈم ھامان سىلەرنى تاپىدۇ)

بۇنىڭدا «أَيْنَمَا» ـــ شەرت قوشۇمچىسى ھەمدە ئورۇن تولدۇرغۇچى، «تَكُونُوا» ـــ شەرت پېئىلى، «يُدْرِكْكُمُ» ـــ شەرتنىڭ جاۋابىدۇر.

6) أَيُّ ـــ ئىسىم بولۇپ، جۈملىدە ئىككى پېئىلنى جەزملىك ئوقۇتىدۇ ھەمدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. ئىئرابى ئۆزى ئىزاپەت قىلىنغان ئىسىمنىڭ ئىئرابىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن:

أَيَّ مُعْجَمٍ نَجِدْ فِيْ الْمَكْتَبَةِ نَشْتَرِهِ

(بىز كۇتۇپخانىدا قايسى لۇغەتنى تاپساق ئۇنى سېتىۋالىمىز)

بۇنىڭدا «أيُّ» ـــ شەرت قوشۇمچىسى ھەمدە تولدۇرغۇچى، «نَجِدْ فِيْ الْمَكْتَبَةِ» ـــ شەرت پېئىلى، «نَشْتَرِهِ» ـــ شەرتنىڭ جاۋابىدۇر.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

7) مَهْمَا ـــ ئىسىم بولۇپ، جۈملىدە ئىككى پېئىلنى جەزملىك ئوقۇتىدۇ. جۈملىدىكى ۋەزىپىسى «مَنْ» بىلەن ئوخشاش. مەسىلەن:

مَهْمَا تَقُلْ نُصَدِّقْ

(قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سەن ئېيتساڭلا بىز تەستىقلايمىز)

بۇنىڭدا «مَهْمَا» ـــ شەرت قوشۇمچىسى ھەمدە تولدۇرغۇچى، «تَقُلْ» ـــ شەرت پېئىلى، «نُصَدِّقْ» ـــ شەرتنىڭ جاۋابىدۇر.

## 2- مەزمۇن: شەرت پېئىل ۋە ئۇنىڭ جاۋابى توغرىسىدا

شەرت پېئىل ۋە ئۇنىڭ جاۋابىدا كەلگەن پېئىل مۇنداق بىر قانچە خىل بولىدۇ:

1) كەلگۈسى زامان پېئىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

﴿إِنْ تَعُودُوا نَعُدْ﴾ (سىلەر قايتساڭلار بىزمۇ قايتىمىز)

دېگەنگە ئوخشاش.

2) ئۆتكەن زامان پېئىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

﴿إِنْ عُدتُّمْ عُدْنَا﴾ (سىلەر قايتساڭلار بىزمۇ قايتىمىز)

دېگەنگە ئوخشاش.

3) شەرت ئۆتكەن زامان پېئىلى، شەرتنىڭ جاۋابى كەلگۈسى زامان پېئىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

﴿مَنْ كَانَ يُرِيدُ حَرْثَ الْآخِرَةِ نَزِدْ لَهُ فِي حَرْثِهِ﴾

(كىمكى (ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەن) ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭ ساۋابىنى كۆپەيتىپ بېرىمىز)

دېگەنگە ئوخشاش.

4) شەرت كەلگۈسى زامان پېئىلى، شەرتنىڭ جاۋابى ئۆتكەن زامان پېئىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

«مَنْ يَقُمْ لَيْلَةَ الْقَدْرِ إِيْمَانًا وَاحْتِسَابًا غُفِرَ لَهُ» (ھەدىس)

(كىمكى قەدرى كېچىسى ئىشەنچ بىلەن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ ئۇخلىماي ئىبادەت قىلسا، ئۇنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ)

## 3- مەزمۇن: شەرتنىڭ جاۋابىنىڭ ئالدىغا «ف»نىڭ قوشۇلۇشى توغرىسىدا

ئالدىنقى دەرستە مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋالدا شەرتنىڭ جاۋابىنىڭ ئالدىغا «ف» قوشۇلىدىغانلىقىنى ئۆگىنىپ ئۆتكەن: 1) شەرتنىڭ جاۋابى ئىسىملىق جۈملە بولسا؛ 2) شەرتنىڭ جاۋابى تەلەپ پېئىلى بولسا.

ئەمدى بۇ دەرستە مۇشۇ مەزمۇننىڭ داۋامى ئۈستىدە توختىلىمىز:

3) شەرتنىڭ جاۋابى تۈپ پېئىل بولسا، ئۇنىڭ ئالدىغا «ف» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

«مَنْ غَشَّنَا فَلَيْسَ مِنَّا» (ھەدىس)

(كىم بىزگە خائىنلىق قىلسا، ئۇ بىزدىن ئەمەس)

دېگەنگە ئوخشاش.

4) شەرتنىڭ جاۋابىغا «قَدْ» قوشۇلسا، ئۇنىڭ ئالدىغا «ف» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

﴿مَنْ يُطِعْ اللّٰهَ وَرَسُوْلَهُ فَقَدْ فَازَ فَوْزًا عَظِيْمًا﴾

(كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بويسۇنسا، ناھايىتى چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكسىز ئادرېسى

5) شەرتنىڭ جاۋابىغا بولۇشسىز قوشۇمچىسى بولغان «مَا» (مَا النافية) قوشۇلسا، ئۇنىڭ ئالدىغا «ف» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

مَهْمَا تَكُنِ الظُّرُوْفُ فَمَا أَكْذِبُ

(شارائىت قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يالغان سۆزلىمەيمەن)

دېگەنگە ئوخشاش.

6) شەرتنىڭ جاۋابىنىڭ ئالدىغا «لَنْ» قوشۇلسا، ئۇنىڭ ئالدىغا «ف» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

«مَنْ لَبِسَ الْحَرِيْرَ فِي الدُّنْيَا فَلَنْ يَلْبَسَهُ فِي الآخِرَةِ» (ھەدىس)

(كىمكى دۇنيادا يىپەك كىيىم كىيسە، ئاخىرەتتە ئۇنى ھەرگىز كىيەلمەيدۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

7) شەرتنىڭ جاۋابىغا «س» قوشۇلسا، ئۇنىڭ ئالدىغا «ف» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

إِنْ تُسَافِرْ فَسَأُسَافِرُ (سەن سەپەر قىلساڭ مەنمۇ سەپەر قىلىمەن)

دېگەنگە ئوخشاش.

8) شەرتنىڭ جاۋابىغا «سَوْفَ» قوشۇلسا، ئۇنىڭ ئالدىغا «ف» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

﴿وَإِنْ خِفْتُمْ عَيْلَةً فَسَوْفَ يُغْنِيْكُمُ اللهُ مِنْ فَضْلِهِ إِنْ شَاءَ﴾

(ئەگەر سىلەر (ئى مۇئمىنلەر! مۇشرىكلارنىڭ ھەرەمگە كىرىشتىن چەكلىنىشى بىلەن) پېقىرلىقتىن قورقساڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ئۆز پەزلى بىلەن باي قىلىدۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

9) شەرتنىڭ جاۋابىنىڭ ئالدىغا «كَـأَنَّ» كەلتۈرۈلگەن بولسا، ئۇنىڭ ئالدىغا «ف» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

﴿أَنَّهُ مَنْ قَتَلَ نَفْسًا بِغَيْرِ نَفْسٍ أَوْ فَسَادٍ فِي الْأَرْضِ فَكَأَنَّمَا قَتَلَ النَّاسَ جَمِيعًا﴾ (كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ) دېگەنگە ئوخشاش.

ئەگەر شەرتنىڭ جاۋابىغا «ف» قوشۇلسا، شەرتنىڭ جاۋابى جەزملىك ئوقۇلمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا جۈملىنىڭ ئىئرابى تەقدىرىي بولۇپ، ئورۇن جەھەتتىن جەزم ئوقۇلىدۇ.

## 4- مەزمۇن: «كَانَ» تۈرىدىكى پېئىللارنىڭ ئاخىرىدىكى «ن» توغرىسىدا

يَكُنْ، تَكُنْ، أَكُنْ ۋە نَكُنْ دېگەن پېئىللارنىڭ ئاخىرىدىكى «ن» (جەزملىك ئوقۇلغان ۋاقىتتا) كۆپ ئىشلىتىلگەنلىكى ۋە تىلغا يەڭگىل بولۇشى ئۈچۈن بەزى ۋاقىتلاردا تاشلىنىپ كېتىدۇ. ئەمما، مەنە جەھەتتە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ. خۇددى شائىر مۇتەنەببىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدىكىگە ئوخشاش:

فَمَنْ يَكُ ذَا فَمٍ مُرٍّ مَرِيْضٍ،
يَجِدْ مُرًّا بِهِ الْمَاءَ الزُّلَالَا.

مەزمۇنى:

قانداق كىشى ئاچچىق ئېغىز كېسەل بولسا،
ئۇ كىشىگە تاتلىق سۇمۇ ئاچچىق تېتىر.

www.uyghurkitap.com

## 5- مەزمۇن: خەبەرىييە بولۇپ كەلگەن «كَمْ» توغرىسىدا

تېكىستتە «كَمْ مَرَّةٍ قُلْتَ لِيْ هٰكَذَا» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «كَمْ» سوراق ئالمىشى بولماستىن، بەلكى خەبەرىييە بولۇپ كەلگەن «كَمْ» (كَمِ الْخَبَرِيَّة)دۇر. «كۆپ»، «نۇرغۇن» دېگەن مەنىدە. شۇڭا، بۇ جۈملىنىڭ مەنىسى مۇنداق: «سەن ماڭا بۇنداق گەپنى كۆپ قېتىم ئېيتتىڭ».

بىز تۆۋەندە مۇشۇ «كَمْ»گە ئائىت بىر قىسىم قائىدىلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

1) بىز ئىلگىرى سوراق ئالمىشى بولغان «كَمْ» (كَمْ الإِسْتِفْهَامِيَّة)نىڭ پەرقلەندۈرگۈچىسىنىڭ زەبەرلىك ئوقۇلىدىغانلىقىنى ئۆگىنىپ ئۆتكەن. مەسىلەن:

كَمْ كِتَابًا عِنْدَكَ                كَمْ طَالِبًا فِي الْفَصْلِ

دېگەنگە ئوخشاش.

سوراق ئالمىشى بولغان «كَمْ»نىڭ ئالدىغا ئاخىرنى زىر قىلغۇچى قوشۇمچە كىرسە، ئۇنىڭ پەرقلەندۈرگۈچىسىنىڭ زىرلىك ئوقۇلۇشىمۇ ۋە زەبەرلىك ئوقۇلۇشىمۇ دۇرۇس. مەسىلەن:

بِكَمْ رِيَالاً هٰذَا الْقَلَمُ / بِكَمْ رِيَالٍ هٰذَا الْقَلَمُ

دېگەنگە ئوخشاش.

ئەمما، خەبەرىييە بولۇپ كەلگەن «كَمْ»گە كەلسەك، ئۇنىڭ پەرقلەندۈرگۈچىسى ھەردائىم زىرلىك ئوقۇلۇشى زۆرۈر. مەسىلەن:

كَمْ نَجْمٍ فِي السَّمَاءِ        (ئاسماندا يۇلتۇز نېمىدېگەن كۆپ ھە)

دېگەنگە ئوخشاش.

بەزىدە ئۇنىڭ پەرقلەندۈرگۈچىسى «مِنْ» بىلەن زىرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

﴿كَمْ مِنْ فِئَةٍ قَلِيْلَةٍ غَلَبَتْ فِئَةً كَثِيْرَةً بِإِذْنِ اللهِ﴾ (بەقەرە 249- ئايەت)
(ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائەت كۆپ جامائەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ)

2) سوراق قوشۇمچىسى بولغان «كَمْ»نىڭ پەرقلەندۈرگۈچىسى بىرلىك ھالەتتە زىرلىك ئوقۇلىدۇ. ئەمما، خەبەرىييە بولۇپ كەلگەن «كَمْ»نىڭ پەرقلەندۈرگۈچىسى مەيلى كۆپلۈك بولسۇن، مەيلى بىرلىك بولسۇن ئىككىلى خىل ئەھۋالدا زىرلىك ئوقۇلىدۇ. شۇنداقلا، ئۇنىڭ پەرقلەندۈرگۈچىسىنىڭ بىرلىك ھالەتتە كېلىشى كۆپ ئۇچرايدۇ ھەم شۇ ئەۋزەلدۇر. مەسىلەن:

كَمْ كِتَاب قَرَأْتُ / كَمْ كُتُب قَرَأْتُ
(مەن نۇرغۇنلىغان كىتابلارنى ئوقۇدۇم)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 6- مەزمۇن: «حَتَّى» توغرىسىدا

تېكىستتە «مَنْ جَاءَ مُتَأَخِّرًا فَلا يَدْخُلْ حَتَّى يَسْتَأْذِنَ» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «حَتَّى» بولسا «إِلَى» مەنىسىدە كەلگەن.

شۇنىڭدەك، «فَدَخَلْتُ حَتَّى لَا أَشْغَلَكَ» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «حَتَّى» بولسا سەۋەب كۆرسىتىش لامى (لامُ التعليل)نىڭ مەنىسىدە كەلگەن. شۇڭا، بۇ جۈملە «فَدَخَلْتُ لِكَيْلا أَشْغَلَكَ» دېگەنلىك بولىدۇ. مەنىسى: «مەن دىققىتىڭنى چېچۋەتمەسلىك ئۈچۈن كىردىم».

«حَتَّى»دىن كېيىن كەلگەن كەلگۈسى زامان پېئىلى بولسا، ۋاجىب ھالەتتە يوشۇرۇن «أَنَّ»نىڭ سەۋەبى بىلەن زەبەرلىك ھالەتتە ئوقۇلىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## 7- مەزمۇن: «هَاؤُمْ اِعْلانًا» توغرىسىدا

تېكستتە «هَـاؤُمْ اِعْلانَـا» دېگەن ئىبارەت ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «هَـا» بولسا «خُـذْ» (ئـال، تـۇت) دېگەن بۇيرۇق پېئىلىنىڭ مەنىسىنى ئۇقتۇرۇپ كەلگەن پېئىلنامدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

هَاءَ الْكِتَابَ يَا عَلِيُّ (ئى ئەلى! كىتابنى ئال)

هَاؤُمْ الْكِتَابَ يَا إِخْوَةُ (ئى قېرىنداشلار! كىتابنى ئېلىڭلار)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 8- مەزمۇن: تۆت ھەرپلىك ئىسىملارنى كىچىكلىتىش توغرىسىدا

كِتَـابٌ، غُـلامٌ ... لارغا ئوخشاش تـۆت ھەرپلىك ئىسىملار «فُعَيِّـلٌ» ئۆلچىمدە كىچىكلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

كِتَابٌ ← كُتَيِّبٌ (كىتابچە، رىسالە)

غُلامٌ ← غُلَيِّمٌ (ئوغۇلچاق، كىچىك بالا)

دېگەنگە ئوخشاش.

# ئون بەشنچی دەرس

## پېئىل توغرىسىدا

پېئىل ــــ ئەسلی ئۈچ ھەرپلىك پېئىل (ثُلاثِي) ۋە ئەسلی تۆت ھەرپلىك پېئىل (رُبَائِي) دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

ئۈچ ھەرپلىك پېئىل ــــ ئەسلی ئۈچ ھەرپتىن تۈزۈلگەن پېئىللارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: دَخَلَ، كَتَبَ، شَرِبَ ... دېگەنگە ئوخشاش.

تۆت ھەرپلىك پېئىل ــــ ئەسلی تۆت ھەرپتىن تۈزۈلگەن پېئىللارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: تَرْجَمَ، هَرْوَلَ، بَسْمَلَ ... دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ ئۈچ ھەرپلىك ۋە تۆت ھەرپلىك پېئىللارنىڭ ھەربىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا مۇجەررەد (مجـرّد ــــ تۈپ پېئىل) ۋە مەزىد (مزيـد ــــ ياسالما پېئىل) دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

مۇجەررەد پېئىل ــــ بارلىق ھەرپلىرى ئەسلىي ھەرپ بولغان، ئۇنىڭغا باشقا ھەرپ قوشۇلمىغان تۈپ پېئىلدىن ئىبارەت. مەسىلەن: كَتَبَ، جَلَسَ، ذَهَبَ، مَرْوَلَ، بَسْمَلَ، تَرْجَمَ ... دېگەنگە ئوخشاش.

مەزىد پېئىل ــــ پېئىلنىڭ ئەسلی ھەرپلىرىگە بىر ياكى بىر قانچە زىيادە ھەرپ قوشۇلغان ياسالما پېئىلدىن ئىبارەت. مەسىلەن: صَدَّقَ، تَقَبَّلَ، أَسْلَمَ، تَضَمَّنَ ... دېگەنگە ئوخشاش.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

ئۈچ ھەرپلىك مۇجەررەد (ثلاثي مجرّد) پېئىلنىڭ ئالتە بابى بولۇپ، ئۇلار:

1) فَعَلَ / يَفْعُلُ مەسلەن: كَتَبَ / يَكْتُبُ
2) فَعَلَ / يَفْعَلُ مەسلەن: ذَهَبَ / يَذْهَبُ
3) فَعَلَ / يَفْعِلُ مەسلەن: جَلَسَ / يَجْلِسُ
4) فَعِلَ / يَفْعَلُ مەسلەن: شَرِبَ / يَشْرَبُ
5) فَعِلَ / يَفْعِلُ مەسلەن: وَرِثَ / يَرِثُ
6) فَعُلَ / يَفْعُلُ مەسلەن: كَثُرَ / يَكْثُرُ

دېمەك، ھەرقانداق ئۈچ ھەرپلىك مۇجەررەد پېئىللار مۇشۇ ئالتە ئۆلچەمنىڭ بىرىگە چۈشمەي قالمايدۇ.

ئەمدى بىز بۇ دەرسىمىزدىن باشلاپ ئۈچ ھەرپلىك مەزىد پېئىللىرى (ثلاثي مزيد)نىڭ بابلىرى بىلەن تونۇشىمىز.

ئۇنىڭ بىر بابى «فَعَّلَ / يُفَعِّلُ» بابى بولۇپ، ئۇنىڭدا «ع»نىڭ تەكرارلىنىشى بىلەن ئەسلى ئۈچ ھەرپكە بىر ھەرپ زىيادە قىلىنغان.

بۇ بابنىڭ مەسدىرى «تَفْعِيلٌ» ئۆلچىمدە تۈرلىنىدۇ. پەقەت مۇشۇ بابنىڭ ناقىس پېئىلى بىلەن ئاخىرقى ھەرپى «أ» (ھەمزە) بولغان پېئىللاردىن «تَفْعِلَةٌ» ئۆلچىمدە تۈرلىنىدۇ. مەسلەن:

| ئۆتكەن زامان | كەلگۈسى زامان | بۇيرۇق | مەسدەر | مەنىسى |
|---|---|---|---|---|
| سَلَّمَ | يُسَلِّمُ | سَلِّمْ | تَسْلِيْمٌ | سالام بەرمەك |
| قَبَّلَ | يُقَبِّلُ | قَبِّلْ | تَقْبِيْلٌ | سۆيمەك |
| هَنَّأَ | يُهَنِّئُ | هَنِّئْ | تَهْنِئَةٌ | قارشى ئالماق |
| حَيَّى | يُحَيِّي | حَيِّ | تَحِيَّةٌ (تَحْيِيَةٌ) | تەبرىكلىمەك |
| سَمَّى | يُسَمِّي | سَمِّ | تَسْمِيْمَةٌ | ئاتىماق |

ئۈچ ھەرپلىك مۇجەررەد پېئىللارنىڭ مەسدىرى سىمائىي (سَمَاعِيَّةٌ)دۇر، باشقىلىرىنىڭ قىياسىي (قِيَاسِيَّةٌ)دۇر.

**باشقا قائىدىلەر:**

1) تۆت ھەرپلىك پېئىللارنىڭ كېلىدىغان زامان قوشۇمچىسى پېشلىك ئوقۇلىدۇ (ئۇلار فَعَّلَ، فَاعَلَ، أَفْعَلَ، فَعْلَلَ ئۆلچىمىدە كەلگەن پېئىللار بولۇپ، ئۇ خىل ئۆلچەمدىكى پېئىللارنىڭ كېلىدىغان زامان قوشۇمچىلىرى پېشلىك ئوقۇلىدۇ).

2) بىز ئىلگىرىكى دەرستە ئىسىم پائىلنىڭ ئۈچ ھەرپلىك مۇجەررەد پېئىللاردىن «فَاعِلٌ» ئۆلچىمىدە ياسىلىدىغانلىقىنى ئۆگىنىپ ئۆتكەن. ئەمدى شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئۇ ئۈچ ھەرپلىك مۇجەررەد پېئىللارنىڭ باشقىسىدىن شۇ پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ئاخىرىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنى زىرلىك قىلىش، كەلگۈسى زامان قوشۇمچىسىنىڭ ئورنىغا پېش ئوقۇلغۇچى «م» (مىم) كەلتۈرۈش ۋە ئاخىرىغا تەنۋىن كىرگۈزۈش بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| يُعَلِّمُ ← مُعَلِّمٌ | | (مۇئەللىم، ئوقۇتقۇچى) |
| يُأَذِّنُ ← مُأَذِّنٌ | | (ئەزان ئوقۇغۇچى، مۇئەززىن) |

دېگەنگە ئوخشاش.

3) بىز ئىلگىرىكى دەرستە ئىسىم مەپئۇلنىڭ ئۈچ ھەرپلىك مۇجەررەد پېئىللاردىن «مَفْعُولٌ» ئۆلچىمىدە ياسىلىدىغانلىقىنى ئۆگىنىپ ئۆتكەن. ئەمدى شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئۇ ئۈچ ھەرپلىك مۇجەررەد پېئىللارنىڭ باشقىسىدىن شۇ پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ئاخىرىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنى زەبەرلىك قىلىش، كەلگۈسى زامان قوشۇمچىسىنىڭ ئورنىغا پېش

www.uighurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئوقۇلغۇچى «م» (مىم) كەلتۈرۈش ۋە ئاخىرىغا تەنۋىن كىرگۈزۈش بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يُسَجِّلُ ← مُسَجِّلٌ ← مُسَجَّلٌ (تىزىملىغۇچى، تىزىملانغۇچى)

يُأَلِّفُ ← مُأَلِّفٌ ← مُؤَلَّفٌ (يازغۇچى، يېزىلغان ئەسەر)

دېگەنگە ئوخشاش.

4) بىز ئىلگىرىكى دەرستە ئىسىم زامان ۋە ئىسىم ماكانىنىڭ ئۈچ ھەرپلىك مۇجەررەد پېئىللاردىن «مَفْعَلٌ» ۋە «مَفْعِلٌ» ئۆلچىمىدە ياسىلىدىغانلىقىنى ئۆگىنىپ ئۆتكەن. ئەمدى شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئۈچ ھەرپلىك مۇجەررەد پېئىللارنىڭ باشقىسىدىن ئىسىم مەپئۇلنىڭ ئۆلچىمىدە ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

صَلَّى / يُصَلِّي ← مُصَلًّى (ناماز ئوقۇيدىغان ئورۇن)

(ئىسىم زامان ۋە ئىسىم ماكان)

دَخَّنَ / يُدَخِّنُ ← مُدَخَّنٌ (تاماكا چېكىدىغان ئورۇن)

(ئىسىم زامان ۋە ئىسىم ماكان)

# ئون ئالتىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: «أَفْعَلَ» بابى توغرىسىدا

بۇ دەرسىمىزدە ئۈچ ھەرپلىك مەزىد (ثلاثي مزيد) پېئىللىرىنىڭ بابلىرىدىن بولغان «أَفْعَلَ» بابى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

بۇ بابتا پېئىلنىڭ بېشىدا بىر «أ» (ھەمزە) زىيادە. مەسدىرى «اِفْعَالٌ» ئۆلچىمىدە تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| أَرْسَلَ / يُرْسِلُ | اِرْسَالٌ | (ئەۋەتمەك) |
| أَسْلَمَ / يُسْلِمُ | اِسْلامٌ | (مۇسۇلمان بولماق) |

دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ بابنىڭ ھەمزىسى (أ) كەلگۈسى زامان پېئىل شەكلىدە تاشلىنىپ، بۇيرۇق پېئىل شەكلىدە قايتىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

| | ئەسلىسى: | بۇيرۇق پېئىل | |
|---|---|---|---|
| أَرْسَلَ / يُرْسِلُ | (يُأَرْسِلُ) | أَرْسِلْ | (ئەۋەتكىن) |
| آمَنَ / يُؤْمِنُ | (يُأَأْمِنُ) | آمِنْ | (ئىمان ئېيت) |

دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ بابنىڭ پېئىللىرىدا «أ» (ھەمزە) ياكى سۈكۇنلۇق «و» بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زىرلىك بولسا، ئۇلار «ي»غا ئالماشتۇرىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

آمَنَ ← إِئْمَانٌ ← إِيْمَانٌ (ئىمان ئېيتماق)

أَوْجَبَ ← إِوْجَابٌ ← إِيْجَابٌ (ۋەزىپە يۈكلىمەك)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: «لَوْ» توغرىسىدا

«لَوْ» ـــ شەرت قوشۇمچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بېشىغا «و» قوشۇلسا، بۇ «و» ھالنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا شەرتنىڭ جاۋابى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

﴿وَاللّٰهُ مُتِمُّ نُوْرِهِ وَلَوْ كَرِهَ الْكَافِرُوْنَ﴾

(گەرچە كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئۆز نۇرىنى مۇكەممەل قىلىدۇ (يەنى ئۆزىنىڭ دىنىنى ئاشكارىلايدۇ))

دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: باشلاش «ل»ى توغرىسىدا

تېكىستتە «لَهٰذَا مُسْتَحِيْلٌ» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ بېشىدىكى «ل» ـــ باشلاش «لام»ىدىن ئىبارەت. ئۇ جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى كۈچلەندۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

﴿وَلَأَجْرُ الْآخِرَةِ أَكْبَرُ﴾ (ئەلۋەتتە ئاخىرەتنىڭ ئەجرى بۈيۈكتۇر)

﴿وَلَعَذَابُ الْآخِرَةِ أَكْبَرُ﴾ (ئاخىرەتنىڭ ئازابى بەك قاتتىق)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: «أَصْبَحَ» توغرىسدا

«أَصْبَحَ» ـــ «كَانَ» تۈرىدىكى پېئىللاردىن بولۇپ، ئىسمىنىڭ ئاخىرىنى پىشلىك، خەۋىرىنىڭ ئاخىرىنى زەبەرلىك ئوقۇتىدۇ. مەسىلەن:

أَصْبَحَ حَامِدٌ مَرِيْضًا (هامىد سەھەرگە يېقىن ئاغرىپ قالدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇ (أَصْبَحَ) بەزى ۋاقىتتا «صَارَ» دېگەن پېئىلنىڭ مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

﴿فَأَلَّفَ بَيْنَ قُلُوْبِكُمْ فَأَصْبَحْتُمْ بِنِعْمَتِهِ إِخْوَانًا﴾

(ئاللاھ قەلبىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېئمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 5- مەزمۇن: «أَوْشَكَ» توغرىسدا

«أَوْشَكَ» ـــ يېقىنلاشتۇرۇش پېئىلى، شۇنداقلا بۇمۇ «كَانَ» تۈرىدىكى پېئىللاردىن.

ئۇنىڭ خەۋىرى «أَنْ» ۋە كەلگۈسى زامان پېئىلدىن شەكىللىنىشى كېرەك. مەسىلەن:

أَوْشَكَ الدَّرْسُ أَنْ يَنْتَهِيَ (دەرس ئاخىرلىشاي دەپ قالدى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ پېئىلنىڭ يەنە كەلگۈسى زامان شەكلىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

يُوْشِكُ الطُّلاّبُ أَنْ يَرْجِعُوْا إِلَى بِلادِهِمْ

(ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز شەھەرلىرىگە قايتىشىغا ئاز قالدى)

## 6- مەزمۇن: تولۇق مۇبھەملىكنى ئۇقتۇرىدىغان «مَا» توغرىسىدا

تېكىستتە «يُرِيْدُ لِأَمْرٍ مَا» دېگەن ئىبارە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىكى «مَا» ـــ تولۇق مۇبھەملىكنى ئۇقتۇرىدۇ، «مەلۇم بىر» دېگەن مەنىدە. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ئىسىمنى سۈپەتلەپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

سَافَرْتُ إِلَى الرِّيَاضِ لِسَبَبٍ مَا

(مەن مەلۇم بىر سەۋەب بىلەن رىيازغا سەپەر قىلدىم)

قَرَأْتُ هٰذَا الْخَبَرَ فِيْ صَحْفَةٍ مَا

(مەن بۇ خەۋەرنى مەلۇم بىر بەتتە ئوقۇدۇم)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 7- مەزمۇن: «اِبْنٌ» توغرىسىدا

تېكىستتە «مُحَمَّدُ بْنُ وَلِيْمَ» دېگەن ئىبارە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىكى «بْنٌ» دېگەن سۆزدىكى ئومۇمىي قائىدە مۇنداق: ئەگەر ئۇ (اِبْنٌ) ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمىغا ئىزاپەت قىلىنسا ۋە ئالدىدىكى خاس ئىسىمغا سۈپەت بولۇپ كەلسە، ئۇنىڭدىكى ھەمزە (اِ) تاشلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

مُحَمَّدُ بْنُ عَبْدُ اللهِ بْنِ عَبْدِ الْمُطَّلِبِ

دېگەنگە ئوخشاش.

بۇنىڭ يەنە بىر شەرتى چوقۇم ئۈچ سۆز بىر قۇردا كېلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭ بەزىسى بىر قۇردا، يەنە بەزىسى يەنە بىر قۇردا كەلسە، ئۇنىڭدىكى ھەمزە يەنىلا يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... اَلْحَسَنُ
اِبْنُ عَلِيٍّ ... ... ...

دېگەنگە ئوخشاش.

شۇنداقلا ئۇ (اِبْـنٌ) ئىككى خـاس ئىسـمنىڭ ئوتتۇرىسـغا چۈشمىسـە، ھەمزە تاشلىنىپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن:

حَامِدٌ ابْنُ الشَّيْخِ إِبْرَاهِيْمَ

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئون يەتتىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: ئۆتۈملۈك ۋە ئۆتۈمسىز پېئىل توغرىسىدا

ئۆتۈملۈك (مُتَعَدِّيْ) پېئىل ــــ پائىلدىن ئۆتۈپ مەپئۇل (مفعول بـه) تەلەپ قىلىدىغان پېئىلدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

بَنَى إِبْرَاهِيْمُ عَلَيْهِ السَّلَامُ الْكَعْبَةَ

(ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەئبىنى بىنا قىلدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۆتۈملۈك پېئىل ئىش-ھەرىكەتنى ئورۇندىغۇچى بىر پائىلغا ۋە ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتى بولغان بىر مەپئۇل (يەنى تولدۇرغۇچى)غا موھتاج بولىدۇ.

بۇ خىل پېئىلنىڭ بەلگىسى مەپئۇلغا قايتىدىغان «ـه» دېگەن ئالماشنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت. مەسىلەن:

قَرَأَ الطَّالِبُ الدَّرْسَ وَفَهِمَهُ

(ئوقۇغۇچى دەرسنى ئوقۇدى ۋە ئۇنى چۈشەندى)

رَأَيْتُ حَشَرَةً سَامَّةً فَقَتَلْتُهَا

(مەن زىيانداش ھاشاراتنى كۆردۈم ۋە ئۇنى ئۆلتۈردۈم)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۆتۈمسىز (لازم) پېئىل ـــ پائىل بىلەنلا تونۇق مەنە ئوقتۇرىدىغان پېئىلدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

خَرَجَ الطُّلاّبُ الْجُدُدُ (يېڭى ئوقۇغۇچىلار چىقتى)

فَرِحَ الْمُدَرِّسُ (ئوقۇتقۇچى خۇشال بولدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۆتۈمسىز پېئىل مەپئۇل (مفعول بە)غا موھتاج بولمايدۇ. ئەمما، بەزىدە ئاخىرىنى زىر قىلغۇچى قوشۇمچىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆتۈملۈك پېئىلغا ئايلىنىدۇ. بۇنداق پېئىلنىڭ تولدۇرغۇچىسى ۋاستىلىق تولدۇرغۇچى (مفعول بە غَيْرُ صَرِيْحٌ) دەپ ئاتىلىدۇ. ۋاستىلىق تولدۇرغۇچىنىڭ ئاخىرى گەرچە تەلەپپۇز ۋە يېزىقتا ئاخىرىنى زىر قىلغۇچى قوشۇمچىنىڭ سەۋەبىدىن زىرلىك ئوقۇلسىمۇ، ئەمما تولدۇرغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئورۇن جەھەتتىن زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

غَضِبَ الْمُدَرِّسُ عَلَى الطَّالِبِ الْكَسْلانِ

(ئوقۇتقۇچى ھورۇن ئوقۇغۇچىلارغا غەزەپلەندى)

«فَمَنْ رَغِبَ عَنْ سُنَّتِيْ فَلَيْسَ مِنِّيْ» (ھەدىس)

(كىمكى سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرىسە، ئۇ مەندىن ئەمەس)

دېگەنگە ئوخشاش.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## 2- مەزمۇن: ئۆتۈمسىز پېئىلنىڭ ئۆتۈملۈك پېئىلغا ئايلىنىشى توغرىسىدا

ئۆتۈمسىز پېئىل «أَفْعَلَ» ۋە «فَعَّلَ» بابلىرىغا يۆتكەلسە، ئۆتۈملۈك پېئىلغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

خَرَجَ حَامِدٌ مِنَ الْفَصْلِ ← أَخْرَجَ الْمُدَرِّسُ حَامِدًا مِنَ الْفَصْلِ

(هامىد سىنىپتىن چىقتى) ← (ئوقۇتقۇچى هامىدنى سىنىپتىن چىقىرىۋەتتى)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئەگەر بىر تولدۇرغۇچىسى بار ئۆتۈملۈك پېئىل «أَفْعَلَ» ۋە «فَعَّلَ» بابلىرىغا يۆتكەلسە، پېئىل ئىككى تولدۇرغۇچى (مفعول بـه)غا ئۆتىدۇ. مەسىلەن:

سَمِعَ الْقُرْآنَ الْمُدَرِّسُ ← أَسْمَعَ الطُّلاَّبُ الْمُدَرِّسَ الْقُرْآنَ

(ئوقۇتقۇچى قۇرئان ئاڭلىدى) ← (ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىغا قۇرئاننى ئاڭلاتتى)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: «أَرَى» توغرىسىدا

تېكىستتە «أُرِيْدُ أَنْ أُرِيَهَا الْمُدِيْرَ» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىكى «أَرَى» دېگەن پېئىل «أَفعَلَ» بابىدىن بولۇپ، «رَأَى»دىن ياسالغان. ئۇنىڭ ئەسلىسى «أَرْأَيُ» بولۇپ، ئۇنىڭدىن يەڭگىللىك يۈزىسىدىن پېئىلنىڭ «عين»ى تاشلانغان. ئۇنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلى «يُرِيْ» دەپ كېلىدۇ، بۇيرۇق شەكلى «أَرِ» دەپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

أُرِيْدُ أَنْ أُرِيَهَا الْمُدِيْرَ (مەن ئۇنى مۇدىرغا كۆرسىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن)

أَرِنِيْ هٰذَا يَا عَلِيُّ (ئى ئەلى! بۇنى ماڭا كۆرسەت!)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: پېئىلنىڭ «فَعَّلَ» بابىغا يۆتكىلىشى توغرىسىدا

ئەگەر بىر پېئىل «فَعَّلَ» بابىغا يۆتكەلسە، ئۇ كۆپلۈك ۋە مۇبالىغە مەنىسىنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن:

جَوَّلْتُ فِيْ مَشَارِقِ الْأَرْضِ وَمَغَارِبِهَا

(مەن دۇنيانىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىدە كۆپ ئايلاندىم)

نُقَتِّلُ أَوْلَادَ الْمُشْرِكِيْنَ (بىز مۇشرىكلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ھەسسىلەپ ئۆلتۈرىمىز)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 5- مەزمۇن: «إِيَّاكَ وَالظَّنَّ» توغرىسىدا

تېكىستتە «إِيَّاكَ وَالظَّنَّ» دېگەن ئىبارە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «إِيَّاكَ» تەھزىر (تَحْذِيْر)دىن ئىبارەت.

تەھزىر — مۇخاتەب (ئىككىنچى شەخس)نى يامان بىر ئىشتىن ساقلىنىشنى سەمىگە سېلىپ ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشتىن ئىبارەت. مەسىلەن:

إِيَّاكَ وَالْكِلَابَ يَا عَلِيُّ (ئى ئەلى! ئىتتىن ساقلان)

«إِيَّاكُمْ وَالْمُحْدَثَاتِ الْأُمُوْرِ فَإِنَّهَا ضَلَالَةٌ» (ھەدىس)

(بىدئەتتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى ئۇ ئازغۇنلۇقتۇر)

دېگەنگە ئوخشاش.

www.uyghurkitapp.com

## 6- مەزمۇن: زىيادە بولۇپ كەلگەن «مَا» توغرىسىدا

«إِنَّ» ۋە شۇ تۈردىكى قوشۇمچىلارغا زىيادە بولۇپ كەلگەن «مَا» (مَا الزَّائِدَةُ) قوشۇلسا، ئۇ مەزكۇر قوشۇمچىلارنىڭ ئەمىلىنى بىكار قىلىدۇ. شۇڭا، بۇ تۇسقۇچى «مَا» (مَا الْكَافَّة) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا مەزكۇر قوشۇمچىلار ئىسىملىق ۋە پېئىللىق جۈملىنىڭ ئالدىغا كىرىدۇ. مەسىلەن:

﴿إِنَّمَا الصَّدَقَاتُ لِلْفُقَرَاءِ﴾ (زاكات پەقەت پېقىرلارغا بېرىلىدۇ)

«إِنَّمَا الْأَعْمَالُ بِالنِّيَاتِ» (ئەمەللەر پەقەت نىيەتكە باغلىق) (ھەدىس)

«إِنَّمَا» مەنە جەھەتتە مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى ئۇقتۇرىدۇ. يەنى، ئۇ جۈملىدىكى ئىگىگە بىر ھۆكۈمنى ئىسپاتلاپ، ئۇنىڭدىن شۇنىڭ غەيرىنى يوققا چىقىرىدۇ. مەسىلەن: «إِنَّمَا هُوَ مُهَنْدِسٌ» (ئۇ پەقەت بىر ئىنژېنېر) دېسەك، بۇ جۈملە ئۇ كىشىنىڭ پەقەتلا بىر ئىنژېنېر ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدا بۇنىڭدىن باشقا سۈپەت يوقلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

## 7- مەزمۇن: قەسەمنىڭ جاۋابى توغرىسىدا

تېكىستتە «وَاللهِ لَقَدْ فَرِحْتُ كَثِيرًا» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «فَرِحْتُ كَثِيرًا» بولسا قەسەمنىڭ جاۋابىدىن ئىبارەت.

ئەگەر قەسەمنىڭ جاۋابى ئۆتكەن زامان پېئىلى بىلەن باشلانغان بولۇشلۇق پېئىللىق جۈملە بولسا، «ل» (لام) ۋە «قَدْ» بىلەن تەكىتلىنىدۇ. مەسىلەن:

﴿وَالتِّيْنِ وَالزَّيْتُوْنِ * وَطُوْرِ سِنِيْنَ * وَهٰذَا الْبَلَدِ الْأَمِيْنِ * لَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنْسَانَ فِيْ أَحْسَنِ تَقْوِيْمٍ﴾ (ئەنجۈر بىلەن ۋە زەيتۇن بىلەن قەسەمكى، سىنا تېغى بىلەن قەسەمكى، بۇ تىنچ شەھەر (يەنى مەككە مۇكەررەمە) بىلەن قەسەمكى، بىز ئىنسانىنى شەك-شۈبھىسىز ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتتۇق).

دېگەنگە ئوخشاش.

## 8- مەزمۇن: «أَمْسَى» توغرىسدا

«أَمْسَى» ـــ «كَانَ» تۈرىدىكى پېئىللاردىن بولۇپ، ئىسمىنىڭ ئاخىرىنى پېشلىك، خەۋىرىنىڭ ئاخىرىنى زەبەرلىك ئوقۇتىدۇ. مەسىلەن:

أَمْسَيْتُ مَرِيْضًا (مەن كەچتە ئاغرىپ قالدىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئون سەككىزىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: «فَاعَلَ» بابى توغرىسىدا

بۇ دەرسىمىزدە ئۈچ ھەرپلىك مەزىد (ثلاثي مزيد) پېئىللىرىنىڭ بابلىرىدىن بولغان «فَاعَلَ» بابى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

بۇ بابتا پېئىلنىڭ «ف»سىدىن كېيىن بىر «ا» (ئەلف) زىيادىدۇر. مەسدىرى «مُفَاعَلَةٌ» ۋە «فِعَالٌ» ئۆلچىمدە تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| شَاهَدَ / يُشَاهِدُ | مُشَاهَدَةٌ | (ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەك) |
| قَاتَلَ / يُقَاتِلُ | قِتَالٌ | (ئۇرۇش قىلماق، جەڭ قىلماق) |
| نَادَى / يُنَادِيْ | نِدَاءٌ | (چاقىرماق، نىدا قىلماق) |

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: باشلاش «ل»ى توغرىسىدا

تېكىستتە ﴿إِنَّ اللهَ لَغَفُورٌ رَحِيمٌ﴾ دېگەن ئايەت ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىكى «ل» (لام) باشلاش لامى بولۇپ، ئۇ «إِنَّ»نىڭ خەۋىرىنىڭ ئالدىغا كىرىدۇ. شۇڭا، بۇ لام «لامُ الْمُزَحْلَقَة» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

﴿إِنَّ إِلٰهَكُمْ لَوَاحِدٌ﴾ (سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار شەك-شۈبھىسىز بىر ئىلاھتۇر)

﴿وَإِنَّ أَوْهَنَ الْبُيُوْتِ لَبَيْتُ الْعَنْكَبُوْتِ﴾
(ھەقىقەتەن ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىدۇر)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئەگەر «إِنَّ»نىڭ ئىسمىسى خەۋىرىدىن كېيىن كەلسە، بۇ «ل» — «إِنَّ»نىڭ ئىسمىسىغا كىرىدۇ. مەسىلەن:

﴿إِنَّ لَكَ لَأَجْرًا غَيْرَ مَمْنُوْنٍ﴾
(مۇقەررەركى، سەن ئەلۋەتتە ئۈكسىمەس ساۋابقا ئېرىشىسەن)

إِنَّ لِيْ لَأَخًا صَادِقًا (ھەقىقەتەنمۇ مېنىڭ سەممىي بىر دوستۇم بار)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: «قَدْ»نىڭ ئىشلىتىلىشى توغرىسىدا

تېكىستتە «قَدْ فَاتَتْكَ دُرُوْسٌ» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «قَدْ»كە ئائىت مۇنداق قائىدىلەر بار:

ئەگەر «قَدْ» ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ئالدىغا كىرسە، جۈملە مەزمۇنىنى كۈچەيتىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

قَدْ وَصَلَتْ الطَّائِرَةُ (چوقۇم ئايروپىلان يېتىپ كەلدى)

قَدْ فُتِحَ بَابُ الْمَكْتَبَةِ (چوقۇم كۇتۇپخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئەگەر ئۇ كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ئالدىغا كىرسە:

1) گۇمان ياكى ئېھتىماللىق مەنىسىنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن:

قَدْ يَعُوْدُ الْمُدِيْرُ غَدًا (مۇدىر ئەتە قايتىپ كېلىشى مۇمكىن)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

قَدْ يَنْزِلُ الْمَطَرُ الْيَوْمَ (ئېھتىمال بۈگۈن يامغۇر ياغىدۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

2) ئازلىق مەنىسىنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن:

قَدْ يَنْجَحُ الطَّالِبُ الْكَسْلانُ

(بەزىدە ھورۇن ئوقۇغۇچى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: «ذَوُوْ» توغرىسىدا

«ذَوُوْ» ـــ «ذُوْ»نىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، ساغلام ئەرلىك كۆپلۈك (جمع مذكر سالم)نىڭ ئىئرابىنى قوبۇل قىلىدۇ. مەسىلەن:

ذَوُوْ الْقُرْبَى أَحَقُّ مُسَاعَدَتِكَ

(ئۇرۇق-تۇغقانلار سېنىڭ ياردەم قىلىشىڭغا ئەڭ لايىق)

جَالِسْ ذَوِى الْعِلْمِ (ئىلىملىك كىشىلەر بىلەن ئولتۇرغىن)

هٰذِهِ مَسَاكِنُ الطُّلاّبِ ذَوِى الْعَائِلاتِ

(مانا بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئولتۇرىدىغان ئورۇن)

## 5- مەزمۇن: «أُوْلُوْ» توغرىسىدا

«أُوْلُوْ» مەنە ۋە ئىئراب جەھەتتە «ذُوْ» بىلەن ئوخشاش بولۇپ، باش كېلىشتە «و» بىلەن، چۈشۈم كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىش ھالىتىدە «ي» بىلەن ئىئراب قوبۇل قىلىدۇ. مەسىلەن:

﴿قَالُوْا نَحْنُ أُوْلُوْ قُوَّةٍ وَأُوْلُوْ بَأْسٍ شَدِيْدٍ * وَالْأَمْرُ إِلَيْكَ﴾ (نەمل 33- ئايەت)

(ئۇلار ئېيتتى: «بىز كۈچلۈك، جەڭگىۋارمىز، ئىش سىنىڭ ئىختىيارىڭدىدۇر»)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 6- مەزمۇن: «لٰكِنَّ» توغرىسىدا

بىز ئىلگىرىكى دەرسلەردە «لٰكِنَّ»نىڭ «إِنَّ» تۈرىدىكى قوشۇمچە ئىكەنلىكىنى تونۇپ ئۆتكەندۇق. ئەمدى بۇ دەرستە ئۇنىڭغا ئائىت يەنە بىر قائىدىنى ئۆگىنىپ ئۆتىمىز.

ئەگەر ئۇ يەڭگىل ھالەتتە (تەشدىدسىز) ئوقۇلسا، ئۇنىڭ ئەملى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. شۇنداقلا، بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئىسملىق ۋە پېئىللىق جۈملىگە كىرىدۇ. مەسىلەن:

جَاءَ الْمُدَرِّسُ، لٰكِنْ الطُّلاَّبُ مَا جَاءُوْا

(ئوقۇتقۇچى كەلدى، لېكىن ئوقۇغۇچىلار كەلمىدى)

غَابَ عَلِيٌّ، لٰكِنْ حَضَرَ أَحْمَدُ (ئەلى يوقاپ كەتتى، لېكىن ئەھمەد كەلدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 7- مەزمۇن: «ذٰلِكَ» ۋە «تِلْكَ» توغرىسىدا

«ذٰلِكَ» بىلەن «تِلْكَ»دە خىتابنىڭ «ك»نى مۇخاتەبكە رىئايە قىلغان ھالدا تۈرلەش دۇرۇستۇر. يەنى، مۇخاتەب بىرلىك بولسا، ئۇمۇ بىرلىك؛ ئىككىلىك بولسا، ئۇمۇ ئىككىلىك؛ كۆپلۈك بولسا، ئۇمۇ كۆپلۈك كېلىدۇ. مەسىلەن:

لِمَنْ ذٰلِكُمُ الدَّفَاتِرُ يَا إِخْوَانُ (ئى قېرىنداشلار! ئاۋۇ دەپتەرلەر كىمنىڭ)
أَقَرَأْتَ تِلْكَ الْمَجَلَّةَ يَا آمِنَةُ (ئى ئامىنە! سەن ئاۋۇ ژۇرنالنى ئوقۇدىڭمۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 8- مەزمۇن: «يَغْفِرُ» توغرىسىدا

تېكىستتە ﴿يَغْفِرْ لَكُمْ﴾ دېگەن ئىبارە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «يَغْفِرْ» دېگەن پېئىل تەلەپنىڭ جاۋابىدا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئاخىرى جەزملىك ئوقۇلغان. چۈنكى، ئالدىنقى ئايەتتىكى ﴿تُؤْمِنُونَ﴾ دېگەن پېئىل «آمِنُوا» دېگەن بۇيرۇق پېئىلنىڭ مەنىسىدە كەلگەن.

# ئون توققۇزىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: «تَفَعَّلَ» بابى توغرىسىدا

بۇ دەرسىمىزدە ئۈچ ھەرپلىك مەزىد (ثلاثي مزيد) پېئىللىرىنىڭ بابلىرىدىن بولغان «تَفَعَّلَ» بابى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

بۇ بابتا پېئىلنىڭ «ف»سىنىڭ ئالدىدا بىر «ت» ۋە بىر ھەسسىلەنگەن «ع» زىيادىدۇر. مەسدىرى «تَفَعُّلٌ» ئۆلچىمىدە تۇرلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| تَعَلَّمَ / يَتَعَلَّمُ | تَعَلُّمٌ | (ئۆگەنمەك، تەلىم ئالماق) |
| تَأَخَّرَ / يَتَأَخَّرُ | تَأَخُّرٌ | (كېچىكمەك، كېيىن قالماق) |

دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ بابنىڭ ناقىس پېئىللىرىدىنمۇ مەسدەر ئەسلىدە «تَفَعُّلٌ» ئۆلچىمىدە چىقىدۇ. لېكىن، ئاخىردىكى كېسەل ھەرپىنىڭ تاشلىنىشى ۋە ھەرىكەت يۆتكىلىشى سەۋەبلىك ئىستېمالدىكى مەسدەر بۇ ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مەسىلەن:

| ئۆتكەن زامان | كەلگۈسى زامان | مەسدەر | ئەسلىسى | مەنىسى |
|---|---|---|---|---|
| تَغَدَّى | يَتَغَدَّى | تَغَدٍّ | تَغَدُّيٌ | چۈشلۈك تاماق يېمەك |
| تَعَشَّى | يَتَعَشَّى | تَعَشٍّ | تَعَشُّيٌ | كەچلىك تاماق يېمەك |

دېگەنگە ئوخشاش.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## 2- مەزمۇن: «تَفَعَّلَ» بابىنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلىدىن بىر «ت»نىڭ تاشلىنىشى توغرىسىدا

«تَفَعَّلَ» بابىنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلىدە تىلغا يەڭگىل بولۇشى ئۈچۈن ئىككى «ت»نىڭ بىرى تاشلىنىشى دۇرۇس. مەسىلەن:

﴿تَنَزَّلُ الْمَلائِكَةُ وَالرُّوحُ﴾: بۇنىڭدىكى ﴿تَنَزَّلُ﴾نىڭ ئەسلىسى: «تَتَنَزَّلُ».

﴿وَلا تَجَسَّسُوْا ...﴾: بۇنىڭدىكى ﴿تَجَسَّسُوْا﴾نىڭ ئەسلىسى: «تَتَجَسَّسُوْا».

دېگەنگە ئوخشاش.

بۇنىڭغا ئاساسەن شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، «تَفَعَّلَ» بابىغا تەۋە بولغان ھەرقانداق پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلىدە ئىككى «ت» بىرگە كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ بىرى تاشلىنىدۇ.

## 3- مەزمۇن: «لَمَّا» توغرىسىدا

تېكىستتە «لَمَّا رَجَعَ رَسُوْلُ اللهِ عَلَيْهِ السّلامُ مِنْ بَدْرٍ زَوَّجَهُ أُخْتَهَا أُمَّ كُلْثُوْمٍ» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىكى «لَمَّا» بولسا ۋاقىت مەنىسىدە كەلگەن «لَمَّا» (لَمَّا حِيْنِيَّةٌ)دىن ئىبارەت. ئۇ ۋاقىت رەۋىشى بولۇپ، ئۆتكەن زامان پېئىلىغا خاس. ئۇنىڭ جاۋابىمۇ ئۆتكەن زامان پېئىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

لَمَّا سَمِعْتُ الْأَذَانَ تَتَوَضَّأْتُ وَتَوَجَّهْتُ إِلَى الْمَسْجِدِ

(مەن ئەزاننى ئاڭلىغان ۋاقتىمدا تاھارەت ئېلىپ مەسجىدكە ماڭدىم)

لَمَّا وَصَلْنَا إِلَى مَكَّةَ أَسْرَعْنَا إِلَى بَيْتِ اللهِ الْحَرَامِ

(بىز مەككىگە يېتىپ كەلگەن ۋاقىتتا ئۇلۇغ كەئبىگە بېرىشقا ئالدىرىدۇق)

## 4- مەزمۇن: «الْمُتَفَوِّقِيْنَ» توغرىسىدا

تېكىستتە «غَـدًا نَحْـنُ مُتَفَـوِّقِيْنَ» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «الْمُتَفَـوِّقِيْنَ» خاسلىققا ئاساسەن زەبەرلىك ئوقۇلغان، ئۇ «أَخُـصُّ» دېگەن تاشلانغان پېئىلنىڭ تولدۇرغۇچىسى بولۇپ، بۇ پېئىلنى تاشلاش زۆرۈردۇر.

«الْمَخْصُـوْص» دېگەن ئالماش (ضَـمِيْر)تىن بولغان مەقسەتنى بايان قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن:

نَحْن الْمُسْلِمِيْنَ لَا نَخَافُ إلا اللهَ

(خۇسۇسەن بىز مۇسۇلمانلار پەقەت ئاللاھتىنلا قورقىمىز)

«إِنَّا مَعْشَرَ الْأَنْبِيَاء لَا نُوْرَثُ» (ھەدىس)

(خۇسۇسەن بىز پەيغەمبەرلەر گۇرۇھى مىراس قالدۇرمايمىز)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# يىگىرمىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: «تَفَاعَلَ» بابى توغرىسىدا

بۇ دەرسىمىزدە ئۈچ ھەرپلىك مەزىد (ثلاثي مزيد) پېئىللىرىنىڭ بابلىرىدىن بولغان «تَفَاعَلَ» بابى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

بۇنىڭدا پېئىلنىڭ «ف»سىنىڭ ئالدىدا بىر «ت»، ئارقىسىدا بىر «ا» (ئەلف) زىيادىدۇر. مەسدىرى «تَفَاعُلٌ» ئۆلچىمىدە تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

تَنَاوَلَ / يَتَنَاوَلُ تَنَاوُلٌ (ئالماق، يېمەك، تاپشۇرۇپ ئالماق)

تَبَاكَى / يَتَبَاكَى تَبَاكٍ (ئەسلى: تَبَاكِيٌّ) (يالغان يىغلىماق)

دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ بابتا كەلگەن پېئىللار ئۆزئارا ھەمكارلىشىش مەنىسىنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن:

تَعَاوَنَ الطُّلاَّبُ (ئوقۇغۇچىلار ئۆزئارا ھەمكارلاشتى)

تَصَافَحَ النَّاسُ (كىشىلەر ئۆزئارا قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى)

دېگەنگە ئوخشاش.

يەنە كۆڭلىدە يوق نەرسىنى ئاشكارىلاش مەنىسىنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن:

تَمَارَضَ الطَّالِبُ (ئوقۇغۇچى يالغاندىن كېسەل بولۇۋالدى)

مَا أَنْتَ مَرِيْضًا، إِنَّمَا أَنْتَ مُتَمَارِضٌ

(سەن ئاغرىق ئەمەس، بەلكى سەن يالغاندىن كېسەل بولۇۋالدىڭ)

## 2- مەزمۇن: «تَفَاعَلَ» بابىنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلىدىن بىر «ت»نىڭ تاشلىنىشى توغرىسىدا

«تَفَاعَلَ» بابىنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلىدە تىلغا يەڭگىل بولۇشى ئۈچۈن ئىككى «ت»نىڭ بىرى تاشلىنىشى دۇرۇس. مەسىلەن:

﴿وَلَا تَنَابَزُوْا بِالأَلْقَابِ﴾ (﴿تَنَابَزُوْا﴾نىڭ ئەسلىسى «تَتَنَابَزُوْا»دۇر)

(بىر-بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار)

دېگەنگە ئوخشاش.

بۇنىڭغا ئاساسەن شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، «تَفَاعَلَ» بابىغا تەۋە بولغان ھەرقانداق پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلىدە ئىككى «ت» بىرگە كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ بىرى تاشلىنىدۇ.

## 3- مەزمۇن: «لَيْتَ» توغرىسىدا

تېكىستتە «لَيْتَنَا اجْتَهَدْنَا» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭدىكى «لَيْتَ» بولسا «إِنَّ» تۈرىدىكى قوشۇمچىلاردىن بولۇپ، ئارزۇ-ئۈمىدنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئۇ ئەمەلگە ئاشمايدىغان ياكى ئەمەلگە ئېشىشى قىيىن بولغان بىر ئىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن:

لَيْتَ الشَّبَابَ يَعُوْدُ (ياشلىق قايتىپ كەلسىچۇ كاشكى)

لَيْتَ لِيْ مِلْيُوْنَ دُوْلَارٍ (مېنىڭ مىليون دوللار پۇلۇم بولسىچۇ كاشكى)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 4- مەزمۇن: جىنسنى يوققا چىقىرىش «لا»سى توغرىسىدا

تېكىستتە «لَا دَعِيَ لِلْخَوْفِ» دېگەن ئىبارە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىكى «لَا» بولسا جىنسنى يوققا چىقىرىش «لَا»سى (لا النافية للجنس)دىن ئىبارەت.

ئەگەر بۇ «لَا»نىڭ ئىسمىسى بىرلىك ساندا (مۇفرەد) بولسا، يەنى ئېنىقلانغۇچى بولمىسا، زەبەر ئوقۇلغان نەرسىنىڭ ئۈستىگە مەبنى بولىدۇ. مەسىلەن:

﴿ذٰلِكَ الْكِتَابُ لَا رَيْبَ فِيْهِ﴾ (بۇ كىتابتا ھېچقانداق شەك يوقتۇر)

﴿لَا إِكْرَاهَ فِيْ الدِّيْنِ﴾ (دىندا ئۇنىڭغا كىرىشكە زورلاش يوقتۇر)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 5- مەزمۇن: پېئىلغا ئوخشايدىغان قوشۇمچىلار (اَلْحُرُوْف الْمُشَبَّهَةُ بِالْفِعْلِ) توغرىسىدا

بۇ قوشۇمچىلار ئالتە بولۇپ، ئۇلار: إِنَّ، أَنَّ، لَيْتَ، لَعَلَّ، كَأَنَّ، لٰكِنَّ قاتارلىقلاردۇر.

بۇلاردىن «إِنَّ» بىلەن «أَنَّ» تەكىتنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن:

﴿إِنَّ اللّٰهَ شَدِيْدُ الْعِقَابِ﴾ (ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر)

﴿وَاعْلَمُوْا أَنَّ اللّٰهَ شَدِيْدُ الْعِقَابِ﴾ (بىلىپ قويۇڭلاركى، جەزمەن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر)

دېگەنگە ئوخشاش.

«كَأَنَّ» ـــ ئوخشىتىشنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن:

كَأَنَّ الْعِلْمَ نُوْرٌ (ئىلىم بىر نۇرغا ئوخشايدۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

بەزىدە گۇماننى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن:

كَأَنِّيْ أَعْرِفُكَ (مەن سېنى تونۇيدىغاندەك قىلىمەن)

دېگەنگە ئوخشاش.

«لٰكِنَّ» ــــ تـوغرا پىكىرنـى ئوتتۇرىغـا قويـۇش ئۈچـۈن ئىشـلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

حَامِدٌ ذَكِيٌّ وَلٰكِنَّهُ كَسْلَانٌ (ھامىد ئەقىللىق، لېكىن ئۇ ھورۇن)

دېگەنگە ئوخشاش.

«لَيْتَ» ــــ ئارزۇ-ئۈمىدنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن:

لَيْتَ عُمَرَ يَجْتَهِدُ (ئۇمەر بىر تىرىشسىچۇ كاشكى)

دېگەنگە ئوخشاش.

«لَعَلَّ» ــــ ئۈمىد ۋە قورقۇشنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن:

لَعَلَّ اللّٰهَ يَغْفِرُ لِيْ (ئېھتىمال ئاللاھ مېنى كەچۈرۈشى مۇمكىن)

لَعَلَّ الْجَرِيْحَ يَمُوْتُ (ئېھتىمال يارىدار ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن)

دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ قوشۇمچىلار ئىگە ۋە خەۋەرنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئىگىنى زەبەرلىك، خەۋەرنى پېشلىك ئوقۇتىدۇ. ئەسلى جۈملىدىكى ئىگە بۇ قوشۇمچىلارنىڭ ئىسمى، خەۋەر بۇ قوشۇمچىلارنىڭ خەۋىرى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| اَللّٰهُ | غَفُوْرٌ | ← | إِنَّ | اللّٰهَ | غَفُوْرٌ |
| ئىگە | خەۋەر | | | «إِنَّ»نىڭ ئىسمى | «إِنَّ»نىڭ خەۋىرى |

**بۇ قوشۇمچىلارنىڭ ئىسمىسى ۋە خەۋىرىگە ئائىت قائىدىلەر:**

1) بۇ قوشۇمچىلارنىڭ ئىسمىسى ئېنىقسىز (نكرة) ئىسىم بولۇشى دۇرۇس. مەسىلەن:

كَأَنَّ شَيْئًا لَمْ يَحْدُثْ (بىر نەرسە پەيدا بولمىغاندەك قىلىدۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

2) بۇ قوشۇمچىلارنىڭ خەۋىرى، ئىگىسىنىڭ خەۋىرىگە ئوخشاش بىرلىك ئىسىم، ياكى تولۇق جۈملە، ۋەياكى تولۇقسىز جۈملە بولىدۇ. مەسىلەن:

﴿إِنَّ اللّٰهَ سَرِيْعُ الْحِسَابِ﴾ (مۇفرەد ئىسىم)

(ھەقىقەتەن ئاللاھ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر)

﴿إِنَّ اللّٰهَ يَغْفِرُ الذُّنُوْبَ جَمِيْعًا﴾ (جۈملە)

(ئاللاھ ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمي گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ)

«إِنَّ الْجَنَّةَ تَحْتَ أَقْدَامِ الْأُمَّهَاتِ» (تولۇقسىز جۈملە)

(جەننەت ئانىلارنىڭ قەدىمى ئاستىدا)

دېگەنگە ئوخشاش.

3) بۇ قوشۇمچىلارغا ئۇنىڭ خەۋىرى ياكى ئىسمىسىنىڭ ئىلگىرى كېلىشى دۇرۇس ئەمەس. مەسىلەن: «غَفُوْرٌ إِنَّ اللّٰهَ» دېگەنگە ئوخشاش كېلىشى دۇرۇس ئەمەس.

4) ئەگەر بۇ قوشۇمچىلارنىڭ ئىسمىسى ئېنىق ئىسىم، خەۋىرى تولۇقسىز جۈملە بولسا، بۇ قوشۇمچىلار بىلەن ئۇنىڭ ئىسمىسى ئوتتۇرىسىدا ئۇلارنىڭ خەۋىرىنىڭ چۈشۈشى دۇرۇس. مەسىلەن:

﴿إِنَّ إِلَيْنَا إِيَابَهُمْ * ثُمَّ إِنَّ عَلَيْنَا حِسَابَهُمْ﴾

(ئۇلار (ئۆلگەندىن كېيىن) ھەقىقەتەن بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ.

ئاندىن ئۇلاردىن ھېساب ئېلىشقا بىز مەسئۇلمىز)

5) ئەگەر بۇ قوشۇمچىلارنىڭ ئىسمىسى ئېنىقسىز (نكرة) ئىسىم، خەۋىرى تولۇقسىز جۈملە (شبه جملة) بولسا، ئۇنىڭ خەۋىرىنىڭ ئىسمىسىدىن بۇرۇن كېلىشى زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن:

﴿إِنَّ لَدَيْنَا أَنْكَالًا﴾ (بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا (ئېغىر) كىشەنلەر بار)

﴿إِنَّ مَعَ الْعُسْرِ يُسْرًا﴾ (ھەقىقەتەن بىر قىيىنچىلىق بىلەن بىر ئاسانچىلىق بار)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يىگىرمە بىرىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: «اِنْفَعَلَ» بابى توغرىسىدا

بۇ دەرسىمىزدە ئۈچ ھەرپلىك مەزىد (ثلاثي مزيد) پېئىللىرىنىڭ بابلىرىدىن بولغان «اِنْفَعَلَ» بابى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

بۇنىڭدا پېئىلنىڭ «ف»سىنىڭ ئالدىدا بىر ئۇلانما ھەمزە (ا) ۋە بىر «ن» زىيادىدۇر. مەسدىرى «اِنْفِعَالٌ» ئۆلچىمدە تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

اِنْكَسَرَ / يَنْكَسِرُ اِنْكِسَارٌ (سۇنماق، مەغلۇب بولماق)

اِنْفَتَحَ / يَنْفَتِحُ اِنْفِتَاحٌ (ئېچىلماق)

دېگەنگە ئوخشاش.

«اِنْفَعَلَ» بابىدىكى پېئىللار ئۆتۈمسىز (لازم) پېئىل بولۇپ، بويسۇنۇش مەنىسىنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن:

فَتَحْتُ الْبَابَ (ئىشىكنى ئاچتىم) ← اِنْفَتَحَ الْبَابُ (ئىشىك ئېچىلدى)

قَطَعْتُ الْحَبْلَ (ئارغامچىنى كەستىم) ← اِنْقَطَعَ الْحَبْلُ (ئارغامچا كېسىلدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

«اِنْفَعَلَ» بابىغا ئوخشاش «تَفَعَّلَ» بابىدا كەلگەن پېئىللارمۇ «فَعَّلَ» بابىدىكى پېئىللارغا بويسۇنىدۇ. مەسىلەن:

كَسَّرْتُ الزُّجَاجَ (ئەينەكنى سۇندۇردۇم) ← تَكَسَّرَ الزُّجَاجُ (ئەينەك سۇنۇپ كەتتى)

قَطَّعْتُ الْحَبْلَ (ئارغامچىنى كەستىم) ← تَقَطَّعَ الْحَبْلُ (ئارغامچا ئۈزۈلدى)

## 2- مەزمۇن: «اِنْفَعَلَ» بابىدىكى پېئىللارنىڭ ئۈلانما ھەمزىسىنىڭ تاشلىنىپ كېتىشى توغرىسىدا

ئەگەر بۇ بابتىكى پېئىللارنىڭ ئالدىغا سوراق قوشۇمچىسى بولغان ھەمزە (أ) كىرسە، ئۇنىڭدىكى ئۈلانما ھەمزە (همزة الوصل) تاشلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

أَاِنْكَسَرَ ← أَنْكَسَرَ (ئۇ سۇندىمۇ)

أَاِنْقَلَبَتْ السَّيَّارَة ← أَنْقَلَبَتِ السَّيَّارَةُ (ماشىنا ئۆرۈلۈپ كەتتىمۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: جۈملىنىڭ بىرلىك ئىسىمنىڭ ھۆكمىدە بولۇشى توغرىسىدا

تېكىستتە «اِنْكَسَفَتْ الشَّمْسُ يَوْمَ مَاتَ إِبْرَاهِيْمُ» دەپ كەلگەن بولۇپ، بۇ يەردە «مَاتَ إِبْرَاهِيْمُ» دېگەن جۈملە ئىزاپەتتىكى ئېنىقلىغۇچى (مضاف إليه) بولۇپ، ئورۇن جەھەتتىن زىرلىك ئوقۇلغان. «يَوْمَ» ئېنىقلانغۇچى (مضاف) بولۇپ كەلگەن.

«يَوْمَ مَاتَ إِبْرَاهِيْمُ» دېگەن جۈملىنىڭ تەقدىرى: «يَوْمَ مَوْتِ إِبْرَاهِيْمَ» دېگەن بولۇپ، بۇ يەردە بۇ جۈملە بىرلىك ئىسىمنىڭ ھۆكمىدە.

دېمەك، ھەرقانداق جۈملە بىرلىك ئىسىمنىڭ ھۆكمىدە بولغاندا ئاندىن ئۇنىڭ ئىئرابتىن ئورنى بولىدۇ. مەسىلەن:

سَافَرْتُ يَوْمَ ظَهَرَتِ النَّتَائِجُ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(مەن نەتىجە ئېلان قىلىنغان كۈنى سەپەرگە چىقتىم)

مَرِضْتُ يَوْمَ زَارَ الْوَزِيْرُ الْجَامِعَةَ

(مىنىستىر ئۇنىۋېرسىتېتنى زىيارەت قىلغان كۈنى ئاغرىپ قالدىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: «لَوْلَا» توغرىسىدا

تېكىستتە «لَـوْ لَا فَضْـلُ اللهِ عَلَـيْهِمْ لَمَـاتُوْا» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «لَـوْلَا» بولسا شـەرتنىڭ مەۋجـۇد بولۇشـى ئۈچـۈن جـاۋابنى چەكلەيدىغان قوشۇمچە (حَرْفُ اِمْتِنَاعٍ لِوُجُوْدٍ)دۇر. مەسىلەن:

لَوْلَا الْهَوَاءُ لَهَكَ النَّاسُ

(ئەگەر هاۋا بولمىغان بولسا، ئەلۋەتتە كىشىلەر هالەك بولاتتى)

دېگەنـگە ئوخشـاش. يەنـى، بـۇ جۈملىنىـڭ مەزمـۇنى شـۇكى، هـاۋا تېپىلغاچقىلا كىشىلەر هالەك بولمىدى.

«لَوْمَا»مۇ «لَوْلَا»نىڭ مەنىسىدە كېلىدۇ.

«لَـوْلَا»دىـن كېيىن كەلگەن ئىسىم ئىگە بولۇپ، خەۋىرى تاشلىنىدۇ. مەسىلەن: «لَـوْلَا الْهَـوَاءُ»نىڭ تەقدىرى ـــ «لَـوْلَا الْهَـوَاءُ مَوْجُـوْدٌ» دېگەن بولىدۇ.

بەزى ۋاقىتتا «لَـوْلَا»دىـن كېيىن «أَنَّ» ۋە ئۇنىـڭ ئىسمىسى ۋە خەۋىـرى كېلىپ ئىگە بولىدۇ، ئەمما ئوخشاشلا خەۋىرى تاشلىنىدۇ. مەسىلەن:

لَوْلَا أَنَّنِيْ مَرِيْضٌ لَسَافَرْتُ مَعَكَ

(ئەگەر كېسەل بولمىغان بولسام، ئەلۋەتتە سەن بىلەن سەپەرگە چىقاتتىم)

«لَــوْلَا»نىــڭ جــاۋابى بولۇشــلۇق بولســا، ئۇنــڭ بېشــىغا «ل» (لام) قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

﴿لَوْلَا أَنْتُمْ لَكُنَّا مُؤْمِنِيْنَ﴾

(ئەگەر سىلەر بولمىساڭلار بىز چوقۇم ئىمان ئېيتاتتۇق)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 5- مەزمۇن: كۆرستىش ئالمىشىنىڭ سۈپەت بولۇشى توغرىسىدا

تېكىستتە «مَنْ إِبْرَاهِيْمُ هٰذَا» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «هٰذَا» بولسا «إِبْرَاهِيْمُ»نىڭ سۈپىتى.

دېمەك، كۆرستىش ئالمىشى خاس ئىسىمدىن كېيىن ياكى ئىزاپەتلىك بىرىكىش بىلەن ئېنىقلىقا ئايلانغان ئىسىمدىن كېيىن كەلسە سۈپەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| مَنْ حَامِدٌ هٰذَا | (بۇ ھامىد دېگەن كىم) |
| لِمَنْ جَوَازُ السَّفَرِ هٰذَا | (بۇ پاسپورت كىمنىڭ) |

دېگەنگە ئوخشاش.

## 6- مەزمۇن: ئەرلىك ۋە ئاياللىق ئىسىملار توغرىسىدا

تېكىستتە «إِنَّ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ آيَتَانِ ... لَا يَنْكَسِفَانِ» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدا «يَنْكَسِفَانِ»دىكى ئالماش (ضميرَ) «الشمس» ۋە «القمر» دېگەن ئىسىملارغا قايتىدۇ. «الشمس» ئاياللىق جىنستىكى ئىسىم، «القمر» ئەرلىك جىنستىكى ئىسىمدىن ئىبارەت. شۇنداقتىمۇ بۇ يەردە پېئىل ئەرلىك شەكلىدە كەلتۈرۈلگەن. چۈنكى، ئەر ئايال ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ. مەسىلەن:

www.uyghurkitap.com

أَبْنَائِيْ وَبَنَاتِيْ يَدْرُسُوْنَ بِالْجَامِعَةِ

(مېنىڭ ئوغۇل-قىزلىرىم ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇيدۇ)

# يىگىرمە ئىككىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: «اِفْتَعَلَ» بابى توغرىسىدا

بۇ دەرسىمىزدە ئۈچ ھەرپلىك مەزىد (ثلاثي مزيد) پېئىللىرىنىڭ بابلىرىدىن بولغان «اِفْتَعَلَ» بابى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

بۇنىڭدا پېئىلنىڭ «ف»سىنىڭ ئالدىدا بىر ئۇلانما ھەمزە (ا)، ئارقىسىدا بىر «ت» زىيادىدۇر. مەسدىرى «اِفْتِعَالٌ» ئۆلچىمدە تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

اِنْتَظَرَ / يَنْتَظِرُ اِنْتِظَارٌ (كۈتمەك، ئىنتىزار بولماق)

اِشْتَرَكَ / يَشْتَرِكُ اِشْتِرَاكٌ (قاتناشماق)

دېگەنگە ئوخشاش.

**بۇ باب توغرىسىدىكى مۇھىم قائىدىلەر:**

1) ئەگەر بۇ بابتا پېئىلنىڭ «ف»سىنىڭ ئۇدۇلىدا «د»، «ذ» ۋە «ز» ھەرپلىرى بولسا، بابنىڭ ئۆلچىمى «إِفْتَعَلَ»دىكى «ت» ــــ «د»غا ئالمىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

زَانَ ← اِزْتَانَ ← اِزْدَانَ (ياساندى، گۈزەل تۈسكە كىردى)

ذَكَرَ ← اِذْتَكَرَ ← اِذْدَكَرَ (ئەسلىدى، ياد ئەتتى)

دَعَى ← اِدْتَعَى ← اِدَّعَى (تەلەپ قىلدى، دەۋا قىلدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

www.uyghurkitap.com

بۇ مىساللار ئىچىدە «اِذْدَكَرَ»دىكى «د»نى «ذ»غا ئالماشتۇرۇپ ئىدغام قىلىپ «اِذَّكَرَ» دېيىشمۇ، شۇنىڭدەك «ذ»نى «د»غا ئالماشتۇرۇپ ئىككىسىنى ئىدغام قىلىپ «اِدَّكَرَ» دېيىشمۇ توغرا. بۇنىڭ سەۋەبى تىلغا يەڭگىللىك ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەت.

2) ئەگەر بۇ بابتا پېئىلنىڭ «ف»سىنىڭ ئۇدۇلىدا «ص»، «ض»، «ط» ۋە «ظ» ھەرپلىرى بولسا، بابنىڭ ئۆلچىمى «إِفْتَعَلَ»دىكى «ت» ـــ «ط»غا ئالمىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

صَفَا ← اِصْتَفَى ← اِصْطَفَى (تاللىدى، ئىختىيار قىلدى)

ضَرَبَ ← اِضْتَرَبَ ← اِضْطَرَبَ (تەۋرەندى، قالايمىقان بولدى)

ظَلَمَ ← اِظْتَلَمَ ← اِظْطَلَمَ (زۇلۇمغا ئۇچرىدى، خورلاندى)

طَلَعَ ← اِطْتَلَعَ ← اِطْطَلَعَ ← اِطَّلَعَ (كۆردى، خەۋەر تاپتى)

دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ مىساللار ئىچىدە «اِظْطَلَمَ»دىكى «ط» ـــ «ظ»غا ئالماشتۇرۇپ ئىككىسىنى ئىدغام قىلىپ «اِظَّلَمَ» دەپ ئىشلىتىلىدۇ.

3) ئەگەر بۇ بابتا پېئىلنىڭ «ف»سىنىڭ ئۇدۇلىدا «و» ۋە «أ» ھەرپلىرى بولسا، ئۇلار «ت»غا ئالمىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

وَقَى ← اِوْتَقَى ← اِتَّقَى (قورقتى، ساقلاندى)

وَصَلَ ← اِوْتَصَلَ ← اِتَّصَلَ (ئۇلاشتى، تۇتاشتى)

أَخَذَ ← اِئْتَخَذَ ← اِتَّخَذَ (تۇتتى، پايدىلاندى)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: «إِفْتَعَلَ» بابىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا

بۇ بابنىڭ كۆپ خىل مەنىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىدە بويسۇنۇش (مُطَاوَعَة) مەنىسىنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن:

رَفَعْتُ الصَّوْتَ (مەن ئاۋاز كۆتۈردىم) ← اِرْتَفَعَ الصَّوْتُ (ئاۋاز كۆتۈرۈلدى)

جَمَعْتُ الطُّلاَّبَ ← اِجْتَمَعَ الطُّلاَّبُ

(مەن ئوقۇغۇچىلارنى يىغدىم) (ئوقۇغۇچىلار يىغىلدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: «اِفْتَعَلَ» بابىدىكى پېئىللارنىڭ ئۇلانما ھەمزىسىنىڭ تاشلىنىپ كېتىشى توغرىسىدا

ئەگەر بۇ بابتىكى پېئىللارنىڭ ئالدىغا سوراق قوشۇمچىسى بولغان ھەمزە (أ) كىرسە، ئۇنىڭدىكى ئۇلانما ھەمزە تاشلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

أَاِفْتَعَلَ ← أَفْتَعَلَ

﴿أَصْطَفَى الْبَنَاتِ عَلَى الْبَنِيْنَ﴾

(ئاللاھ ئوغۇللارنى تاللىماي، قىزلارنى تاللىغانمۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: «إِذَا» توغرىسىدا

تېكىستتە «فَـإِذَا هُـوَ قَرِيْـبٌ» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «إِذَا» بولسا «إِذَا الْفَجَائِيَّـةَ» بولۇپ، ئۇ ئۇشتۇمتۇت بىر ئىشنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

ئۇقتۇرىدۇ. ئۇ ئىسىملىق جۈملىگە كىرىدۇ، ئەمما جۈملىنىڭ بېشىغا كىرمەيدۇ، بەلكى ئوتتۇرىسىغا كىرىدۇ. شۇنداقلا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېنىقسىز (نكرة) ئىسىم كېلىپ ئىگە بولۇشى دۇرۇس. مەسىلەن:

دَخَلْتُ الْفَصْلَ فَإِذَا مُدِيْرُ الْجَامِعَةِ جَالِسٌ

(مەن سىنىپقا كىرسەم، تۇيۇقسىز ئۇنىۋېرسىتېت مۇدىرى ئولتۇرىدۇ)

خَرَجْتُ مِنَ الْبَيْتِ فَإِذَا صَدِيْقٌ بِالْبَابِ

(مەن ئۆيدىن چىقسام، تۇيۇقسىز ئىشىك تۈۋىدە بىر دوست تۇرىدۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 5- مەزمۇن: «ظَنَّ» توغرىسىدا

تېكىستتە «أَظُنُّهَا تَنْتَهِيْ ...» دەپ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «ظَنَّ» بولسا ئەسلى جۈملىدە ئىگە ۋە خەۋەر بولغان ئىككى تولدۇرغۇچنى زەبەرلىك ئوقۇتىدۇ. مەسىلەن:

اَلْإِمْتِحَانُ قَرِيْبٌ ⟵ أَظُنُّ الْإِمْتِحَانَ قَرِيْبًا

(ئىمتىهان يېقىنلاپ قالدى) (مەن ئىمتىهاننى يېقىنلاپ قالدى دەپ ئويلايمەن)

﴿مَا أَظُنُّ السَّاعَةَ قَائِمَةً﴾ (مەن قىيامەت بولىدۇ دەپ ئويلىمايمەن)

دېگەنگە ئوخشاش.

«ظَنَّ» ـــ «أَنَّ» ۋە «أَنْ»دىن ئىبارەت ئىككى مەسدەر قوشۇمچىسىنىڭ ئالدىغا كىرىدۇ. ئاندىن ياسالما مەسدەرنى تولدۇرغۇچى بولغانلىقى ئاساسەن زەبەرلىك ئوقۇتىدۇ. بۇ ياسالما مەسدەر ئىككى تولدۇرغۇچنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. مەسىلەن:

أَظُنُّ أَنَّ الْإِمْتِحَانَ سَهْلٌ ← اَلْإِمْتِحَانُ سَهْلٌ

(مەن ئىمتىھاننى ئاسان دەپ ئويلايمەن) (ئىمتىھان ئاسان)

﴿وَأَنَّا ظَنَنَّا أَنْ لَنْ تَقُولَ الْإِنْسُ وَالْجِنُّ عَلَى اللهِ كَذِبًا﴾

(بىز، ئىنسانلار ۋە جىنلار ئاللاھقا يالغاننى چاپلىمايدۇ دەپ ئويلىغان ئىدۇق)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە ئۈچىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: «اِفْعَلَّ» بابى توغرىسىدا

بۇ دەرسىمىزدە ئۈچ ھەرپلىك مەزىد (ثلاثي مزيد) پېئىللىرىنىڭ بابلىرىدىن بولغان «اِفْعَلَّ» بابى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.
بۇنىڭدا پېئىلنىڭ «ف»سىنىڭ ئالدىدا بىر ئۇلانما ھەمزە (ا) ۋە بىر ھەمسىلىنىگەن «ل» زىيادىدۇر. مەسدىرى «اِفْعِلالٌ» ئۆلچىمىدە تۇرلىنىدۇ. شۇنداقلا، بۇ بابتا كەلگەن پېئىللار رەڭ ۋە ئەيىب-نۇقسانلىنى ئۇقتۇرىدۇ.
مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| اِحْمَرَّ / يَحْمَرُّ | اِحْمِرَارٌ | (قىپقىزىل بولماق) |
| اِعْوَجَّ / يَعْوَجُّ | اِعْوِجَاجٌ | (ئېگىلمەك، ئەگرىم بولماق) |
| اِخْضَرَّ / يَخْضَرُّ | اِخْضِرَارٌ | (كۆكەرمەك، يېشىللاشماق) |

دېگەنگە ئوخشاش.

يەنە شۇنىڭدەك، ئۈچ ھەرپلىك مەزىد (ثلاثي مزيد) پېئىللىرىنىڭ بابلىرىدىن بولغان «اِفْعَالَّ» بابى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.
بۇنىڭدا پېئىلنىڭ «ف»سىنىڭ ئالدىدا بىر ئۇلانما ھەمزە (ا)، ئارقىسىدا بىر ئەلىف (ا) ۋە بىر ھەمسىلىنىگەن «ل» زىيادىدۇر. مەسدىرى «اِفْعِيْلالٌ» ئۆلچىمىدە تۇرلىنىدۇ. بۇ بابتا كەلگەن پېئىللارمۇ رەڭنى ئۇقتۇرۇپ كېلىدۇ.
مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| اِصْفَارَّ / يَصْفَارُّ | اِصْفِيْرَارٌ | (ساپسېرىق بولماق) |
| اِحْمَارَّ / يَحْمَارُّ | اِحْمِيْرَارٌ | (قىپقىزىل بولماق) |
| اِدْهَامَّ / يَدْهَامُّ | اِدْهِيْمَامٌ | (قاپقارا بولماق) |

دېگەنگە ئوخشاش.

**مەشق: تۆۋەندىكى پېئىللارنىڭ بابلىرىنى ئايرىڭلار.**

| | | |
|---|---|---|
| اِشْتَدَّ / يَشْتَدُّ | اِشْتِدَادٌ | (كۈچەيمەك، كەسكىنلەشمەك) |
| اِشْتَقَّ / يَشْتَقُّ | اِشْتِقَاقٌ | (ئايرىلماق، بۆلۈنمەك) |
| اِنْشَقَّ / يَنْشَقُّ | اِنْشِقَاقٌ | (يېرىلماق، يورىماق) |
| اِنْفَضَّ / يَنْفَضُّ | اِنْفِضَاضٌ | (تارقاپ كەتمەك، تارقىماق) |

## 2- مەزمۇن: «رَأَى» توغرىسىدا

تېكىستتە «أَرَاكَ ضَعِيْفًا» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «رَأَى» دېگەن پېئىل «عَلِمَ» دېگەن پېئىلنىڭ مەنىسىدە كەلگەن. شۇڭا، بۇ قەلبكە ئائىت كۆرۈش (رَأَى الْقَلْبِيَّة) دەپ ئاتىلىدۇ.

رَأَى الْقَلْبِيَّة — ئەسلى جۈملىدە ئىگە ۋە خەۋەر بولغان ئىككى تولدۇرغۇچىنىڭ ئاخىرىنى زەبەرلىك ئوقۇتىدۇ. خۇددى «ظَنَّ» دېگەن پېئىلغا ئوخشاش. مەسىلەن:

أَنْتَ ضَعِيْفٌ (سەن ئاجىز) ← أَرَاكَ ضَعِيْفًا (سېنى ئاجىز دەپ قارايمەن)

﴿إِنَّهُمْ يَرَوْنَهُ بَعِيْدًا * وَنَرَاهُ قَرِيْبًا﴾

(ھەقىقەتەن ئۇلار ئۇ ئازابنى يىراق دەپ قارايدۇ، بىز ئۇنى يېقىن دەپ قارايمىز)

دېگەنگە ئوخشاش.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورىسى

ئەمما، كۆزگە ئائىت كۆرۈش (رَأَى الْبَصَرِيَّة)كە كەلسەك، ئۇ پەقەت بىرلا تولدۇرغۇچىنىڭ ئاخىرىنى زەبەرلىك ئوقۇتىدۇ. مەسىلەن:

أَرَأَيْتَ الْمُدَرِّسَ ؟ نَعَمْ، رَأَيْتَهُ .

(ئوقۇتقۇچىنى كۆردۈڭمۇ؟) (ھەئە، ئۇنى كۆردۈم.)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: «عَسَى» توغرىسىدا

تېكىستتە «عَسَى أَنْ يَكُوْا خَيْرًا مِنْهُمْ» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «عَسَى» ئۈمىد پېئىللىرىدىن بولۇپ، ئۇ ئۈمىد ياكى قورقۇشنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن:

﴿عَسَى اللهُ أَنْ يَتُوْبَ عَلَيْهِمْ﴾

«عَسَى»نىڭ خەۋىرى «عَسَى»نىڭ ئىسمىسى

(ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشى ئۈمىدلىكتۇر)

﴿وَعَسَى أَنْ تَكْرَهُوا شَيْئًا وَهُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ﴾

«عَسَى»نىڭ پائىلى

(سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر)

دېگەنگە ئوخشاش.

«عَسَى» ـــ جۈملىدە «كَانَ»نىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ. شۇنداقلا، ئۇنىڭ خەۋىرى «أن» قوشۇلغان كەلگۈسى زامان پېئىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

عَسَى اللهُ أَنْ يَنْفَعَنَا بِكَ

«عَسَى»نىڭ خەۋىرى «عَسَى»نىڭ ئىسمىسى

(ئاللاھ سەن ئارقىلىق بىزگە پايدا يەتكۈزۈشى مۇمكىن)

عَسَيْتَ　　　أَنْ تُفْسدَ فِي الْأَرْضِ

«عَسَى»نىڭ ئىسمىسى　　　«عَسَى»نىڭ خەۋىرى

(سەن زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىشىڭ مۇمكىن)

دېگەنگە ئوخشاش.

«عَسَــى» تولــۇق پېئىــل بولــۇپ كېلىــدۇ. يەنــى، پائىــل بىلەنــلا مەنــا ئۇقتۇرىــدۇ، خەۋەرگە موھتــاج بولمايــدۇ. بۇنــداق ۋاقىتتــا ئۇنىڭدىــن كېيىــنلا «أَنْ» بىلەن بىرگە بىر كەلگۈسى زامان پېئىلى كېلىدۇ. مەسىلەن:

﴿عَسَى أَنْ يَهْدِيَنِ رَبِّيْ﴾

«عَسَى»نىڭ پائىلى

(پەرۋەردىگارىم مېنى توغرا يولغا باشلىشى مۇمكىن)

دېگەنگە ئوخشاش.

بەزىــدە «عَسَى»دىــن بۇرۇن بىــر ئىسىم ئىلگىــرى كېلىــپ، «عَسَــى»دىــن كېيىن ياسالما مەسدەر كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا «عَسَى»دىن بۇرۇن كەلگەن ئىسىم ئىگە، ياسالما مەسدەر «عَسَى»نىڭ پائىلى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

اَلْمُدَرِّسُ عَسَى أَنْ يُرَاجِعُ الدَّرْسَ السَّابِقَ

ئىگە　　　«عَسَى»نىڭ پائىلى

(ئوقۇتقۇچى ئىلگىرىكى دەرسنى قايتا چۈشەندۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: مەسدەرگە ئايلاندۇرغۇچى «مَا» توغرىسىدا

تېكىستتە ﴿فَذُوْقُوْ الْعَذَابَ بِمَا كُنْتُمْ تَكْفُرُوْنَ﴾ دېگەن ئايەت ئۇچرايدۇ.

uyghurkitap.com www. ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇنىڭدىكى «مَـا» بولسا ئۆزىـدىن كېيىن كەلـگەن پېئىلنى مەسدەرگە ئايلاندۇرىدىغان «مَا» (مَا الْمَصْدَرِيَّة)دۇر. مەسلەن:

بَعْدَ مَا انْتَهَتِ الصَّلاةُ ...          (ناماز ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ...)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 5- مەزمۇن: شەرتنىڭ جاۋابىنىڭ تاشلىنىشى توغرىسىدا

تېكىستتە ﴿فَأَمَّا الَّذِيْنَ اسْوَدَّتْ وُجُوْهُمْ أَكَفَرْتُمْ ...﴾ دېگەن ئايەت ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدا «أَمَّا» دېگەن شەرتنىڭ جاۋابى تاشلانغان. ئۇنىڭ تەقدىرى مۇنداق: «فَيُقَالُ لَهُمْ».

# يگرمه تۆتنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: «اِسْتَفْعَلَ» بابى توغرىسدا

بـۇ دەرسـىمىزدە ئـۈچ ھەرپلىـك مەزىـد (ثلاثـي مزيـد) پېئىللىرىنىـڭ بابلىرىدىن بولغان «اِسْتَفْعَلَ» بابى توغرىسدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

بۇنىڭدا پېئىلنىڭ «ف»سىنىڭ ئالدىدا بىر ئۇلانما ھەمزە (ا)، بىر «س» ۋە بىـر «ت» زىيادىـدۇر. مەسـدىرى «اِسْـتِفْعَالٌ» ئۆلچىمىـدە تۇرلىنىـدۇ. مەسلەن:

اِسْتَقْبَلَ / يَسْتَقْبِلُ اِسْتِقْبَالٌ (كۈتمەك، قارشى ئالماق)
اِسْتَقَالَ / يَسْتَقِيْلُ اِسْتِقَالَةٌ (اِسْتِقْيَالٌ) (ئىستىپا سورىماق)
اِسْتَفَادَ / يَسْتَفِيْدُ اِسْتِفَادَةٌ (اِسْتِفْيَادٌ) (ئېرىشمەك، ئىگە بولماق)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: «كَيْ» توغرىسدا

تېكستتە «اِسْتَلْقَيْتُ عَلَى قَفَايَ لِكَيْ أَسْتَرِيْحَ» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «كَـيْ» بولسا كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ئاخىرىنى زەبەرلىك ئوقۇتىدىغان قوشۇمچىدۇر.

«كَيْ» ـــ مەسدەر قوشۇمچىسى (حرف المصدريّة) ۋە زەبەر ئوقۇتىدىغان قوشۇمچىدۇر. يەنە ھازىرقى زامان پېئىللىرىنىڭ بېشىغا كىرىپ ئۇلارنى كېلىدىغان زامانغا ئۆزگەرتىدىغان قوشۇمچە (اِسْتِقْبَال) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، بۇ قوشۇمچە ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن پېئىلنى ياسالما مەسدەرگە ئايلاندۇرىدۇ.

يۇقىرىدا ئۆتكەن جۈملىنىڭ تەقدىرى مۇنداق: اِسْتَلْقَيْتُ عَلَى قَفَايَ لِلإِسْتِرَاحَةِ (مەن ئارام ئالاي دەپ يېنىچە ياتتىم).

«كَيْ»گە كۆپىنچە سەۋەبنى ئۇقتۇرىدىغان «ل» قوشۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ قوشۇلمىسا پەرەز قىلىنىدۇ.

ئەگەر پېئىلنىڭ بېشىغا بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى بولغان «لَا» كىرسە، ئۇ «كَيْ»گە قوشۇپ يېزىلىدۇ.

مەسىلەن:

أَسْرِعْ لِكَيْلا تَتَأَخَّرَ عَنِ الدَّرْسِ (دەرسكە كېچىكىپ قالماسلىق ئۈچۈن تېز ماڭ) دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: «إِذَنْ» توغرىسىدا

تېكىستتە «إِذَنْ أَنْتَظِرَكَ» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «إِذَنْ» كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ئاخىرىنى زەبەرلىك ئوقۇتىدىغان قوشۇمچىلار قاتارىدىندۇر.

«إِذَنْ» ـــ جاۋاب، جەزا (جـــزاء)، زەبەر ئوقۇتقۇچى ۋە ئىستىقبال (اِسْتِقْبَال) قوشۇمچىسىدۇر.

ئۇ تۆۋەندىكى شەرتلەر ئاستىدا كەلگۈسى زامان پېئىلىنى زەبەرلىك ئوقۇتىدۇ: 1) پېئىلنىڭ ئالدىدا كېلىش؛ 2) ئۇنىڭ بىلەن پېئىلنىڭ ئوتتۇرىسى

قەسـەم يـاكى بولۇشسـىز قىلـىش قوشۇمچىسـى «لَا»دىـن باشـقا قوشـۇمچىلار بىلەن ئايرىلماسلىق؛ 3) پېئىلنىڭ زامانى كېلىدىغان زامان بولۇش.

بـۇ ئـۈچ شـەرتتىن بىـرى كەم بولسـا، «إِذَنْ» كەلگۈسـى زامـان پېئىلىنـى زەبەرلىك ئوقۇتالمايدۇ. مەسىلەن:

سَأَزُوْرُكَ الْيَوْمَ بَعْدَ صَلاةِ الْمَغْرِب إِنْ شَاءَ اللهُ.

(ئاللاھ خالىسا مەن سېنى بۈگۈن ناماز شامدىن كېيىن زىيارەت قىلىمەن)

إِذَنْ أَنْتَظِرَكَ.　　(ئۇنداقتا مەن سېنى كۈتىمەن)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 4- مەزمۇن: ئۆتكەن زامانىنى بولۇشسىز قىلىدىغان «لَا» توغرىسىدا

تېكسـتتە «لَا اسْـتَحْمَمْتُ وَلَا أَفْطَـرْتُ» دېـگەن جـۈملە ئۇچرايـدۇ. بۇنىڭدىكى «لَا» ئۆتكەن زامان پېئىلىنى بولۇشسىز قىلىش ئۈچۈن كەلگەن.

**بـۇ ھەقـتە مۇنـداق قائىـدە بـار:** ئەگەر «لَا» ئـۆتكەن زامـان پېئىلىنـى بولۇشسـىز قىلـىش ئۈچـۈن كەلـگەن بولسـا، ئۇنـىڭ تەكرارلىنىشـى ۋاجـىب (زۆرۈر). مەسىلەن:

﴿فَلَا صَدَّقَ وَلَا صَلَّى﴾ ((كاپىر قۇرئانغا) ئىشەنمىدى، ناماز ئوقۇمىدى)

لَا رَأَيْتُهُ وَلَا كَلَّمْتُهُ (مەن ئۇنى كۆرمىدىم ھەم ئۇنىڭغا سۆز قىلمىدىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 5- مەزمۇن: ھالنىڭ «و»سى توغرىسىدا

ئەگەر ھالنىڭ «و»سى (واو الحـال) تەركىبىدە بولۇشلۇق ئۆتكەن زامان پېئىلى بولغان جۈملىگە كىرسە، ئۇنىڭ بىلەن «قَدْ» بىللە كىرىدۇ. مەسىلەن:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
كىتاب تورىكى

دَخَلْتُ الْمَسْجِدَ وَالْإِمَامُ يُسَلِّمُ　　دَخَلْتُ الْمَسْجِدَ وَقَدْ سَلَّمَ الْإِمَامُ

ئىسىملىق جۈملە　　پېئىللىق

جۈملە

(مەن ئىمام سالام بېرىۋاتقاندا مەسجىدكە كىردىم)

وَصَلْتُ الْمَطَارَ وَالطَّائِرَةُ تَهْبِطُ　　وَصَلْتُ الْمَطَارَ وَقَدْ هَبَطَتْ الطَّائِرَةُ

ئىسىملىق جۈملە　　پېئىللىق

جۈملە

(مەن ئايرودرومغا ئايروپىلان چۈشۈۋاتقاندا يېتىپ كەلدىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 6- مەزمۇن: «جَعَلَ» توغرىسىدا

تېكىستتە «وَجَعَلْتُهُ بَيْنَكُمْ مُحَرَّمًا» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «جَعَلَ» بۇ يەردە تەھۋىل (تَحْوِيل) پېئىللىرىدىن بولۇپ، «صَيَّرَ» مەنىسىدە كەلگەن. ئۇ ئەسلى جۈملىدە ئىگە ۋە خەۋەر بولغان ئىككى تولدۇرغۇچىنى زەبەرلىك ئوقۇتىدۇ. مەسىلەن:

اَلْخَمْرُ حَرَامٌ　　جَعَلَ اللهُ الْخَمْرَ حَرَامًا

(هاراق هارام)　　(ئاللاھ هاراقنى هارام قىلدى)

﴿وَاللهُ جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ بِسَاطًا﴾ (ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى بىسات قىلدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

«جَعَلَ» يەنە «ظَنَّ» مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ كۆچەيتىش پېئىللىرىدىن بولىدۇ. مەسىلەن:

﴿وَجَعَلُوا الْمَلَائِكَةَ الَّذِينَ هُمْ عِبَادُ الرَّحْمٰنِ إِنَاثًا﴾

(ئۇلار مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ بەندىلىرى بولغان پەرىشتىلەرنى قىز دەپ ئېتىقاد قىلدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

«جَعَلَ» مۇشۇ ئىككى خىل مەنىسى بىلەن «ظَنَّ»نىڭ قېرىنداشلىرى قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

ئۇ يەنە باشلاش پېئىلى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ «كَانَ»نىڭ ئەملىنى قىلىدۇ. مەسىلەن:

جَعَلَ حَامِدٌ يَضْرِبُنِيْ (ھامىد مېنى ئۇرۇشقا باشلىدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇ يەنە «أَوْجَدَ» مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا تولۇق پېئىل بولۇپ، بىر تولدۇرغۇچىنىڭ ئاخىرىنى زەبەرلىك ئوقۇتىدۇ. مەسىلەن:

﴿اَلْحَمْدُ للهِ الَّذِيْ خَلَقَ السَّمَوَاتِ وَالْأَرْضَ وَجَعَلَ الظُّلُمَاتِ وَالنُّوْرَ﴾ (ئەنئام 1-ئايەت)

(جىمى ھەمدۇ-سانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، زۇلمەتلەرنى ۋە نۇرنى پەيدا قىلغان ئاللاھقا خاستۇر)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 7- مەزمۇن: مۇتەكەللىمنىڭ «ي»سى توغرىسىدا

مۇتەكەللىم (بىرىنچى شەخس)نىڭ «ي»سى ئاخىرى سۇكۇنلۇق ئەلىف ياكى سۇكۇنلۇق «ي» بولغان ئىسىمغا قوشۇلغاندا زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| فَتَى + ي = فَتَايَ | (مېنىڭ بالا خىزمەتچىم) |
| عَصَا + ي = عَصَايَ | (مېنىڭ هاسام) |
| غسَلْتُ يَدَيَّ | (مەن ئىككى قولۇمنى يۇدۇم) |

دېگەنگە ئوخشاش.

# يىگىرمە بەشىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: تۆت ھەرپلىك پېئىللار توغرىسىدا

تۆت ھەرپلىك پېئىل (رُبَـائِي) ـــ ئەسلى تۆت ھەرپتىن تۈزۈلگەن پېئىللارنى كۆرسىتىدۇ.

بۇمۇ مۇجەررەد (تۇپ پېئىل) ۋە مەزىد (ياسالما پېئىل) دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

تۆت ھەرپلىك مۇجەررەد (رباعي مجرد) پېئىللىرىنىڭ بىرلا بابى بولۇپ، ئۇ «فَعْلَـلَ» بابىدىن ئىبارەت. مەسدىرى «فَعْلَلَـةٌ» ئۆلچىمىدە تۈرلىنىدۇ. مەسلەن:

| | | |
|---|---|---|
| تَرْجَمَ / يُتَرْجِمُ | تَرْجَمَةٌ | (تەرجىمە قىلماق) |
| بَعْثَرَ / يُبَعْثِرُ | بَعْثَرَةٌ | (چېچىۋەتمەك، تارقىتىۋەتمەك) |
| هَرْوَلَ / يُهَرْوِلُ | هَرْوَلَةٌ | (يۈگۈرمەك، چاپماق) |
| زَلْزَلَ / يُزَلْزِلُ | زَلْزَلَةٌ | (قورقۇتماق، تەۋرىمەك) |
| دَحْرَجَ / يُدَحْرِجُ | دَحْرَجَةٌ | (يۇملاتماق، دومىلاتماق) |
| فَرْقَعَ / يُفَرْقِعُ | فَرْقَعَةٌ | (قاراس-قۇرۇس ئاۋاز چىقارماق) |
| وَسْوَسَ / يُوَسْوِسُ | وَسْوَسَةٌ | (ۋەسۋەسە قىلماق، ئازدۇرماق) |
| قَهْقَهَ / يُقَهْقِهُ | قَهْقَهَةٌ | (قاقاقلاپ كۈلمەك) |

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىرى تادىبسى

تۆت ھەرپلىك مەزىد (رباعي مزيد) پېئىللىرىنىڭ ئۈچ بابى بولۇپ، ئۇلار:

1) «تَفَعْلَلَ» بابى. مەسدىرى «تَفَعْلُلٌ» ئۆلچىمىدە تۇرلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| تَرَعْرَعَ / يَتَرَعْرَعُ | تَرَعْرُعٌ | (ئۆسۈپ يېتىلمەك) |
| تَمَضْمَضَ / يَتَمَضْمَضُ | تَمَضْمُضٌ | (ئېغىزنى چايقىماق) |
| تَدَحْرَجَ / يَتَدَحْرَجُ | تَدَحْرُجٌ | (دومىلىماق، يۇمىلىماق) |

دېگەنگە ئوخشاش.

2) «اِفْعَلَلَّ» بابى. مەسدىرى «اِفْعِلْلَالٌ» ئۆلچىمىدە تۇرلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| اِطْمَأَنَّ / يَطْمَئِنُّ | اِطْمِئْنَانٌ | (كۆڭلى خاتىرجەم بولماق) |
| اِشْمَأَزَّ / يَشْمَئِزُّ | اِشْمِئْزَازٌ | (سەسكەنمەك، زېرىكمەك) |
| اِقْشَعَرَّ / يَقْشَعِرُّ | اِقْشِعْرَارٌ | (تىترىمەك، تىترەك ئۇلاشماق) |

دېگەنگە ئوخشاش.

3) «اِفْعَنْلَلَ» بابى. مەسدىرى «اِفْعِنْلَالٌ» ئۆلچىمىدە تۇرلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| اِحْرَنْجَمَ / يَحْرَنْجِمُ | اِحْرِنْجَامٌ | (يىغىلماق، توپلانماق) |
| اِفْرَنْقَعَ / يَفْرَنْقِعُ | اِفْرِنْقَاعٌ | (ئىستىپا بەرمەك، چېكىنمەك) |

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: ئايرىش ئالمىشى توغرىسىدا

تېكىستتە «هٰذَا هُوَ الْمُرَاقِبُ الْجَدِيْدُ» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىكى «هُوَ» دېگەن ئالماش بۇ يەردە ئايرىش (فصل) ئالمىشى بولۇپ، باش كېلىشتە كەلگەن.

ئايرىش ئالمىشى خەۋەر بىلەن ئەگەشكۈچى (تابع)نىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىش ئۈچۈن كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئىئرابتىن ئورنى يوق. مەسىلەن،

يۇقىرىدىكى جۈملىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭدىكى «المراقِب» خەۋەر بولۇپ، ئەگەر ئايرىش ئالمىشى ـــ «هُوَ»نى تاشلىۋېتىپ «هـذَا المراقـب الجديـد» دېسەك، بۇ ۋاقىتتا «المراقب»نىڭ «هذا»دىن بەدەل بولۇشى دۇرۇس (يەنى، «المراقب»نى «هذا»نىڭ ئىزاھلىغۇچىسى دېيىش دۇرۇس).

شۇنىڭغا ئوخشاش «حَامِدٌ هُوَ النَّاجِحُ» دېگەن جۈملىدە «النـاجح» خەۋەردۇر. ئەگەر بۇ جۈملىدە ئايرىش ئالمىشى تاشلىۋېتىلىپ «حَامِدٌ النَّاجِحُ» دېيىلسە، بۇ ۋاقىتتا «النـاجح»نىڭ «حامـد»نىڭ سۈپىتى بولۇشى توغرا. مەسىلەن:

| خەۋەر | ئايرىش ئالمىشى | ئىگە |
|---|---|---|
| السَّيَّارَةُ | هِيَ | هٰذِهِ |
| الْمُفْلِحُوْنَ | هُمُ | ﴿وَ أُوْلٰئِكَ |

دېگەنگە ئوخشاش.

## 3- مەزمۇن: بەزىلەشتۈرۈشنى ئىپادىلەيدىغان «مِنْ» توغرىسىدا

تېكىستتە «مِنَّا مَنْ يُرِيْدُ ...» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «مِنْ» بولسا، بەزىلەشتۈرۈش (تَبْعِيْضِيَّة)نى ئىپادىلەيدىغان «مِـنْ»دىن ئىبارەت. شۇڭا، مەزكۇر جۈملىدىكى «مِنَّـا» ـــ بىزنىڭ بىر قىسمىمىز، بەزىمىز دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن:

كُلْ مِنْ هٰذَا (سەن بۇنىڭ بىر قىسمىنى يېگىن)

﴿وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَقُوْلُ آمَنَّا بِاللهِ وَبِالْيَوْمِ الْآخِرِ وَمَا هُمْ بِمُؤْمِنِيْنَ﴾

(كىشىلەر ئىچىدە ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتكە ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار، ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ)

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتابى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تورداكى نادىرىسى
www.uyghurkitap.com

## 4- مەزمۇن: سوراق قوشۇمچىلىرىنىڭ ئىلگىرى-كېيىن كېلىشى توغرىسىدا

سوراق قوشۇمچىسى بولغان ھەمزە (أ) باغلاش قوشۇمچىلىرىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

ئەمما، ھەمزىدىن باشقا سوراق قوشۇمچىلىرى باغلاش قوشۇمچىلىرىدىن كېيىن كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿أَوَلَمْ يَنْظُرُوا ...﴾؛ ﴿أَفَلَمْ يَسِيْرُوا ...﴾؛ ﴿أَثُمَّ إِذَا مَا وَقَعَ آمَنْتُمْ بِهِ﴾؛ ﴿فَهَلْ يُهْلِكُ إِلَّا الْقَوْمُ الْفَاسِقُوْنَ﴾ دېگەنگە ئوخشاش.

## 5- مەزمۇن: «رَبِّ» توغرىسىدا

تېكىستتە «رَبِّ أَرِنِيْ» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «رَبِّ»نىڭ ئەسلىسى «يَا رَبِّيْ» بولۇپ، مۇتەكەللىمنىڭ «ي»سى بىلەن چاقىرىش قوشۇمچىسى تاشلانغان.

مۇتەكەللىمنىڭ «ي»سىغا ئىزاپەت قىلىنغان چاقىرىلغۇچى (منادى)دا بەش خىل يول دۇرۇس بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىملىرى مۇنۇلار:

1) «ي»نىڭ تاشلىنىپ زېرىنىڭ ئۇنىڭ ئورنىدا تۇرۇشى دۇرۇس. مەسىلەن: «يَا رَبِّ» ... دېگەنگە ئوخشاش (بۇنداق ئىشلىتىش كۆپ ئۇچرايدۇ).

2) «ي»نى سۈكۈنلۇق ھالەتتە قالدۇرۇش دۇرۇس. مەسىلەن: «يَا رَبِّيْ» ... دېگەنگە ئوخشاش (بۇنداق ئىشلىتىش ئالدىنقىسىدىن ئازراق ئۇچرايدۇ).

3) «ي»نى زەبەرلىك ھالەتتە قالدۇرۇش دۇرۇس. مەسلەن: «يَا رَبِّيَ» ... دېگەنگە ئوخشاش.

4) «ي»نى «ا» (ئەلف) قا ئالماشتۇرۇش. مەسلەن: «يَا رَبَّا» دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ خىل ھالەتتە توختىغاندا سۈكۈنلۇق «ه» (ھاء)نىڭ قوشۇلۇشى توغرا. مەسلەن: «يَا رَبَّاهْ» ... دېگەنگە ئوخشاش.

## 6- مەزمۇن: «إذا الفجائية» توغرىسىدا

ئەگەر شەرتنىڭ جاۋابى ئىسىملىق جۈملە بولسا، ئالدىغا «ف»نى قوشۇشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىز ئىلگىرىكى دەرسلىرىمىزدە ئۆگىنىپ بولغان.

شۇنىڭغا ئوخشاش «إِذَا الْفَجَائِيَّة»نىڭ «ف»نىڭ ئورنىدا شەرتنىڭ جاۋابىغا ئۇلىنىشى دۇرۇس. مەسلەن:

﴿وَإِذَا ذُكِرَ الَّذِيْنَ مِنْ دُوْنِهِ إِذَا هُمْ يَسْتَبْشِرُوْنَ﴾

(ئەگەر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلار تىلغا ئېلىنسا، ئۇلار خۇشال بولۇپ كېتىدۇ) دېگەنگە ئوخشاش.

## 7- مەزمۇن: ئاخىرى جەزملىك ئوقۇلغان مۇزائەف كەلگۈسى زامان پېئىلى ۋە بۇيرۇق پېئىلى توغرىسىدا

ئاخىرى جەزملىك ئوقۇلغان مۇزائەف كەلگۈسى زامان پېئىلى ۋە بۇيرۇق پېئىلدا ئىدغام قىلىشمۇ ۋە ئىدغامسىز كېلىشمۇ دۇرۇس. مەسلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە تارقىتىش سەھىپىسى

لَمْ يَشُدَّ ← لَمْ يَشْدُدْ      شُدَّ ← أُشْدُدْ

دېگەنگە ئوخشاش.

## پېئىل بابلىرى توغرىسىدا خۇلاسە

**تۆت ھەرپلىك مۇجەررەد (رباعي مجرد) پېئىللىرىنىڭ بىرلا بابى بولۇپ، ئۇ:**

| | | |
|---|---|---|
| فَعْلَلَ / يُفَعْلِلُ | تَرْجَمَ / يُتَرْجِمُ | (تەرجىمە قىلدى) |

**تۆت ھەرپلىك مەزىد (رباعي مزيد) پېئىللىرىنىڭ ئۈچ بابى بولۇپ، ئۇلار:**

| | | |
|---|---|---|
| 1. تَفَعْلَلَ / يَتَفَعْلَلُ | تَمَضْمَضَ / يَتَمَضْمَضُ | (ئېغىز چايقىدى) |
| 2. اِفْعَلَلَّ / يَفْعَلِلُّ | اِطْمَأَنَّ / يَطْمَئِنُّ | (خاتىرجەم بولدى) |
| 3. اِفْعَنْلَلَ / يَفْعَنْلِلُ | اِحْرَنْجَمَ / يَحْرَنْجِمُ | (توپلاندى) |

**ئۈچ ھەرپلىك مۇجەررەد (ثلاثي مجرد) پېئىللىرىنىڭ ئالتە بابى بولۇپ، ئۇلار:**

| | | |
|---|---|---|
| 1. فَعَلَ / يَفْعُلُ | كَتَبَ / يَكْتُبُ | (يازدى) |
| 2. فَعَلَ / يَفْعِلُ | جَلَسَ / يَجْلِسُ | (ئولتۇردى) |
| 3. فَعَلَ / يَفْعَلُ | ذَهَبَ / يَذْهَبُ | (باردى) |
| 4. فَعِلَ / يَفْعَلُ | سَمِعَ / يَسْمَعُ | (ئاڭلىدى) |

| | | |
|---|---|---|
| 5. فَعِلَ / يَفْعِلُ | وَرِثَ / يَرِثُ | (مراسخور بولدى) |
| 6. فَعُلَ / يَفْعُلُ | كَثُرَ / يَكْثُرُ | (كۆپ بولدى) |

**ئـۈچ ھەرپلـىك مەزىـد (ثلاثـي مزيـد) پېئىللىرنىـڭ ئـون ئىككـى بـابى بولـۇپ، ئۇلار:**

| | | |
|---|---|---|
| 1. أَفْعَلَ / يُفْعِلُ | أَسْلَمَ / يُسْلِمُ | (ئىسلام كەلتۈردى) |
| 2. فَعَّلَ / يُفَعِّلُ | سَلَّمَ / يُسَلِّمُ | (سالام بەردى، تاپشۇردى) |
| 3. فَاعَلَ / يُفَاعِلُ | جَاهَدَ / يُجَاهِدُ | (ئۇرۇش قىلدى) |
| 4. تَفَعَّلَ / يَتَفَعَّلُ | تَعَلَّمَ / يَتَعَلَّمُ | (ئۆگەندى، ئىلىم ئالدى) |
| 5. تَفَاعَلَ / يَتَفَاعَلُ | تَنَاوَلَ / يَتَنَاوَلُ | (ئالدى، تاپشۇرۇپ ئالدى) |
| 6. اِنْفَعَلَ / يَنْفَعِلُ | اِنْكَسَرَ / يَنْكَسِرُ | (سۇندى، مەغلۇب بولدى) |
| 7. اِفْتَعَلَ / يَفْتَعِلُ | اِسْتَمَعَ / يَسْتَمِعُ | (ئاڭلىدى، قۇلاق سالدى) |
| 8. اِفْعَلَّ / يَفْعَلُّ | اِحْمَرَّ / يَحْمَرُّ | (قىزاردى) |
| 9. اِفْعَالَّ / يَفْعَالُّ | اِحْمَارَّ / يَحْمَارُّ | (قىپقىزىل بولدى) |
| 10. اِسْتَفْعَلَ / يَسْتَفْعِلُ | اِسْتَقْبَلَ / يَسْتَقْبِلُ | (قارشى ئالدى، كۈتتى) |
| 11. اِفْعَوْعَلَ / يَفْعَوْعِلُ | اِعْشَوْشَبَ / يَعْشَوْشِبُ | (ئوت-چۆپ قاپلاپ كەتتى) |

12. اِفْعَوَّلَ / يَفْعَوِّلُ     اِجْلَوَّزَ / يَجْلَوِّزُ     (تېز ماڭدى)

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە ئالتىنچى دەرس

## كىشىلىك ئالماش (ضَمِيْر) توغرىسىدا

كىشىلىك ئالماش (ضمير) ــــ مۇستەقىل كىشىلىك ئالماش (ضمير منفصل) ۋە ئۇلانما كىشىلىك ئالماش (ضمير متّصل) دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

مۇستەقىل كىشىلىك ئالماش ــــ باشقا سۆزلەرگە قوشۇلماي مۇستەقىل ئىشلىتىلىدىغان ئالماشلار بولۇپ، ئۇلار بىلەن سۆز باشلاشقا بولىدۇ ۋە «إِلَّا»دىن كېيىنمۇ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

أَنَا مُسْلِمٌ (مەن مۇسۇلمان)     إِيَّاكَ رَأَيْتُ (مەن سېنى كۆردۈم)

مَا فَهِمَ الدَّرْسَ إِلَّا أَنْتَ (دەرسنى سەندىن باشقىسى چۈشەنمىدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇلانما كىشىلىك ئالماش ــ مۇستەقىل ئىشلىتىلمەيدىغان، پەقەت سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپ ئىشلىتىلىدىغان كىشىلىك ئالماشلار بولۇپ، ئۇلار بىلەن سۆز باشلاشقا بولمايدۇ ۋە «إِلَّا»دىن كېيىنمۇ كېلەلمەيدۇ. مەسىلەن: «رَأَيْتُهُ»دىكى «تُ» ۋە «هُ»لارغا ئوخشاش.

مۇستەقىل ۋە ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلار جۈملىدىكى ئورنىغا ئاساسەن ياكى باش كېلىشتە، ياكى چۈشۈم كېلىشتە ۋەياكى ئىگىلىك كېلىشتە كېلىدۇ.

**1. باش كېلىشتە كەلگەن كىشىلىك ئالماشلار:**

1) باش كېلىشتە كەلگەن مۇستەقىل كىشىلىك ئالماشلار:

هُوَ هُمَا هُمْ هِيَ هُمَا هُنَّ

أَنْتَ أَنْتُمَا أَنْتُمْ أَنْتِ أَنْتُمَا أَنْتُنَّ

أَنَا نَحْنُ

2) باش كېلىشتە كەلگەن ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلار:

(1) پائىلنىڭ ھەرىكەتلىك «ت»سى: ذَهَبْتُ، ذَهَبْتَ، ذَهَبْتُمَا، ذَهَبْتُمْ، ذَهَبْتُنَّ قاتارلىقلاردىكى «ت»گە ئوخشاش.

(2) ئىككىلىك شەكلىنىڭ «ا» (ئەلىف)ى: ذَهَبَا، ذَهَبَتَا، يَذْهَبَانِ، تَذْهَبَانِ، اِذْهَبَانِ قاتارلىقلاردىكى «ا»كە ئوخشاش.

(3) كۆپلۈكنىڭ «و»سى: ذَهَبُوا، يَذْهَبُونَ، اِذْهَبُونَ قاتارلىقلاردىكى «و»غا ئوخشاش.

(4) مۇخاتەبە (ئىككىنچى شەخس ئاياللىق بىرلىك)نىڭ «ي»سى: تَذْهَبِينَ، اِذْهَبِيْ قاتارلىقلاردىكى «ي»غا ئوخشاش.

(5) ئاياللىقنىڭ «ن»ى: ذَهَبْنَ، يَذْهَبْنَ، اِذْهَبْنَ قاتارلىقلاردىكى «ن»غا ئوخشاش.

(6) مۇتەكەللىم (بىرىنچى شەخس) كۆپلۈكنىڭ «نا»سى: ذَهَبْنَادىكى «نا»غا ئوخشاش.

دېمەك، يۇقىرىدىكى ئاستى سىزىلغان ئالماشلار باش كېلىشتە كەلگەن ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلار بولۇپ، ئۇلار دائىم پېئىلغا ئۇلىنىپ كېلىپ شۇ پېئىلنىڭ پائىلى بولىدۇ.

**2. چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن كىشىلىك ئالماشلار:**

1) چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن مۇستەقىل كىشىلىك ئالماشلار:

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| إِيَّاهُ | إِيَّاهُمَا | إِيَّاهُمْ | إِيَّاهَا | إِيَّاهُمَا | إِيَّاهُنَّ |
| إِيَّاكَ | إِيَّاكُمَا | إِيَّاكُمْ | إِيَّاكِ | إِيَّاكُمَا | إِيَّاكُنَّ |
| | | إِيَّايَ | إِيَّانَا | | |

2) چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئۇلانما كىشىلىك ئالماشلار:

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| هُ | هُمَا | هُمْ | هَا | هُمَا | هُنَّ |
| كَ | كُمَا | كُمْ | كِ | كُمَا | كُنَّ |
| | | يَ | نَا | | |

دېمەك، بۇ ئالماشلار پېئىلنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ تولدۇرغۇچى بولىدۇ ۋە چۈشۈم كېلىشتە كېلىدۇ.

ئەگەر ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا ئۇلانسا، ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ ۋە ئىگىلىك كېلىشتە كېلىدۇ. مەسىلەن:

سَأَلَهُمْ　　　رَأَيْتُهُ　　　چۈشۈم كېلىش

(ئۇ ئۇلارنى سورىدى) (مەن ئۇنى كۆردىم)

كِتَابُهُ فِيْ قَاسِمَ (ئۇنىڭ كىتابى قاسىمدا) ئىگىلىك كېلىش دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە يەتتىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: مەنبەداش تولدۇرغۇچى (مفعول مطلق) توغرىسىدا

مەنبەداش تولدۇرغۇچى ـــ پېئىلنىڭ مەنىسىنى تەكىتلەش، ياكى ئۇنىڭ سانىنى بايان قىلىش ۋەياكى ئۇنىڭ تۈرىنى بايان قىلىش ئۈچۈن پېئىلدىن كېيىن كېلىدىغان ۋە شۇ پېئىلنىڭ لەۋزى بىلەن سۆزلىنىدىغان مەسدەردىن ئىبارەت. بەزىدە ئۇ ئۆز پېئىلىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:

﴿كَلَّمَ اللهُ مُوسَى تَكْلِيمًا﴾ (مەنىنى تەكىتلەش)
(جەزمەن ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بىۋاستە سۆز قىلدى)

طُبِعَ الْكِتَابُ طَبْعَتَيْنِ (سانىنى بايان قىلىش)
(كىتاب ئىككى قېتىم نەشر قىلىندى)

ضَرَبَنِي الْوَلَدُ ضَرَبَاتٍ (سانىنى بايان قىلىش)
(بالا مېنى بىر قانچە قېتىم ئۇردى)

حَفِظْتُ الْقُرْآنَ حِفْظًا جَيِّدًا (تۈرىنى بايان قىلىش)
(مەنى قۇرئاننى ناھايىتى ياخشى يادلىدىم)

مَهْلاً (ئازراق مۆھلەت بەرگىن) (پېئىلغا ۋەكىللىك قىلىش)
بۇنىڭدا «مَهْلا» دېگەن مەسدەر «اِمْهَلْ» دېگەن بۇيرۇق پېئىلنىڭ ئورنىدا كېلىپ، بۇيرۇق مەنىسىنى ئۇقتۇرۇپ كەلگەن.

بەزىدە مەسدەرنى ئۆقتۇرىدىغان سۆزلەر مەسدەرگە ۋەكىللىك قىلىپ كېلىدۇ. ئاندىن شۇ سۆزلەرگە مەنبەداش تولدۇرغۇچى بولغانلىقىغا ئاساسەن زەبەرلىك ئوقۇلۇشتا مەسدەرنىڭ ھۆكۈمى بېرىلىدۇ. ئۇ سۆزلەر تۆۋەندىكىچە:

1) «كُلٌّ»، «بَعْضٌ» ۋە مەسدەرگە ئىزاپەت قىلىنغان «أَيٌّ» قاتارلىقلار مەنبەداش تولدۇرغۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:

أَخَذَنِيَ الْمُدِيْرُ بَعْضَ الْمُؤَاخذَةِ

(مۇدىر مېنى بىر قىسىم ئەيىبلەر بىلەن ئەيىبلىدى)

أَعْرِفُهُ كُلَّ الْمَعْرِفَةِ (مەن ئۇنى پۈتۈنلەي تونۇيمەن)

﴿وَسَيَعْلَمُ الَّذِيْنَ ظَلَمُوْا أَيَّ مُنْقَلَب يَنْقِلِبُوْنَ﴾

(زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۇزاقىقا قالماي قايسى جايغا قايتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

2) مەسدەرنىڭ سانىنى ئۇقتۇرىدىغان سۆزلەر مەنبەداش تولدۇرغۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:

زُرْتُهُ ثَلاثَ زِيَارَاتٍ (مەن ئۇنى ئۈچ قېتىم زىيارەت قىلدىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

3) مەسدەرنىڭ سۈپىتى مەنبەداش تولدۇرغۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:

سَاعَدْتُهُ أَحْسَنَ الْمُسَاعَدَةِ (مەن ئۇنىڭغا چىرايلىق ياردەم قىلدىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

4) ئىسىم مەسدەر مەنبەداش تولدۇرغۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:

uyghurkitap.com

كَلَّمْتُ كَلامًا (شۈبھىسىزكى، مەن سۆز قىلدىم)

ئىسىم مەسدەر ــــ مەسدەر ئۇقتۇرغان مەنىنى ئۇقتۇرىدىغان، لېكىن ھەرپى مەسدەرنىڭكىدىن ئازراق بولغان ئىسىمدىن ئىبارەت. مەسىلەن: «اَلتَّوَضُّؤُ» ــــ مەسدەر، «الْوُضُوْءُ» ــــ ئىسىم مەسدەردۇر؛ «التَّقْبِيْلُ» ــــ مەسدەر، «الْقُبْلَةُ» ــــ ئىسىم مەسدەردۇر.

5) تۈرلەشتە ئۇچرىشىدىغان مەسدەر مەنبەداش تولدۇرغۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَتَبَتَّلْ إِلَيْهِ تَبْتِيْلا﴾.

6) كۆرسىتىش ئالماشلىرى مەنبەداش تولدۇرغۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:

أَقُلْتَ هٰذَا الْقَوْلَ (سەن مۇشۇنداق سۆزنى ئېيتتىڭمۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

7) مەسدەرگە قايتىدىغان كىشىلىك ئالماش مەنبەداش تولدۇرغۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:

اِجْتَهَدْتُ اِجْتِهَادًا لَمْ يَجْتَهِدْهُ غَيْرِيْ

(مەن بەك تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم، مەندىن باشقا كىشى ئۇنداق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ باقمىدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

8) مەسدەر بىلەن ئوخشاش مەنىنى ئۇقتۇرىدىغان سۆز مەنبەداش تولدۇرغۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:

عِشْتُ حَيَاةً سَعِيْدَةً (مەن ناھايىتى بەختلىك تۇرمۇش كەچۈردۈم)

دېگەنگە ئوخشاش.

مۇھىم نۇقتا: تۈرۋە ساننى ئۇقتۇرىدىغان مەنبەداش تولدۇرغۇچىنىڭ ئاملىنى تاشلىۋېتىش دۇرۇس. مەسىلەن: «قُدُمًا مُبَارَكًا». ئەسلىسى: «قَدِمْتَ قُدُمًا مُبَارَكًا».

## 2- مەزمۇن: مەررەت مەسدىرى توغرىسىدا

تېكىستتە «ضَرَبْتُهُ ضَرْبَةً» دېگەن ئىبارە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىكى «ضَرْبَةً» ـــ مەررەت (مرة) مەسدىرىدۇر.

مەررەت مەسدىرى ـــ پېئىلنىڭ ساننى بايان قىلىش ئۈچۈن سۆزلىنىدىغان مەسدەردىن ئىبارەت. ئۈچ ھەرپلىك مۇجەررەد پېئىللاردىن «فَعْلَةٌ» ئۆلچىمىدە ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ضَرَبْتُهُ ضَرْبَةً | (مەن ئۇنى بىر قېتىم ئۇردىم) |
| ضَرَبْتُهُ ضَرْبَتَيْنِ | (مەن ئۇنى ئىككى قېتىم ئۇردىم) |
| ضَرَبْتُهُ ضَرَبَاتٍ | (مەن ئۇنى نۇرغۇن قېتىم ئۇردىم) |

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۈچ ھەرپلىك مۇجەررەد پېئىللارنىڭ باشقىسىدىن مەررەت مەسدەر ياسىغاندا مەسدەرنىڭ ئاخىرىغا بىر «ة» ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| كَبَّرَ تَكْبِيْرَةً | (ئۇ بىر قېتىم تەكبىر ئېيتتى) |

نُكَبِّرُ أَرْبَعَ تَكْبِيْرَاتٍ فِي الصَّلَاةِ

(بىز مېيىت نامىزىدا تۆت قېتىم تەكبىر ئېيتىمىز)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئەگەر مەسدەرنىڭ ئەسلى قۇرۇلمىسىدا «ة» بولسا، مەسدەردىن كېيىن ساننى ئۇقتۇرىدىغان سۆز كېلىدۇ. مەسىلەن:

رَحِمْتُهُ رَحْمَةً وَاحِدَةً (مەن ئۇنىڭغا بىر قېتىم رەھىم قىلدىم)

تَرْجَمْتُ الْكِتَابَ تَرْجَمَةً وَاحِدَةً

(مەن ھېلىقى كىتابنى بىر قېتىم تەرجىمە قىلدىم)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 3- مەزمۇن: ھەيئەت مەسدىرى توغرىسىدا

«اِجْلِسْ جِلْسَةَ طَالِبِ عِلْمٍ» دېگەن جۈملىدە «جِلْسَة» ھەيئەت مەسدىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھەيئەت مەسدىرى ـــ پېئىل (يەنى ئىش-ھەرىكەت)نىڭ ھەيئىتى ۋە سۈپىتىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن سۆزلىنىدىغان مەسدەردىن ئىبارەت.

ئۇ ئۈچ ھەرىپلىك مۇجەررەد پېئىللاردىن «فِعْلَةٌ» ئۆلچىمىدە ياسىلىدۇ. لېكىن، ئۈچ ھەرىپلىك مۇجەررەد پېئىللارنىڭ غەيرىدىن ھەيئەت مەسدىرى ياسالمايدۇ. مەسىلەن:

«فَإِذَا قَتَلْتُمْ فَاحْسِنُوْا الْقِتْلَةَ»

(ئەگەر قۇربانلىق قىلساڭلار مالنى چىرايلىق شەكىلدە ئۆلتۈرۈڭلار)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 5- مەزمۇن: مىملىق مەسدەر توغرىسىدا

﴿أَيَّ مُنْقَلَبٍ يَنْقَلِبُوْنَ﴾ دېگەن ئايەتتە «مُنْقَلَبٌ» مىملىق مەسدەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مىملىق مەسدەر ـــ ئەۋۋىلىدە زىيادە «م» (مىم) بولغان مەسدەردىن ئىبارەت. مەسىلەن: مَضْرَبٌ (ئۇرماق)، مَمَاتٌ (ئۆلمەك)، مَعْرِفَةٌ (تونۇشلۇق بولماق)، «مَوْعِدٌ» (ۋەدە قىلماق) ... دېگەنگە ئوخشاش.

مملىق مەسدەر ئۈچ ھەرپلىك مۇجەررەد پېئىللارنىڭ غەيرىدىكى پېئىللاردىن ئىسىم مەپئۇلنىڭ ئۆلچىمىدە ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

مُنْقَلَبٌ (قايتىپ كەتمەك)، مُقَامٌ (تۇرماق)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى نادىرسى

# يىگىرمە سەككىزىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: سەۋەب تولدۇرغۇچىسى (مفعول لِأجله) توغرىسىدا

سەۋەب تولدۇرغۇچىسى (مفعول لإجله ياكى مفعول له) ـــ ئىش-ھەرىكەتنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن سۆزلىنىدىغان مەسدەردىن ئىبارەت. مەسىلەن:

﴿وَلَا تَقْتُلُوٓاْ أَوْلَادَكُمْ خَشْيَةَ إِمْلَاقٍ﴾

(كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار)

حَضَرْتُ حُبًّا لِلنَّحْوِ

(مەن گرامماتىكىنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن كەلدىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

**سەۋەب تولدۇرغۇچىسىغا ئائىت قائىدىلەر:** ئۇنىڭ ئاخىرىنى زەبەرلىك ئوقۇش ياكى تەئلىل ھەرپى (حرف التعليل) بىلەن زىرلىك ئوقۇش دۇرۇس.

سەۋەب تولدۇرغۇچىسىنىڭ زەبەرلىك ئوقۇلۇشى ئۈچۈن مۇنداق بەش خىل شەرت ھازىرلىنىشى كېرەك: 1) ئۇ سەۋەب تولدۇرغۇچىسى مەسدەر بولۇشى كېرەك؛ 2) ئۇ مەسدەر قەلبنىڭ پېئىلىغا ئائىت (قَلْبِيًّا) بولۇشى كېرەك؛ 3) ئۇ مەسدەر سەۋەبنى بايان قىلىش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن بولۇشى كېرەك؛ 4) ئۇ مەسدەر پېئىل بىلەن بىر زامان كېلىشى كېرەك؛ 5) ئۇ مەسدەر پېئىل ۋە پائىل بىلەن بىرگە كېلىشى كېرەك.

ئەگەر مەزكۇر شەرتلەردىن بىرەر شەرت تېپىلمىسا، سەۋەب تولدۇرغۇ-چىسى تەئلىل ھەرپى بىلەن زىرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

جِئْتُكَ لِلسَّمْنِ (مەن يېنىڭغا سېرىق ماي ئۈچۈن كەلدىم)

دېگەنگە ئوخشاش. يەنى، بۇ جۈملىدىكى «سَمْنٌ» دېگەن سۆز ئىسىم بولۇپ، مەسدەر ئەمەس. شۇڭا، «ل» بىلەن زىرلىك ئوقۇلغان.

﴿وَلَا تَقْتُلُوْا أَوْلَادَكُمْ مِنْ إِمْلَاقٍ﴾ دېگەن ئايەتتە بولسا، «قَلْبِيًّا» دېگەن شەرت تېپىلمىغانلىقى ئۈچۈن تەئلىل ھەرپى بىلەن زىرلىك ئوقۇلغان.

«سَافَرْتُ لِلْعِلْمِ» دېگەن جۈملىدە بولسا، زامان ئوخشاش بولماي قالغان. يەنى، سەپەرنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن زامان، ئىلىمنىڭ زامانى كېلىدىغان زامان. شۇڭا، تەئلىل ھەرپى بىلەن زىرلىك ئوقۇلدى.

سەۋەب تولدۇرغۇچىسى مۇنداق ئۈچ خىل ھالەتتە كېلىدۇ:

1) «الـ» (ئەلىف لام) ۋە ئىزاپەتسىز كېلىدۇ. بۇ خىل ھالەتتە زەبەرلىك ئوقۇش كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

ضَرَبْتُ ابْنِيْ تَأْدِيْبًا (مەن ئوغلۇمنى ئەدەبلەش ئۈچۈن ئۇردۇم)

دېگەنگە ئوخشاش.

شۇنىڭدەك، تەئلىل ھەرپى بىلەن زىرلىك ئوقۇشمۇ دۇرۇس. مەسىلەن:

ضَرَبْتُهُ لِتَأْدِيْبٍ (مەن ئۇنى ئەدەبلەش ئۈچۈن ئۇردۇم)

دېگەنگە ئوخشاش.

2) «ال» (ئەلىف لام) بىلەن كېلىدۇ. ئۇنىڭدا تەئلىل ھەرپى بىلەن زىرلىك ئوقۇشمۇ ۋە زەبەرلىك ئوقۇشمۇ دۇرۇس. مەسىلەن:

ضَرَبْتُ ابْنِيْ لِلتَّأْدِيْبِ (مەن ئوغلۇمنى ئەدەبلەش ئۈچۈن ئۇردۇم)

ضَرَبْتُهُ التَّأْدِيْبَ (مەن ئۇنى ئەدەبلەش ئۈچۈن ئۇردۇم)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكەت ئادرېسى

3) ئىزاپەتتىكى ئىنقلانغۇچى (مضاف) بولىدۇ. ئۇنىڭدا زەبەرلىك ئوقۇش ۋە تەئلىل ھەرپى بىلەن زىرلىك ئوقۇش دۇرۇس. مەسىلەن:

ضَرَبْتَهُ ابْنِي تَأْدِيْبَهُ

(مەن ئوغلۇمنى ئۇنىڭ ئەدەب ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئۇردىم)

ضَرَبْتُهُ لِتَأْدِيْبِهِ

(مەن ئۇنى ئەدەب ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئۇردىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: «هَلاَّ» توغرىسىدا

«هَلاَّ» ـــ قىزىقتۇرۇش ۋە پۇشايمان قىلدۇرۇش قوشۇمچىسى بولۇپ، ئەگەر كەلگۈسى زامان پېئىلىنىڭ ئالدىغا كىرسە، بىرەر ئىشقا قىزىقتۇرۇشنى ئۇقتۇرۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

هَلاَّ تَزُوْرُنِيْ (مېنى زىيارەت قىلمامسەن)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئەگەر ئۆتكەن زامان پېئىلىنىڭ ئالدىغا كىرسە، بىرەر ئىشقا پۇشايمان قىلدۇرۇشنى ئۇقتۇرىدۇ. مەسىلەن:

هَلاَّ اجْتَهَدْتَ (سەن نېمە ئۈچۈن تىرىشمىدىڭ)

دېگەنگە ئوخشاش.

«هَلاَّ»دىن باشقىمۇ قىزىقتۇرۇش ۋە پۇشايمان قىلدۇرۇش قوشۇمچىلىرى بولۇپ، ئۇلار: أَلَّا، أَلَا، لَوْمَا، لَوْلا قاتارلىقلاردۇر.

أَلَا تَتُوْبُ مِنْ ذَنْبِكَ (سەن گۇناھىڭغا تەۋبە قىلمامسەن)

# يىگىرمە توققۇزىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: پەرقلەندۈرگۈچى (تَمْيِيْز) توغرىسىدا

پەرقلەنـدۈرگۈچى ـــ ئالـدىنقى بـۆلەكتىكى ئۇقۇمسـىزلىقنى بايـان قىلـىش ئۈچـۈن كېلـىدىغان «مِـنْ» مەنىسىنى ئـۆز ئىچـىگە ئالغـان ئېنىقسـىز ئىسىمدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

عِنْدِيْ مِتْرٌ حَرِيْرًا (مېنىڭ يېنىمدا بىر مېتىر يىپەك رەخت بار)

حَسَنَ حَامِدٌ خُلُقًا (هامىد ئەخلاقتا ياخشى بولدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

پەرقلەنـدۈرگۈچى (التمييـز) ئىككـى تـۈرگە بۆلىنـىدۇ: 1) **تەميـز زات (تمييز ذات)؛ 2) تەميز نىسبەت (تمييز نسبة.)**

**تەميـز زات (تمييـز ذات)** ـــ مىقداردىن كېيىن كېلىدۇ. مىقدار تۆت تۈرلۈك بولىدۇ، ئۇلار:

1) سان. مەسىلەن: كَـمْ كِتَابًـا قَـرَأْتَ (سـەن قـانچە كىتـاب ئوقـۇدۇڭ)؟ دېگەنگە ئوخشاش.

2) ئۇزۇنلۇق ئۆلچەملىرى. مەسىلەن: عِنْـدِيْ ذِرَاعٌ أَرْضًـا (مېنىڭ بىـر گەز زېمىنىم بار)، دېگەنگە ئوخشاش.

www.uyghurkitap.com

3) ھەجىم (كەمچەن) ئۆلچەملىرى. مەسىلەن: أَعْطَيْتُهُ صَاعًا تَمْرًا (مەن ئۇنىڭغا بىر سا خورما بەردىم)، دېگەنگە ئوخشاش.

4) ئېغىرلىق ئۆلچەملىرى. مەسىلەن: أَعِنْدَكَ رِطْلٌ سَمْنًا (سەندە بىر رەتلە سېرىق ماي بارمۇ)؟ دېگەنگە ئوخشاش.

بەزىدە پەرقلەندۈرگۈچى مىقدارغا ئوخشاپ كېتىدىغان نەرسىلەرگە قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

مَا فِي السَّمَاءِ قَدْرُ رَاحَةٍ سَحَابًا

(ئاسماندا ئالقانچىلىك يەردە بۇلۇت يوق)

دېگەنگە ئوخشاش.

**تەمىيز زات (تمييز ذات)قا ئائىت قائىدىلەر:**

1) ئۇنىڭ ئاخىرىنى زەبەرلىك ئوقۇش دۇرۇس. مەسىلەن:

عِنْدِيْ مِتْرٌ حَرِيْرًا (مەندە بىر مېتىر يىپەك رەخت بار)

دېگەنگە ئوخشاش.

2) ئۇنى «مِنْ» بىلەن زىرلىك ئوقۇشمۇ دۇرۇس. مەسىلەن:

عِنْدِيْ مِتْرٌ مِنْ حَرِيْرٍ (مەندە بىر مېتىر يىپەك رەخت بار)

دېگەنگە ئوخشاش.

3) ئۇنى ئىزاپەت بىلەن زىرلىك ئوقۇشمۇ دۇرۇس. مەسىلەن:

عِنْدِيْ مِتْرُ حَرِيْرٍ (مەندە بىر مېتىر يىپەك رەخت بار)

دېگەنگە ئوخشاش.

4) ئەگەر پەرقلەندۈرگۈچىنىڭ غەيرىگە مىقدارنى ئۆلچىگەن سۆز ئىزاپەت قىلىنسا، پەرقلەندۈرگۈچى زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

﴿فَلَنْ يُقْبَلَ مِنْ أَحَدِهِمْ مِلْءُ الْأَرْضِ ذَهَبًا﴾ (ئال ئىمران 91- ئايەت)

(يەر يۈزىگە بىر كېلىدىغان ئالتۇن پىدىيە بەرىسمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ) دېگەنگە ئوخشاش.

**تەمىيز نىسبەت (تمييز نسبة)** ـــ جۈملىدىكى نىسبەتنىڭ ئۇقۇمسىزلىقنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئىسىمدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

حَسُنَ هٰذَا الطَّالِبُ خُلُقًا (بۇ ئوقۇغۇچى ئەخلاقتا چىرايلىق بولدى)

دېگەنگە ئوخشاش. بۇ جۈملىدە چىرايلىقنىڭ نىسبىتى ئوقۇغۇچىغا نىسبەتەن مۇبهەم بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، بۇ ئۇقۇمسىزلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن «خُلُقًا»دىن ئىبارەت بىر پەرقلەندۈرگۈچى كەلتۈرۈلگەن.

**تەمىيز نىسبەت (تمييز نسبة) كە ئائىت قائىدىلەر:**

1) ئەسلىسى پائىل بولغان سۆز تەمىيز نىسبەت (تمييز نسبة)نىڭ قاتارىدىندۇر. مەسىلەن:

حَسُنَ الطَّالِبُ خُلُقًا (ئوقۇغۇچىنىڭ ئەخلاقى ياخشى بولدى)

بۇ جۈملىنىڭ تەقدىرى: «حَسُنَ خُلُقُ الطَّالِبِ».

2) ئەسلىسى مەپئۇل بولغان سۆز تەمىيز نىسبەت (تمييز نسبة) نىڭ قاتارىدىندۇر. مەسىلەن:

فَجَّرْنَا الْأَرْضَ عُيُونًا (بىز زېمىندىن بۇلاقلارنى ئېتىلدۇرۇپ چىقاردۇق)

بۇ جۈملىنىڭ تەقدىرى: «فَجَّرْنَا عُيُونَ الْأَرْضِ».

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

3) **تەميز نسبەت (تمييز نسبة)** نىڭ ئاخىرى زەبەرلىكلا ئوقۇلىدۇ، زىرلىك ئوقۇلمايدۇ.

بۇ توغرىدىكى زىيادە تەپسىلاتلار ئاللاھ خالىسا كېيىنكى دەرسلەردە كېلىدۇ.

## 2- مەزمۇن: ئەجەبلەندۈرۈش پېئىلى (فعل التَّعَجُّب) توغرىسىدا

ئەجەبلەندۈرۈش پېئىلى ـــ شەيئىلەردىكى سۈپەتنىڭ كاتتىلىقنى ياكى ئۇنىڭدىن ھەيران قېلىشنى ئىپادىلەيدىغان پېئىلدىن ئىبارەت.

بۇ پېئىلنىڭ ئىككى خىل ئۆلچىمى بولۇپ، بىرى «مَا أَفْعَلَهُ» ئۆلچىمدە ياسىلىدۇ؛ يەنە بىرى «أَفْعِلْ بِهِ» ئۆلچىمدە ياسىلىدۇ. بۇنىڭدا «بِهِ»دىكى «ب» زىيادە بولۇپ، «ه» (هَاءْ) دېگەن كىشىلىك ئالماش «أَفْعِلْ» دېگەن پېئىلنىڭ پائىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

مَا أَجْمَلَ السَّمَاءِ (ئاسمان نېمدېگەن گۈزەل)

أَجْمِلْ بِالسَّيَّارَةِ (ماشىنا نېمدېگەن چىرايلىق)

دېگەنگە ئوخشاش.

# ئوتتۇزىنچى دەرس

## هال توغرىسىدا

هال ـــ هال ئىگىسىنىڭ هالىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن سۆزلىنىدىغان ئارتۇق سۈپەتتىن ئىبارەت. مەسىلەن:

جَاءَ حَامِدٌ رَاكِبًا دَرَّاجَتَهُ (هامىد ئۆز ۋېلىسىپىتىگە مىنگە هالەتتە كەلدى)

اِشْتَرَيْتُ الدَّجَاجَةَ مَذْبُوْحَةً (مەن بوغۇزلانغان توخۇنى سېتىۋالدىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

**هال ئىگىسى ياكى پائىل بولىدۇ. مەسىلەن:**

خَرَجَ الطُّلاَّبُ مِنْ قَاعَةِ الْإِمْتِحَانِ مَسْرُوْرِيْنَ

هال ئىگىسى — هال

(ئوقۇغۇچىلار ئىمتىهان مەيدانىدىن خۇشال-خۇرام چىقتى)

دېگەنگە ئوخشاش.

**ياكى نائىب پائىل بولىدۇ. مەسىلەن:**

يُؤْكَلُ اللَّحْمُ مَطْبُوْخًا (گۆش پىشۇرۇلغان هالەتتە يېيىلدى)

هال ئىگىسى — هال

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

**ياكى تولدۇرغۇچى** (مفعول به) بولىدۇ. مەسىلەن:

اِشْتَرَيْتُ الْكِتَابَ مُجَلَّدًا (مەن تومپلام كىتاب سېتىۋالدىم)

هال ئىگىسى  هال

دېگەنگە ئوخشاش.

**ياكى خەۋەر** بولىدۇ. مەسىلەن:

هٰذَا الْهِلالُ طَالِعًا (مانا بۇ يېڭى چىققان ئاي)

هال ئىگىسى  هال

دېگەنگە ئوخشاش.

**ياكى ئىگە** بولىدۇ. مەسىلەن:

دَخَلْتُ عَلَى الْمُدِيْرِ وَعِنْدَهُ مُدَرِّسُنَا جَالِسًا

هال ئىگىسى  هال

(مەن مۇدىرنىڭ يېنىغا كىرسەم، ئۇنىڭ يېنىدا ئوقۇتقۇچىمىز ئولتۇرىدۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

هال ئىگىسى ئەسلىدە ئېنىق ئىسىم بولۇشى كېرەك، بىراق بەزى ئەھۋاللاردا ئېنىقسىز ئىسىم هال ئىگىسى بولۇپ كېلىدۇ. ئۇ مۇنداق تۆت خىل ئەھۋالدۇر:

1) هال، هال ئىگىسىدىن ئىلگىرى كېلىپ قالسا، هال ئىگىسى ئېنىقسىز ئىسىم بولىدۇ. مەسىلەن:

جَاءَنِيْ سَائِلاً طَالِبٌ (مېنى بىر ئوقۇغۇچى سوراپ كەلدى)

هال  هال ئىگىسى

دېگەنگە ئوخشاش.

2) هال ئىگىسى سۈپەت ياكى ئىزاپەت بىلەن خاسلاشتۇرۇلسا، هال ئىگىسى ئېنىقسىز ئىسىم بولىدۇ. مەسىلەن:

جَاءَنِيْ طَالِبٌ مُوَاظِبٌ مُسْتَأْذِنًا فِيْ الْخُرُوْجِ

هال ئىگىسى    هال

(مېنىڭ يېنىمغا بىر ئاكتىپ ئوقۇغۇچى چىقىشقا رۇخسەت سوراپ كەلدى)

جَاءَنِيْ طَبِيْبُ أَسْنَانٍ مُسْتَفْتِيًا

هال ئىگىسى    هال

(چىش دوختۇرى مەندىن پەتىۋا سوراپ كەلدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

3) هال ئىگىسىدىن بولۇشسىز، نەھيى ۋە سوراق قوشۇمچىلىرى ئىلگىرى كەلسە، هال ئىگىسى ئېنىقسىز ئىسىم بولىدۇ. مەسىلەن:

مَا جَاءَ الْيَوْمَ أَحَدٌ مُتَأَخِّرًا (بۈگۈن بىرسى كېچىكىپ كەلمىدى)

هال ئىگىسى   هال

لا يَدْخُلْ أَحَدٌ قَاعَةَ الْإِمْتِحَانِ حَامِلاً حَقِيْبَتَهُ

هال ئىگىسى    هال

(بىرسى ئىمتىھان مەيدانىغا سومكىسىنى كۆتۈرۈپ كىرمىسۇن)

أَجَاءَ الْيَوْمَ أَحَدٌ مُتَأَخِّرًا (بۈگۈن بىرسى كېچىكىپ كەلدىمۇ)

هال ئىگىسى   هال

دېگەنگە ئوخشاش.

4) هال، هال ئىگىسىدىن كېيىن «و» قوشۇلغان جۈملە بىلەن كەلسە، هال ئىگىسى ئېنىقسىز ئىسىم بولىدۇ. مەسىلەن:

﴿أَوْ كَالَّذِي مَرَّ عَلى قَرْيَةٍ وَهِيَ خَاوِيَةٌ عَلَى عُرُوشِهَا﴾
هال ئىگىسى هال

(ياكى سەن تام، ئۆگزىلىرى يىقىلىپ ۋەيران بولغان (خارابە) شەھەر (يەنى بەيتۇلمۇقەددەس)تىن ئۆتكەن كىشىنى (يەنى ئۇزەيرنى) كۆرمىدىڭمۇ)

دېگەنگە ئوخشاش.

بەزىدە هال ئىگىسى قائىدىسىز هالدا ئېنىقسىز ئىسمدىن كېلىدۇ. مەسىلەن:

«صَلَّى رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَاعِدًا وَصَلَّى وَرَاءَهُ رِجَالٌ قِيَامًا» (ھەدىس)
هال ئىگىسى هال

(پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇدى، كەينىدىكى كىشىلەر ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

بەزىدە هال ئىسىملىق جۈملە بولىدۇ، بەزىدە پېئىللىق جۈملە بولىدۇ. مەسىلەن:

جَلَسْتُ أَسْتَمِعُ إِلَى تِلاوَةِ الْقُرْآنِ الْكَرِيْمِ مِنَ الْإِذَاعَةِ
هال

(مەن رادىئودىن قۇرئان كەرىم تىلاۋىتىنى ئاڭلاپ ئولتۇردۇم)

حَفِظْتُ الْقُرْآنَ وَأَنَا صَغِيْرٌ (مەن كىچىك تۇرۇپ قۇرئاننى يادلىدىم)
هال

دېگەنگە ئوخشاش.

**هال جۈملىنىڭ شەرتلىرى:**

هال جۈملىدە مۇنداق ئۈچ خىل شەرت هازىرلىنىشى كېرەك:

1) هال جۇملە خەبەرىيە (خبريّة) بولۇشى كېرەك؛

2) هال جۇملە كېلىدىغان زامان قوشۇمچىلىرى بىلەن باشلانماسلىقى كېرەك؛

3) هال جۇملە هالنى هال ئىگىسىگە باغلايدىغان باغلىغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. باغلىغۇچىلار:

(1) ياكى پەقەت كىشىلىك ئالماش بولىدۇ. مەسىلەن:

﴿وَجَاؤُواْ أَبَاهُمْ عِشَاءً يَبْكُونَ﴾

(ئۇلار كەچتە دادىسىنىڭ يېنىغا يىغلىغان هالەتتە كەلدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

(2) ياكى پەقەت «و» بولىدۇ. مەسىلەن:

وَصَلْتُ إِلَى مَكَّةَ وَالشَّمْسُ تَغْرُبُ

(مەن قۇياش ئولتۇرغاندا مەككىگە يېتىپ كەلدىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

(3) ۋەياكى «و» بىلەن كىشىلىك ئالماش بىرگە بولىدۇ. مەسىلەن:

﴿... خَرَجُوْا مِنْ دِيَارِهِمْ وَهُمْ أُلُوْفٌ ...﴾

(ئۆزلىرى مىڭلارچە تورۇقلۇق ... يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان ....)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز بىرىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: ئىستىسنا (اِسْتِثْنَاء) توغرىسىدا

ئىستىسنا ـــ ئىستىسنا قوشۇمچىسىدىن كېيىن كەلگەن ھۆكۈمنى ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھۆكۈمدىن ئايرىپ چىقىرىۋېلىشتىن ئىبارەت.

مەسىلەن: «نَجَحَ الطُّلاّبُ إِلَّا حَامِدًا» دېسەك، نەتىجە ئوقۇغۇچىلارغا ئىسپاتلىنىپ، ھامىدتىن يوققا چىقىرىلغان.

ئىستىسنانىڭ ئۈچ مۇھىم بۆلىكى بار. ئۇلار: 1) ئىستىسنا قىلىنغۇچى (المستثنى)؛ 2) ئىستىسنا قىلىنىلغۇچى (المستثنى منه)؛ 3) ئىستىسنا قوشۇمچىسى (أَدَاةُ الإستثناء)دىن ئىبارەت. مەسىلەن:

| حَامِدًا | إِلَّا | الطُّلاّبُ | نَجَحَ |
|---|---|---|---|
| ئىستىسنا قىلىنغۇچى | ئىستىسنا قوشۇمچىسى | ئىستىسنا قىلىنىلغۇچى | |

دېگەنگە ئوخشاش.

ئىستىسنا قوشۇمچىلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىملىرى:

1) «إِلَّا» ـــ بۇ ھەرپتۇر؛

2) «غَيْر» ۋە «سِوَى» ـــ بۇ ئىككىسى ئىسىمدۇر.

3) «مَا خَلا» ۋە «مَا عَدَا» ـــ بۇ ئىككىسى پېئىلدۇر.

## 2- مەزمۇن: ئىستىسنانىڭ قىسىملىرى توغرىسىدا

**ئىستىسنا** ـــ ئىستىسنا قىلىنغۇچى (مستثنى) ۋە قىلىنىلغۇچى (مستثنى منه)نىڭ بىر جىنىستىن بولۇش-بولماسلىقىغا ئاساسەن مۇتتەسىل (تۇتاش) ئىستىسنا ۋە مۇنقەتىئ (ئۈزۈك) ئىستىسنا دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

مۇتتەسىل ئىستىسنا ـــ ئىستىسنا قىلىنغۇچى (مستثنى) ئىستىسنا قىلىنىلغۇچى (مستثنى منه)نىڭ بىر قىسمى بولغان ئىستىسنادىن ئىبارەت. مەسىلەن:

نَجَحَ الطُّلاّبُ إِلَّا حَامِدًا

(ھامىدتىن باشقا ئوقۇغۇچىلار مۇۋاپپەقىيەت قازاندى)

دېگەنگە ئوخشاش. يەنى، بۇ مىسالدا ئىستىسنادا ئىستىسنا قىلىنغۇچى (يەنى ھامىد) ئىستىسنا قىلىنىلغۇچى (ئوقۇغۇچىلار)نىڭ جىنسىدىندۇر.

مۇنقەتىئ ئىستىسنا ـــ ئىستىسنا قىلىنغۇچى (مستثنى) ئىستىسنا قىلىنىلغۇچى (مستثنى منه)نىڭ بىر قىسمى بولمىغان ئىستىسنادىن ئىبارەت. مەسىلەن:

لِكُلِّ دَاء دَوَاءٌ إِلَّا الْمَوْتَ

(ئۆلۈمدىن باشقا ھەرقانداق كېسەلنىڭ دورىسى بار)

دېگەنگە ئوخشاش. يەنى، بۇ مىسالدا ئىستىسنا قىلىنغۇچى (يەنى ئۆلۈم) ئىستىسنا قىلىنىلغۇچى (يەنى كېسەل)نىڭ جىنسىدىن ئەمەس.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر نادىرسى

**ئىستىسنا** ـــ جۈملىدە ئىستىسنا قىلىنىلغۇچى (مستثنى منه)نىڭ تىلغا ئېلىنىش-ئېلىنماسلىقىغا ئاساسەن يەنە تام (كامل) ئىستىسنا ۋە مۇپەررەغ (قۇرۇق) ئىستىسنا دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

تام ئىستىسنا ـــ جۈملىدە ئىستىسنا قىلىنىلغۇچى (مستثنى منه) تىلغا ئېلىنغان ئىستىسنادىن ئىبارەت. مەسىلەن:

حَفِظْتُ الْقُرْآنَ إِلَّا سُوْرَةَ الْبَقَرَةَ

(مەن «قۇرئان كەرىم»نى يادلىدىم، لېكىن سۈرە بەقەرەنى يادلىمىدىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

مۇپەررەغ ئىستىسنا ـــ جۈملىدە ئىستىسنا قىلىنىلغۇچى (مستثنى منه) تىلغا ئېلىنمىغان ئىستىسنادىن ئىبارەت. مەسىلەن:

مَا جَاءَ إِلَّا حَامِدٌ (پەقەت هامىدلا كەلدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

**ئىستىسنا** ـــ بولۇشسىز، نەھيى ۋە سوراق قوشۇمچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇش-بولماسلىقىغا ئاساسەن مۇۋجەب (بولۇشلۇق) ئىستىسنا ۋە غەيرى مۇۋجەب (بولۇشسىز) ئىستىسنا دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

مۇۋجەب ئىستىسنا ـــ بولۇشسىز، نەھيى ۋە سوراق قوشۇمچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ئىستىسنادىن ئىبارەت. مەسىلەن:

حَضَرَ الطُّلَّابُ إِلَّا حَامِدًا

(هامىدتىن باشقا ئوقۇغۇچىلار كەلدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

غەيـــرى مـــۇۋجەب ئىستىســـنا ـــ بولۇشـــىز، نەھيـــى ۋە ســـوراق قوشۇمچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىستىسنادىن ئىبارەت. مەسىلەن:

مَا جَاءَ إِلَّا حَامِدٌ (هامىدتىن باشقىسى كەلمىدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

**«إِلَّا» بىـــلەن ئىستىســـنا قىلىنغـــان ئىستىســـنا قىلىنغۇچىغـــا ئائىـــت قائىدىلەر:**

1) مۇتتەسىل ئىستىسنادىكى قائىدىلەر:

(1) ئەگەر ئىستىسـنا تـام ۋە مـۇۋجەب بولسـا (يەنـى جۈملـدە ئىستىسـنا قىلىنىلغۇچى تىلغا ئېلىنغـان بولسا ۋە ئۇنىڭدا بولۇشسىز، نەھيى ۋە سوراق قوشۇمچىلىرى بولمىسا)، ئىستىسـنا قىلىنغۇچىنى زەبەرلىك ئوقـۇش ۋاجىب (زۆرۈر)تۇر. مەسىلەن:

رَأَيْتُ الطُّلَّابُ إِلَّا حَامِدًا

(مەن ھامىدتىن باشقا ئوقۇغۇچىلارنى كۆردۈم)

دېگەنگە ئوخشاش.

(2) ئەگەر ئىستىسنا تام، لېكىن غەيرى مۇۋجەب بولسا (يەنى جۈملىدە ئىستىسنا قىلىنىلغۇچى تىلغا ئېلىنغان، لېكىن ئۇنىڭدا بولۇشسىز، نەھيى ۋە سوراق قوشـۇمچىلىرى بولغـان بولسـا)، ئىستىسـنا قىلىنغـۇچىنى زەبەرلـىك ئوقـۇش ۋە ئىستىســنا قىلىنىلغۇچىغــا ئەگەشــتۈرۈش ئىككىلىســى دۇرۇس. مەسىلەن:

مَا حَضَرَ الطُّلَّابُ إِلَّا حَامِدًا / حَامِدٌ

(ھامىدتىن باشقا ئوقۇغۇچىلار كەلمىدى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uighurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مَا سَأَلْتُ الطُّلاَّبَ إِلَّا حَامِدًا / حَامِدًا
(هامىدتىن باشقا ئوقۇغۇچىلارنى سورىمىدىم)

مَا اتَّصَلْتُ بِالطُّلاَّبِ إِلَّا حَامِدًا / حَامِدٍ
(هامىدتىن باشقا ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇچراشمىدىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

(3) ئەگەر ئىستىسنا مۇپەررەغ ھەمدە غەيرى مۇۋجەب بولسا (يەنى جۈملىدە ئىستىسنا قىلىنىلغۇچى تىلغا ئېلىنمىغان، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئىنكار، نەھيى ۋە سوراق قوشۇمچىلىرى بولغان بولسا)، ئامىلنىڭ تەقەززاسى بويىچە تەركىب بېرىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| لا يَخْرُجْ إِلَّا حَامِدٌ | (هامىدتىن باشقىسى چىقمىسۇن) |
| لا اسْأَلْ إِلا حَامِدًا | (هامىدتىن باشقىنى سورىما) |
| هَلْ جَاءَ إِلَّا حَامِدٌ | (هامىد كەلدىمۇ) |

دېگەنگە ئوخشاش.

2) مۇنقەتىئ ئىستىسنادىكى قائىدە: بۇنىڭدا ئىستىسنا قىلىنغۇچىنى ھەرقانداق ھالەتتە زەبەرلىك ئوقۇش ۋاجىب (زۆرۈر). مەسىلەن:

حَضَرَ الطُّلاَّبُ إِلَّا الْمُدَرِّسَ
(ئوقۇغۇچىلار كەلدى، لېكىن ئوقۇتقۇچى كەلمىدى)

مَا حَضَرَ الطُّلاَّبُ إِلَّا الْمُدَرِّسَ
(ئوقۇغۇچىلار كەلمىدى، لېكىن ئوقۇتقۇچى كەلدى)

دېگەنگە ئوخشاش.

**«غَيْر» ۋە «سِوَى» بىلەن ئىستىسنا قىلىنغان ئىستىسنا قىلىنغۇچىغا ئائىت قائىدە:**

«غــير»گە « إِلَّا » بىــلەن ئىستىســنا قىلىنغــان ئىستىســنا قىلىنغۇچىغــا ئوخشاش ئىئراب بېرىلىدۇ. مەسىلەن:

جَاءَ الطُّلَّابُ غَيْرَ حَامِدٍ		(جَاءَ الطُّلَّابُ إِلَّا حَامِدًا)

(هامىدتىن باشقا ئوقۇغۇچىلار كەلدى)

مَا جَاءَ الطُّلَّابُ غَيْرُ حَامِدٍ	(مَا جَاءَ الطُّلَّابُ إِلَّا حَامِدًا / حَامِدٌ)

(هامىدتىن باشقا ئوقۇغۇچىلار كەلمىدى ياكى پەقەتلا هامىد كەلدى)

**«مَـا خَـلا» بىــلەن «مَـا عَـدَا» بىــلەن ئىستىســنا قىلىنغــان ئىستىســنا قىلىنغۇچىغا ئائىت قائىدە:**

بۇلار بىلەن ئىستىسنا قىلىنغان ئىستىسنا قىلىنغۇچى داۋاملىق زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

جَاءَ الطُّلَّابُ مَا خَلَا حَامِدًا / مَا عَدَا حَامِدًا

(هامىدتىن باشقا ئوقۇغۇچىلار كەلدى)

## 3- مەزمۇن: «أَلا» توغرىسىدا

«أَلا كُــلُّ شَــيْءٍ ... » دېيــەك، بــۇ يەردىكــى «أَلا» باشــلاش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش قوشۇمچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

﴿أَلا إِنَّهُمْ هُمُ السُّفَهَاءُ﴾

(بىلىڭلاركى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىلا ئەخمەقلەر)

دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

# ئوتتۇز ئىككىنچى دەرس

## 1- مەزمۇن: تەكىتنىڭ «ن»ى توغرىسىدا

تەكىتنىڭ «ن»ى ــ ئېغىر «ن» ۋە يەڭگىل «ن» دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. مەسىلەن: «لا تَحْسَبَنَّ»دىكى «ن» ــ تەكىتنىڭ ئېغىر «ن»ىدىن ئىبارەت؛ «فَأَنْزِلَنْ سَكِيْنَةً عَلَيْنَا»دىكى «ن» ــ تەكىتنىڭ يەڭگىل «ن»ىدىن ئىبارەت.

تەكىتنىڭ «ن»ى بىلەن ئۆتكەن زامان پېئىلى تەكىتلەنمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن بۇيرۇق پېئىل ۋە كەلگۈسى زامان پېئىلى تەكىتلىنىدۇ.

**«ن» بىلەن تەكىتلىنىدىغان پېئىلنىڭ ئىئرابىغا ئائىت قائىدىلەر:**

1) II شەخس ئەرلىك بىرلىك پېئىللىرىغا تەكىتنىڭ «ن»ى ئۇلانغاندا، ئاخىرى زەبەرگە مەبنى بولىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| اِذْهَبْ | ← | اِذْهَبَنَّ | (بارغىن) |
| لا تَذْهَبْ | ← | لا تَذْهَبَنَّ | (بارمىغىن) |
| تَذْهَبُ | ← | تَذْهَبَنَّ | (بارىسەن) |

دېگەنگە ئوخشاش.

2) II شەخس ئەرلىك كۆپلۈك پېئىللىرىغا تەكىتنىڭ «ن»ى ئۇلانغاندا، «ن»نىڭ ئالدىنقى ھەرپى پېشلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

اِذْهَبُوْا ← اِذْهَبُنَّ (بىرىگلار)

«اِذْهَـبُنَّ»نىڭ ئەسلىسى «اِذْهَبُـوْنَّ»دۇر. بۇنىڭدا ئىككى سۇكۇن بىرگە كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، سۇكۇنلۇق «و» تاشلىنىپ كەتكەن.

لا تَذْهَبُوْا ← لا تَذْهَبُنَّ (بارماڭلار)

تَذْهَبُوْنَ ← تَذْهَبُنَّ (بارىسلەر)

«تَذْهَبُنَّ»نىڭ ئەسلىسى «تَذْهَبُوْنَنَّ»دۇر. بۇنىڭدا باش كېلىشنىڭ «ن»ى «ن»لارنىڭ ئارقمۇئارقا كەلگەنلىكى ئۈچۈن تاشلىنىپ كەتكەن. ئاندىن ئىككى سۇكۇن بىرگە كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن سۇكۇنلۇق «و»مۇ تاشلىنىپ كەتكەن.

3) ئىككىلىك پېئىللارغا تەكىتنىڭ «ن»ى ئۇلانسا، تەكىتنىڭ «ن»ىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ «ا» (ئەلف) بولىدۇ. مەسلەن:

اِذْهَبَا ← اِذْهَبَانِّ (ئىككىلىكنىڭ ئەلفى ئىككى سۇكۇن بىرگە كېلىپ قالسىمۇ تاشلانمايدۇ ھەمدە بۇنىڭدا تەكىتنىڭ «ن»ى زىرلىك ئوقۇلىدۇ).

لا تَذْهَبَا ← لا تَذْهَبَانِّ

تَـذْهَبَانِ ← تَـذْهَبَانِّ (بۇنىڭدا باش كېلىشنىڭ «ن»ى «ن»لارنىڭ ئارقمۇئارقا كەلگەنلىكى ئۈچۈن تاشلىنىپ كەتكەن).

4) II شەخس ئاياللىق بىرلىك پېئىللىرىغا تەكىتنىڭ «ن»ى ئۇلانسا، تەكىتنىڭ «ن»ىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زىرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسلەن:

اِذْهَبِـيْ ← اِذْهَـبِنَّ (بۇنىڭ ئەسلىسى «اِذْهَبِـيْنَّ»دۇر. بۇنىڭدىكى مۇخاتەبنىڭ «ي»سى ئىككى سۇكۇن بىرگە كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن تاشلىنىپ كەتكەن).

لا تَذْهَبِيْ ← لا تَذْهَبِنَّ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

تَـذْهَبِينَ ← تَـذْهَبِنَّ (بۇنىڭدا بـاش كېلىشىنىڭ «ن»ى «ن»لارنىڭ ئارقمۇئارقا كەلگەنلىكى ئۈچۈن تاشلىنىپ كەتكەن).

5) II شەخس ئاياللىق كۆپلۈك پېئىللىرىغا تەكىتنىڭ «ن»ى ئۇلانسا، ئـاخىرى زەبەرگە مەبنـى بولـىدۇ. شـۇنداقلا، ئاياللىقنىـڭ «ن»ى پائىل بولغانلىقى ئۈچۈن تاشلىنىپ كەتمەيدۇ. بەلكى، ئاياللىقنىڭ «ن»ى بىلەن تەكىتنىڭ «ن»ىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر «ا» (ئەلىف) قوشۇلىدۇ ھەمدە تەكىتنىڭ «ن»ى زىرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

اِذْهَبْنَ ← اِذْهَبْنَانِّ

لا تَذْهَبْنَ ← لا تَذْهَبْنَانِّ

تَذْهَبْنَ ← تَذْهَبْنَانِّ

دېگەنگە ئوخشاش.

6) تەكىتنىـڭ «ن»ى ئۇلانغانـدا نـاقىس پېئىلنىـڭ تاشـلىنىپ كەتـكەن ھەرپى (يەنى پېئىلنىڭ ئۆلچىمى بولغان «فعل»دىكى «ل»نىڭ ئۇدۇلىدىكى ھەرپ) قايتىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

اِمْشِ ← اِمْشِيَنَّ

لا تَنْسَ ← لا تَنْسَيَنَّ

اُدْعُ ← اُدْعُوَنَّ

دېگەنگە ئوخشاش.

## 2- مەزمۇن: «ن» بىلەن پېئىلنى تەكىتلەش ئورۇنلىرى توغرىسىدا

1) بـۇيرۇق پېئىلنـى «ن» بـىلەن تەكـتلەش شەرتسىز دۇرۇس بولـىدۇ. مەسىلەن: أُخْرُجَنَّ، لِيَخْرُجَنَّ ... دېگەنگە ئوخشاش.

2) كېلىدىغان زامان پېئىللىرىنى «ن» بىلەن تەكىتلەش:

(1) ئەگەر پېئىل تەلەپ پېئىلى بولسا، ئۇنىڭ كېلىدىغان زامان شەكلىنى «ن» بىلەن تەكىتلەش دۇرۇس. مەسىلەن:

﴿لا تَحْسَبَنَّ اللهَ غَافِلاً عَمَّا يَعْمَلُ الظَّالِمُوْنَ﴾ (نەھيى)

(زالىملارنىڭ قىلمىشىدىن ئاللاھنى بىخەۋەر دەپ ئويلىمىغىن)

لِيَجْلِسَنَّ كُلُّ وَاحِدٍ فِي مَكَانِهِ (بۇيرۇق)

(ھەربىر كىشى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرسۇن)

أَتُسَافِرَنَّ وَأَنْتَ مَرِيْضٌ (سوراق)

(سەن ئاغرىق تۇرۇپ سەپەرگە چىقامسەن)

دېگەنگە ئوخشاش.

(2) ئەگەر كەلگۈسى زامان پېئىلى «إِمَّا» («إِمَّا»نىڭ ئەسلىسى شەرت قوشۇمچىسى بولغان «إِنْ» بىلەن تەكىت ئۈچۈن بولغان زىيادە «مَا»نىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان سۆزدۇر) دېگەن شەرت قوشۇمچىسىدىن كېيىن كەلسە، ئۇنى «ن» بىلەن تەكىتلەش ۋاجىبلىققا (يەنى زۆرۈرلۈككە) يېقىن تۇرىدۇ. مەسىلەن:

﴿إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِنْدَكَ الْكِبَرَ أَحَدُهُمَا أَوْ كِلاهُمَا فَلا تَقُلْ لَهُمَا أُفٍّ﴾

(ئۇلارنىڭ بىرى ياكى ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا «ئوھۇي» دېمىگىن)

دېگەنگە ئوخشاش.

(3) ئەگەر كەلگۈسى زامان پېئىلى قەسەمنىڭ جاۋابى ئۈچۈن كەلگەن بولسا، ئۇنى «ن» بىلەن تەكىتلەش ۋاجىب.

بۇ ئۈچ خىل شەرت بىلەن بولىدۇ: ① قەسەمنىڭ جاۋابى بولۇشلۇق بولۇشى كېرەك؛ ② قەسەمنىڭ جاۋابى كەلگۈسى زامان پېئىلى بولۇشى كېرەك (ھازىرقى زامان پېئىلى بولسا بولمايدۇ)؛ ③ قەسەمنىڭ جاۋابىغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان «ل» (لام) كەلگۈسى زامان پېئىلىدىن بىرەر پاسىل بىلەن ئايرىلىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

ئەگەر بۇ شەرتلەرنىڭ بىرى يوقاپ كەتسە، كەلگۈسى زامان پېئىلىنى «ن» بىلەن تەكىتلەش دۇرۇس بولمايدۇ. مەسىلەن:

﴿وَتَاللّٰهِ لَأَكِيْدَنَّ أَصْنَامَكُمْ﴾

(ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ... چوقۇم بۇتلىرىڭلارنى (چېقىۋېتىشنىڭ ئامالىنى قىلىمەن)

يەنى، بۇ جۈملىدە يۇقىرىقى ئۈچ خىل شەرتنىڭ ھەممىسى تولۇق ھازىرلانغانلىقى ئۈچۈن كەلگۈسى زامان پېئىلى «ن» بىلەن تەكىتلەنگەن.

وَاللّٰهِ لا أَخْرُجُ (ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن چىقىپ كەتمەيمەن)

يەنى، بۇ جۈملىدە قەسەمنىڭ جاۋابى بولۇشسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، كەلگۈسى زامان پېئىلى «ن» بىلەن تەكىتلەنمىگەن.

وَاللّٰهِ لأُحِبُّكَ

(ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سېنى ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتىمەن)

يەنى، بۇ جۈملىدىكى پېئىل ھازىرقى زامان پېئىلى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ «ن» بىلەن تەكىتلەنمىگەن.

وَاللّٰهِ لإِلَى الْمُدِيْرِ أَشْكُوْكَ

(ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سېنى مۇدىرغا شىكايەت قىلىمەن)

يەنى، بۇ جۈملىدە «ل» (لام) بىلەن پېئىلنىڭ ئوتتۇرىسى پاسىل بىلەن ئايرىلىپ كەتتى. شۇڭا، بۇ جۈملىدىكى پېئىل «ن» بىلەن تەكىتلەنمىگەن.

## 3- مەزمۇن: «أُفٍّ» توغرىسىدا

«أُفٍّ» ـــ «أَتَضَـــجَرُّ» مەنىســىدىكى كەلگۈســى زامــان پېئىلنامــىدىن ئىبارەت.

(تَمَّتْ بِعَوْنِ اللهِ تَعَالَى)

هاجىتىڭ بولسا تىلە ئۇل كەڭ كەرەملىك تەڭرىدىـــــــــــن،
قىلمىغىن كىشىدىن تەلمۈرۈپ هاجەت ـ تەلـــــــــــــەپ.
بەندىدىن نەرسە تەلەپ قىلساڭ بولۇر سەندىن خـــــاپا،
گەر تەلەپ قىلساڭ خۇدادىن خۇش بولۇر قىلماس غـــەزەپ.

ـــ ئەرەب شېئىرلىرىدىن.

ئىشلىرىمىزنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۇرگۈچى ئاللاھتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى يىلتىزى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# خاتىمە

## 1- مەزمۇن: تۈرلەنمەسلىكتىن چەكلەنگەن ئىسىملار توغرىسىدا

تۈرلىنىشتىن چەكلەنگەن ئىسىم — تەنۋىن (يەنى قوش ھەرىكەت بىلەن نۇنلاشتۇرۇش)نى قوبۇل قىلمايدىغان ئىسىملاردىن ئىبارەت.

ئۇ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ: 1) بىر سەۋەب تۈپەيلىدىن تۈرلىنىشتىن چەكلەنگەن ئىسىملار؛ 2) ئىككى سەۋەب تۈپەيلىدىن تۈرلىنىشتىن چەكلەنگەن ئىسىملار.

### بىر سەۋەب تۈپەيلىدىن تۈرلىنىشتىن چەكلەنگەن ئىسىملار تۆۋەندىكىچە:

1) قىسقا ئوقۇلغۇچى ياكى سوزۇپ ئوقۇلغۇچى ئاياللىقنىڭ «ا» (ئەلىف)ى بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىملار تۈرلىنىشتىن چەكلىنىدۇ. مەسىلەن: مَرْضَى، دُنْيَا، حُبْلَى، فَتَاوَى، هَدَايَا ... دېگەنگە ئوخشاشلار قىسقا ئوقۇغۇچى ئاياللىقنىڭ «ا»ى بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىملاردۇر؛ صَحْرَاءُ، حَمْرَاءُ، فُقَرَاءُ، أَصْدِقَاءُ ... دېگەنگە ئوخشاشلار سوزۇپ ئوقۇلغۇچى ئاياللىقنىڭ «ا»ى بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىملاردۇر.

2) چېكىگە يەتكەن كۆپلۈك ئىسىملار (مُنْتَهَى الْجُمُوْعِ) تۈرلىنىشتىن چەكلىنىدۇ. بۇنداق ئىسىملار «مَفَاعِلُ» ۋە «مَفَاعِيلُ» ئۆلچىمىدە كېلىدۇ.

مەسلەن: مَسَاجِدُ، مَفَاتِحُ، فَنَادِقُ، شَوَارِعُ، رَسَائِلُ، فَنَاجِيْنُ، أَسَابِعُ، ثَعَابِيْنُ ... دېگەنگە ئوخشاش.

شۇنىڭدەك، چېكىگە يەتكەن كۆپلۈكنىڭ ئۆلچىمىدە كەلگەن بىرلىك ئىسىملارمۇ تۇرلەنمەستىن چەكلىنىدۇ. مەسىلەن: طَماطِمُ، طَبَاشِرُ، سَرَاوِيْلُ ... دېگەنگە ئوخشاش.

**ئىككى سەۋەب تۈپەيلىدىن تۇرلەنمەستىن چەكلەنگەن ئىسىملار:**

ئىسىملار — ئەلەم (خاس ئىسىم) ۋە سۈپەت دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. شۇڭا، ئىككى سەۋەب بىلەن تۇرلەنمەستىن چەكلەنگەن ئىسىملارمۇ ئىككى خىل بولىدۇ:

1) تۇرلەنمەستىن چەكلەنگەن خاس ئىسىملار: (1) ئاياللىق جىنسىتىكى خاس ئىسىملار تۇرلەنمەستىن چەكلىنىدۇ. مەسىلەن: آمِنَةُ، زَيْنَبُ، حَمْزَةُ ... دېگەنگە ئوخشاش. مىسالدىكى ئىسىملاردىن «آمِنَةُ» دېگەن ئىسىمنىڭ لەۋزى ۋە ئىشلىتىلىشى بىردەك ئاياللىق؛ «زَيْنَبُ» دېگەن ئىسىمنىڭ لەۋزى ئەرلىك، ئىشلىتىلىشى ئاياللىق؛ «حَمْزَةُ» دېگەن ئىسىمنىڭ لەۋزى ئاياللىق، ئىشلىتىلىشى ئەرلىكتۇر.

ئەگەر ئاياللىق جىنسىتىكى خاس ئىسىملار ئۈچ ھەرپلىك بولۇپ، ئوتتۇرسى سۈكۇنلۇق بولسا، ئۇنى تۇرلەندىغان ئىسىم قىلىپ ئىشلىتىش ياكى تۇرلەنمەستىن چەكلىنىدىغان ئىسىم قىلىپ ئىشلىتىش ئىككىلىسى دۇرۇس. مەسىلەن:

هِنْدٌ ← هِنْدُ دَعْدٌ ← دَعْدُ رِيْمٌ ← رِيْمٌ

دېگەنگە ئوخشاش.

ھەتتا، بۇنداق ئىسىملارنى تۇرلەندىغان ئىسىم قىلىپ ئىشلىتىش ياخشىراقتۇر.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

(2) ئەرەب تىلىغا باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان خاس ئىسىملار تۈرلىنىشتىن چەكلىنىدۇ. مەسىلەن: إِبْرَاهِيْمُ، بَاكِسْتَانُ، لَنْدُنُ ... دېگەنگە ئوخشاش.

ئەگەر باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان ئىسىملار ئۈچ ھەرپلىك بولۇپ، ئوتتۇرىسى سۈكۇنلۇق ھەمدە ئەرلىك بولسا، بۇ ئىسىملار تۈرلىنىشتىن چەكلەنمەيدۇ. مەسىلەن: نُوْحٌ، شِيْبٌ، لُوْطٌ، جُرْجٌ، خَانٌ، شَاهٌ ... دېگەنگە ئوخشاش.

ئەمما، ئەجەم خاس ئىسىملار (باشقا تىللاردىن ئەرەب تىلىغا كىرگەن ئىسىملار) ئۈچ ھەرپلىك، ئوتتۇرىسى سۈكۇنلۇق بولسا تۈرلىنىشتىن چەكلىنىدۇ. مەسىلەن: بَلْخُ، حِمْصُ، نِيْسُ (فرانسىيەدىكى بىر شەھەر)، مُوْشُ (تۈركىيەدىكى بىر شەھەر) ... دېگەنگە ئوخشاش.

(3) «معدول» ئىسىملار، يەنى «فُعَلُ» ئۆلچىمىدە كەلگەن ئىسىملار تۈرلىنىشتىن چەكلىنىدۇ. مەسىلەن: عُمَرُ، زُفَرُ، زُحَلُ، هُبَلُ ... دېگەنگە ئوخشاش.

(4) زىيادە «ان» (ئەلىف نۇن) بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىملار تۈرلىنىشتىن چەكلىنىدۇ. مەسىلەن: مَرْوَانُ، رَمَضَانُ، شَعْبَانُ، عُثْمَانُ ... دېگەنگە ئوخشاش.

(5) پېئىل ئۆلچىمىدە كەلگەن ئىسىملار تۈرلىنىشتىن چەكلىنىدۇ. مەسىلەن: أَحْمَدُ، يَزِيْدُ، يَعْرُبُ ... دېگەنگە ئوخشاش.

(6) بىرىكىشى مۇرەككەپ بولغان ئىسىملار تۈرلىنىشتىن چەكلىنىدۇ. مەسىلەن: مَعْدِيْكَرِبُ، حَضْرَمَوْتُ ... دېگەنگە ئوخشاش.

2) تۈرلىنىشتىن چەكلەنگەن سۈپەتلەر: (1) «أَفْعَلُ» ئۆلچىمىدە كەلگەن سۈپەتلەر تۈرلىنىشتىن چەكلىنىدۇ. مەسلەن: أَكْبَرُ، أَحْسَنُ، أَحْمَرُ ... دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ سۈپەتلەردە ئاياللىق بىرلىك شەكلىدە «ة» بولماسلىقى لازىم. ئەگەر «أَفْعَلُ» ئۆلچىمىدە كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئاياللىق بىرلىكىنىڭ ئاخىرىدا «ة» بولسا، بۇ ئىسىم تۈرلىنىدۇ. مەسلەن: أَرْمَلٌ ... غا ئوخشاش. چۈنكى، بۇ ئىسىمنىڭ ئاياللىقىنىڭ ئاخىرىدا «ة» كەلگەن: أَرْمَلَةٌ.

(2) «فَعْلانُ» ئۆلچىمىدە كەلگەن سۈپەتلەر تۈرلىنىشتىن چەكلىنىدۇ. مەسلەن: جَوْعَانُ، شَعْبَانُ، عَطْشَانُ، مَلآنُ ... دېگەنگە ئوخشاش.

(3) «مَعْدُوْلَة»، يەنى قائىدىدىن چىقىپ كەتكەن سۈپەتلەر تۈرلىنىشتىن چەكلىنىدۇ. بۇ خىل سۈپەتلەر ئىككى خىل بولىدۇ: ① «فُعَالٌ» ۋە «مَفْعَلٌ» ئۆلچىمىدە كەلگەن سانلار تۈرلىنىشتىن چەكلىنىدۇ. مەسلەن: ثُلاثُ، رُبَاعُ، مَثْنَى، مَثْلَثُ ... دېگەنگە ئوخشاش. چۈنكى، «ثُلاثُ» ـــ «ثَلاثَةٌ» دېگەن ساندىن چەتنەپ چىقىپ كەتكەن؛ «رُبَاعُ» بولسا «أَرْبَعَةٌ» دېگەن ساندىن چەتنەپ چىقىپ كەتكەن. ② «أُخَرُ» دېگەن سۆز تۈرلىنىشتىن چەكلىنىدۇ.

## 2- مەزمۇن: تۈرلىنىشتىن چەكلەنگەن ئىسىملارغا ئائىت ئومۇمىي قائىدىلەر

1) تۈرلىنىشتىن چەكلەنگەن ئىسىملارنىڭ ئاخىرى قوش ھەرىكەت بىلەن نۇنلاشمايدۇ؛

كىتاب نۇر كىتاپ www.uyghurkitap.com

2) تۇرلىنىشتىن چەكلەنگەن ئىسىملار ئىزاپەتتىكى ئىنقلانغۇچى (مضاف) بولمىسا ياكى ئالدىغا «الـ» (ئەلىف لام) قوشۇلمىسا، ئىرابتا زېرىنىڭ ئورنىدا زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ.

ئەگەر بىرەر سۆزگە ئىزاپەت قىلىنسا ياكى ئالدىغا «الـ» كىرگۈزۈلسە، ئاشكارا زېرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

دَرَّسْتُ فِي مَدَارِسَ كَثِيْرَةٍ (مەن نۇرغۇن مەكتەپلەردە دەرس ئۆتتىم)

دَرَّسْتُ فِي مَدَارِسِ الْمَمْلِكَةِ (مەن مەملىكەتتىكى نۇرغۇن مەكتەپلەردە دەرس ئۆتتىم)

دَرَّسْتُ فِي كَثِيرٍ مِنَ الْمَدَارِسِ (مەن نۇرغۇن مەكتەپلەردە دەرس ئۆتتىم)

دېگەنگە ئوخشاش.

3) چېكىگە يەتكەن كۆپلۈك بولغان مەنقۇس ئىسىمغا تۇرلىنىدىغان مەنقۇس ئىسىمغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ. بۇ ئىسمىنىڭ «ي»سى چۈشۈپ كېتىدۇ ھەم تۇنلىنىدۇ. مەسىلەن:

هٰذِهِ الْكَلِمَةُ لَهَا مَعَانٍ كَثِيْرَةٌ (پېشلىك ئوقۇلغان ھالىتى)

أَعْرِفُ مَعَانِيَ كَثِيْرَةً لِهٰذِهِ الْكَلِمَةِ (زەبەرلىك ئوقۇلغان ھالىتى)

تُسْتَعْمَلُ هٰذِهِ الْكَلِمَةُ بِمَعَانٍ كَثِيْرَةٍ (زېرلىك ئوقۇلغان ھالىتى)

دېگەنگە ئوخشاش.

# ئۈچ ھەرپلىك مۇجەررەد (تۈپ) پېئىللارنىڭ مەسدەر قۇرۇلمىلىرى توغرىسىدا

بىز ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۈچ ھەرپلىك مەزىد (ياسالما) پېئىللار (ثلاثي مزيد)نىڭ مەسدەر قۇرۇلمىسى قىياسىيدۇر. يەنى، ئۇلارنىڭ مەسدىرىنى ئېنىق بىر ئۆلچەمدە تۈرلەپ چىقارغىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

| پېئىل | مەسدەر | مەنىسى |
|---|---|---|
| أَسْلَمَ | اِسْلامٌ | (مۇسۇلمان بولماق) |
| اِسْتَخْرَجَ | اِسْتِخْرَاجٌ | چىقارماق |
| عَلَّمَ | تَعْلِيْمٌ | تەلىم بەرمەك |

دېگەنگە ئوخشاش.

ئەمما، ئۈچ ھەرپلىك مۇجەررەد (تۈپ) پېئىللار (ثلاثي مجرّد)نىڭ مەسدىرى سىمائىي بولۇپ، پالانى بابتا كەلگەن پېئىللاردىن ماۋۇ ئۆلچەمدە مەسدەر چىقىدۇ دەپ قىياس قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بۇنداق پېئىللارنىڭ مەسدىرى بىزگە ئەرەبلەردىن قانداق يېتىپ كەلگەن بولسا، بىز ئۇنى شۇنداق ئىشلىتىمىز.

بۇلار ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئۆلچەملەردە كېلىدۇ: 1) «فَعْلٌ» ئۆلچىمى:

| | | |
|---|---|---|
| ضَرَبَ / يَضْرِبُ | ضَرْبٌ | (ئۇرماق) |
| فَهِمَ / يَفْهَمُ | فَهْمٌ | (چۈشەنمەك) |

| | | |
|---|---|---|
| قَالَ / يَقُوْلُ | قَوْلٌ | (سۆزلىمەك) |
| غَزَا / يَغْزُو | غَزْوٌ | (ئۇرۇش قىلماق) |
| نَهَى / يَنْهَى | نَهْيٌ | (توسماق) |

2) «فَعَلٌ» ئۆلچىمى:

| | | |
|---|---|---|
| طَلَبَ / يَطْلُبُ | طَلَبٌ | (تەلەپ قىلماق) |
| نَظَرَ / يَنْظُرُ | نَظَرٌ | (قارىماق) |
| عَمِلَ / يَعْمَلُ | عَمَلٌ | (ئىشلىمەك) |
| تَعِبَ / يَتْعَبُ | تَعَبٌ | (چارچىماق) |
| فَرِحَ / يَفْرَحُ | فَرَحٌ | (خۇشال بولماق) |

3) «فَعِلٌ» ئۆلچىمى:

| | | |
|---|---|---|
| كَذَبَ / يَكْذِبُ | كَذِبٌ | (يالغان سۆزلىمەك) |
| لَعِبَ / يَلْعَبُ | لَعِبٌ | (ئوينىماق) |
| حَلَفَ / يَحْلِفُ | حَلِفٌ | (قەسەم قىلماق) |

4) «فِعْلٌ» ئۆلچىمى:

| | | |
|---|---|---|
| حَفِظَ / يَحْفَظُ | حِفْظٌ | (يادلىماق) |
| عَلِمَ / يَعْلَمُ | عِلْمٌ | (بىلمەك) |
| ذَكَرَ / يَذْكُرُ | ذِكْرٌ | (سۆزلىمەك) |

5) «فِعَلٌ» ئۆلچىمى:

| | | |
|---|---|---|
| كَبُرَ / يَكْبُرُ | كِبَرٌ | (گەۋدىلىك بولماق) |
| عَظُمَ / يَعْظُمُ | عِظَمٌ | (كاتتا بولماق) |

صَغُرَ / يَصْغُرُ صِغَرٌ (كىچىك بولماق)

رَضِيَ / يَرْضَا رِضًا (رازى بولماق)

6) «فُعْلٌ» ئۆلچىمى:

شَكَرَ / يَشْكُرُ شُكْرٌ (رەھمەت ئېيتماق)

شَرِبَ / يَشْرَبُ شُرْبٌ (ئىچمەك)

وَدَّ / يَوُدُّ وُدٌّ (دوست تۇتماق)

سَخِطَ / يَسْخُطُ سُخْطٌ (ئاچچىقلانماق)

7) «فُعَلٌ» ئۆلچىمى:

هَدَى / يَهْدِي هُدًا (يېتەكلىمەك)

سَرَى / يَسْرِي سُرًى (ماڭماق)

8) «فَعْلَةٌ» ئۆلچىمى:

رَحِمَ / يَرْحَمُ رَحْمَةٌ (رەھىم قىلماق)

كَثُرَ / يَكْثُرُ كَثْرَةٌ (كۆپ بولماق)

حَارَ / يَحَارُ حَيْرَةٌ (ئىززىپ قالماق)

9) «فَعَلَةٌ» ئۆلچىمى:

غَلَبَ / يَغْلِبُ غَلَبَةٌ (غەلىبە قىلماق)

شَكَا / يَشْكُوْ شَكَاةٌ (ئەسلى: شَكَوَةٌ) (شىكايەت قىلماق)

10) «فَعِلَةٌ» ئۆلچىمى:

سَرِقَ / يَسْرِقُ سَرِقَةٌ (ئوغرىلىق قىلماق)

www.uyghurkitap.com

11) «فِعْلَةٌ» ئۆلچىمى:

حَمَى / يَحْمِي — حِمْيَةٌ — (كېسەلنى پەرز تۇتقۇزماق)

عَصَمَ / يَعْصِمُ — عِصْمَةٌ — (قوغدىماق، ساقلىماق)

12) «فَعْلَى» ئۆلچىمى:

دَعَا / يَدْعُوْ — دَعْوَى — (دەۋا قىلماق)

شَكَا / يَشْكُوْ — شَكْوَى — (شىكايەت قىلماق)

13) «فِعْلَى» ئۆلچىمى:

ذَكَرَ / يَذْكُرُ — ذِكْرَى — (سۆزلىمەك)

14) «فُعْلَى» ئۆلچىمى:

رَجَعَ / يَرْجِعُ — رُجْعَى — (قايتماق)

15) «فَعَلَانٌ» ئۆلچىمى:

جَالَ / يَجُوْلُ — جَوَلَانٌ — (ئايلانماق)

دَارَ / يَدُوْرُ — دَوَرَانٌ — (چۆرگىلىمەك، ئايلانماق)

خَفَقَ / يَخْفِقُ — خَفَقَانٌ — (يۈرەك سوقماق)

هَاجَ / يَهِيْجُ — هَيَاجَانٌ — (قوزغالماق)

شَنَأَ / يَشْنَأُ — شَنَآنٌ — (نەپرەتلەنمەك)

16) «فِعْلَانٌ» ئۆلچىمى:

نَسِيَ / يَنْسَى — نِسْيَانٌ — (ئۇنتۇماق)

حَرَمَ / يَحْرِمُ — حِرْمَانٌ — (چەكلىمەك)

رَضِيَ / يَرْضَى — رِضْوَانٌ — (رازى بولماق)

17) «فُعْلانٌ» ئۆلچىمى:

رَجَحَ / يَرْجُحُ رُجْحَانٌ (بېسسپ كەتمەك، ئېغىر بولماق)

غَفَرَ / يَغْفِرُ غُفْرَانٌ (كەچۈرۈم قىلماق)

كَفَرَ / يَكْفُرُ كُفْرَانٌ (كاپىر بولماق، ئىنكار قىلماق)

18) «فَعَالٌ» ئۆلچىمى:

ذَهَبَ / يَذْهَبُ ذَهَابٌ (كەتمەك)

نَجَحَ / يَنْجَحُ نَجَاحٌ (نەتىجە قازانماق)

فَسَدَ / يَفْسُدُ فَسَادٌ (بۇزۇقچىلىق قىلماق)

صَلَحَ / يَصْلُحُ صَلاحٌ (ياخشى بولماق)

نَفَدَ / يَنْفُدُ نَفَادٌ (تۈگەپ كەتمەك)

19) «فِعَالٌ» ئۆلچىمى:

نَكَحَ / يَنْكَحُ نِكَاحٌ (نىكاھلانماق)

قَامَ / يَقُوْمُ قِيَامٌ (تۇرماق)

صَامَ / يَصُوْمُ صِيَامٌ (روزا تۇتماق)

آبَ / يَؤُوْبُ إِيَابٌ (قايتماق)

20) «فُعَالٌ» ئۆلچىمى:

سَأَلَ / يَسْأَلُ سُؤَالٌ (سوئال سورىماق)

دَعَا / يَدْعُوْ دُعَاءٌ (دۇئا قىلماق)

مَزَحَ / يَمْزَحُ مُزَاحٌ (چاقچاق قىلماق)

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| سَعَلَ / يَسْعَلُ | سُعَالٌ | (يۆتەلمەك) |
| زَكَمَ / يَزْكَمُ | زُكَامٌ | (زۇكامداپ قالماق) |

21) «فَعَالَةٌ» ئۆلچىمى:

| | | |
|---|---|---|
| نَظُفَ / يَنْظُفُ | نَظَافَةٌ | (پاكىزە بولماق) |
| فَصُحَ / يَفْصُحُ | فَصَاحَةٌ | (سۆزى ئوچۇق بولماق) |
| ضَخُمَ / يَضْخُمُ | ضَخَامَةٌ | (چوڭ بولماق) |
| ظَرُفَ / يَظْرُفُ | ظَرَافَةٌ | (ئەقىللىق بولماق) |

22) «فِعَالَةٌ» ئۆلچىمى:

| | | |
|---|---|---|
| كَتَبَ / يَكْتُبُ | كِتَابَةٌ | (يازماق) |
| قَرَأَ / يَقْرَأُ | قِرَاءَةٌ | (ئوقۇماق) |
| عَبَدَ / يَعْبُدُ | عِبَادَةٌ | (ئىبادەت قىلماق) |
| صَانَ / يَصُوْنُ | صِيَانَةٌ | (ساقلىماق) |
| تَلا / يَتْلُوْ | تِلاوَةٌ | (تىلاۋەت قىلماق) |
| زَارَ / يَزُوْرُ | زِيَارَةٌ | (زىيارەت قىلماق) |

23) «فَعَالِيَّةٌ» ئۆلچىمى:

| | | |
|---|---|---|
| كَرِهَ / يَكْرَهُ | كَرَاهِيَةٌ | (يامان كۆرمەك) |
| عَلِنَ / يَعْلَنُ | عَلانِيَةٌ | (ئاشكارىلىماق) |

24) «فَعُوْلٌ» ئۆلچىمى:

| | | |
|---|---|---|
| قَبِلَ / يَقْبَلُ | قَبُوْلٌ | (قوبۇل قىلماق) |
| وَلِعَ / يَوْلَعُ | وَلُوْعٌ | (ياخشى كۆرۈپ قالماق) |

25) «فُعُوْلٌ» ئۆلچىمى:

| | | |
|---|---|---|
| خَرَجَ / يَخْرُجُ | خُرُوْجٌ | (چىقماق) |
| رَكَعَ / يَرْكَعُ | رُكُوْعٌ | (رۇكۇ قىلماق) |
| لَزِمَ / يَلْزَمُ | لُزُوْمٌ | (لازىم بولماق) |
| غَدَا / يَغْدُوْ | غُدُوٌّ | (ئەتىگەندە يولغا چىقماق) |

26) «فُعُوْلَةٌ» ئۆلچىمى:

| | | |
|---|---|---|
| سَهُلَ / يَسْهَلُ | سُهُوْلَةٌ | (ئاسان بولماق) |
| صَعُبَ / يَصْعُبُ | صُعُوْبَةٌ | (قىيىن بولماق) |
| عَذُبَ / يَعْذُبُ | عُذُوْبَةٌ | (تاتلىق بولماق) |

27) «فَعِيْلٌ» ئۆلچىمى:

| | | |
|---|---|---|
| رَنَّ / يَرِنُّ | رَنِيْنٌ | (قوڭغۇراق چېلىنماق) |
| أَنَّ / يَئِنُّ | أَنِيْنٌ | (ناله قىلماق) |
| شَخَرَ / يَشْخِرُ | شَخِيْرٌ | (سەپەر قىلماق) |

مانا بۇلار ئۈچ ھەرپلىك تۈپ پېئىللارنىڭ مەسدەر ئۆلچىمىدىن ئىبارەت.

يەنە نۇرغۇنلىغان پېئىللارنىڭ بىر قانچە مەسدىرى بولىدۇ. مەسدەر پېئىلدىن كېيىن مەنىبەداش تولدۇرغۇچى (مفعول مطلق) بولۇش سۈپىتى بىلەن زەبەرلىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: رَضِيَ يَرْضَى رِضًا وَرِضَاءً ورِضْوَانًا وَمَرْضَاةً؛ سَمِعَ يَسْمَعُ سَمْعًا وَسَمَاعًا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# جەمئى تەكسىر (جَمْع التكسير) توغرىسىدا

**جەمئى تەكسىر (جَمْع التكسير)** ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) جمع قلّةٍ؛ 2) جَمْعُ كَثْرَةٍ.

جمع قلة ــــ ئۈچتىن ئونغىچە بولغان مىقدارنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ.

جمع كثرة ــــ ئوننىڭ يۇقىرىسىدىكى مىقدارنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ ئىككىسىنىڭ ھەربىرى يەنە بىرىنىڭ ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**جمع قلةنىڭ ئۆلچەملىرى:**

1) «أَفْعُلٌ» ئۆلچىمى:

| | | | |
|---|---|---|---|
| حَرْفٌ / أَحْرُفٌ | (ھەرپ) | عَيْنٌ / أَعْيُنٌ | (كۆز) |
| شَهْرٌ / أَشْهُرٌ | (ئاي) | نَجْمٌ / أَنْجُمٌ | (يۇلتۇز) |
| وَجْهٌ / أَوْجُهٌ | (يۈز) | كَفٌّ / أَكُفٌّ | (ئالقان) |

2) «أَفْعَالٌ» ئۆلچىمى:

| | | | |
|---|---|---|---|
| عِنَبٌ / أَعْنَابٌ | (ئۈزۈم) | ثَوْبٌ / أَثْوَابٌ | (كىيىم) |
| سَيْفٌ / أَسْيَافٌ | (قىلىچ) | قُفْلٌ / أَقْفَالٌ | (قۇلۇپ) |

3) «أَفْعِلَةٌ» ئۆلچىمى:

| | | | |
|---|---|---|---|
| رَغِيفٌ / أَرْغِفَةٌ | (نان) | عَمُودٌ / أَعْمِدَةٌ | (تۈۋرۈك) |
| سِلاحٌ / أَسْلِحَةٌ | (قورال) | طَعَامٌ / أَطْعِمَةٌ | (تاماق) |

4) «فِعْلَةٌ» ئۆلچىمى:

فَتًى / فِتْيَةٌ (يىگىت)    غُلامٌ / غِلْمَةٌ (خىزمەتچى)

صَبِيٌّ / صِبْيَةٌ (كىچىك بالا)

**جمع كثرةنىڭ ئۆلچەملىرى:**

1) «فُعْلٌ» ئۆلچىمى:

أَحْمَرُ / حَمْرَاءُ / حُمْرٌ (قىزىل)    أَعْمَى / عُمْيَاءُ / عُمْيٌ (قارىغۇ)

أَبْيَضُ / بَيْضَاءُ / بَيْضٌ (ئەسلى: بُيْضٌ) (ئاق)

2) «فُعُلٌ» ئۆلچىمى:

كِتَابٌ / كُتُبٌ (كىتاب)    حِمَارٌ / حُمُرٌ (ئېشەك)

سَرِيْرٌ / سُرُرٌ (كارىۋات)    جَدِيْدٌ / جُدُدٌ (يېڭى)

رَسُوْلٌ / رُسُلٌ (ئەلچى)    مَدِيْنَةٌ / مُدُدٌ (شەھەر)

صَحِيْفَةٌ / صُحُفٌ (كىتاب، ۋاراق)

3) «فُعَلٌ» ئۆلچىمى:

غُرْفَةٌ / غُرَفٌ (ياتاق)    سُوْرَةٌ / سُوَرٌ (سۈرە)

مُدْيَةٌ / مُدًى (پىچاق)    قُرْيَةٌ / قُرًى (شەھەر)

لِحْيَةٌ / لُحًى (ساقال)    كُبْرَى / كُبَرٌ (چوڭ)

4) «فِعَلٌ» ئۆلچىمى:

اِبْرَةٌ / اِبَرٌ (يىڭنە)    عِبْرَةٌ / عِبَرٌ (ياش تامچىلىرى)

حِجَّةٌ / حِجَجٌ (يىل، ھەج)    مِرْيَةٌ / مِرًى (ئەينەك)

www.uyghurkitap.com

5) «فُعَلَةٌ» ئۆلچىمى:

مَاشٍ / مُشَاةٌ (مُشَيَةٌ) (ماڭغۇچى) قَاضٍ / قُضَاةٌ (قازى)

رَامٍ / رُمَاةٌ (ئاتقۇچى)

6) «فَعَلَةٌ» ئۆلچىمى:

طَالِبٌ / طَلَبَةٌ (ئوقۇغۇچى) كَافِرٌ / كَفَرَةٌ (كاپىر)

فَاجِرٌ / فَجَرَةٌ (گۇناھكار) سَيِّدٌ / سَادَةٌ (سَوَدَةٌ) (خوجايىن)

بَائِعٌ / بَاعَةٌ (بَيَعَةٌ) (سودىگەر، ساتقۇچى)

7) «فَعْلَى» ئۆلچىمى:

مَرِيْضٌ / مَرْضَى (كېسەل) قَتِيْلٌ / قَتْلَى (ئۆلتۈرۈلگۈچى)

مَيِّتٌ / مَوْتَى (ئۆلۈك) جَرِيْحٌ / جَرْحَى (يارىدار)

أَحْمَقُ / حَمْقَى (ئەخمەق، نادان)

8) «فِعَلَةٌ» ئۆلچىمى:

دِيْكٌ / دِيْكَةٌ (خوراز) فِيْلٌ / فِيَلَةٌ (پىل)

قِرْدٌ / قِرَدَةٌ (مايمۇن) دُبٌّ / دِبَبَةٌ (ئۆملىگۈچى ھايۋان)

9) «فُعَّلٌ» ئۆلچىمى:

رَاكِعٌ / رُكَّعٌ (رۇكۇ قىلغۇچى) سَاجِدٌ / سُجَّدٌ (سەجدە قىلغۇچى)

صَائِمٌ / صُوَّمٌ (روزىدار)

10) «فُعَّالٌ» ئۆلچىمى:

طَالِبٌ / طُلاَّبٌ (ئوقۇغۇچى) رَاكِبٌ / رُكَّابٌ (يولۇچى)

قَارِئٌ / قُرَّاءٌ　(قارى، ئوقۇغۇچى)

11) «فِعَالٌ» ئۆلچىمى:

كَبِيْرٌ / كَبِيْرَةٌ / كِبَارٌ　(چوڭ)　ثَوْبٌ / ثِيَابٌ　(كىيىم)

ذِئْبٌ / ذِئَابٌ　(بۆرە)　جَبَلٌ / جِبَالٌ　(تاغ)

رَقَبَةٌ / رِقَابٌ　(قوۇل ئازد قىلماق)　ثَمَرَةٌ / ثِمَارٌ　(مېۋە)

غَضْبَانُ / غَضْبَى / غِضَابٌ　(غەزەپلەنمەك)　جَوْعَانُ / جِيَاعٌ　(ئاچ)

قَائِمٌ / قِيَامٌ　(ئۆرە تۇرغۇچى)　نَائِمٌ / نِيَامٌ　(ئۇخلىغۇچى)

أُنْثَى / إِنَاثٌ　(ئايال)　أَعْجَفُ / عِجَافٌ　(ئورۇق)

12) «فُعُوْلٌ» ئۆلچىمى:

بَيْتٌ / بُيُوْتٌ　(ئۆي)　نَجْمٌ / نُجُوْمٌ　(يۇلتۇز)

أَسَدٌ / أُسُوْدٌ　(يولۋاس)　ذَكَرٌ / ذُكُوْرٌ　(ئەر)

سَاجِدٌ / سُجُوْدٌ　(سەجدە قىلغۇچى)　شَاهِدٌ / شُهُوْدٌ　(گۇۋاھچى)

13) «فِعْلانٌ» ئۆلچىمى:

غُلامٌ / غِلْمَانٌ　(خىزمەتچى)　نَارٌ / نِيْرَانٌ　(ئوت)

جَارٌ / جِيْرَانٌ　(قوشنا)　تَاجٌ / تِيْجَانٌ　(تاج)

خَرُوْفٌ / خِرْفَانٌ　(قوچقار)　غَزَالٌ / غِزْلانٌ　(بۆكەن)

أَخٌ / إِخْوَةٌ　(قېرىنداش)　نِسْوَةٌ / نِسْوَانٌ　(ئايال)

14) «فُعْلانٌ» ئۆلچىمى:

شَابٌّ / شُبَّابٌ　(ياش)　رَاكِبٌ / رُكَّابٌ　(يولۇچى)

أَسْوَدُ / سُوْدَانٌ　(قارا)　أَعْمَى / عُمْيَانٌ　(قارىغۇ)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ذَكَرٌ / ذُكْرَانٌ (ئەر) — قَضِيْبٌ / قُضْبَانٌ (تاياق)

رَغِيْفٌ / رُغْفَانٌ (نان)

15) «فُعَلاءُ» ئۆلچىمى:

فَقِيْرٌ / فُقَرَاءُ (نامرات) — بَخِيْلٌ / بُخَلاءُ (بېخىل)

كَرِيْمٌ / كُرَمَاءُ (سېخى) — جَلِيْسٌ / جُلَسَاءُ (ھەمراھ)

شَاعِرٌ / شُعَرَاءُ (شائىر) — خَلِيْفَةٌ / خُلَفَاءُ (خەلىپە)

16) «أَفْعِلاءُ» ئۆلچىمى:

طَبِيْبٌ / أَطِبَّاءُ (دوختۇر) — شَدِيْدٌ / أَشِدَّاءُ (قاتتىق)

عَزِيْزٌ / أَعِزَّاءُ (ئەزىز) — قَوِيٌّ / أَقْوِيَاءُ (كۈچلۈك)

وَلِيٌّ / أَوْلِيَاءُ (دوست) — غَنِيٌّ / أَغْنِيَاءُ (باي)

صَدِيْقٌ / أَصْدِقَاءُ (دوست)

17) «فَوَاعِلُ» ئۆلچىمى:

كَافِرَةٌ / كَوَافِرُ (كاپىر) — كَاذِبَةٌ / كَوَاذِبُ (يالغانچى)

رَوْبَعَةٌ / رَوَابِعُ (قارا بوران) — طَابِعٌ / طَوَابِعُ (تامغا، ماركا)

فَارِسٌ / فَوَارِسُ (ئاتلىق)

18) «فَعَائِلُ» ئۆلچىمى:

رِسَالَةٌ / رَسَائِلُ (خەت) — صَحِيْفَةٌ / صَحَائِفُ (گېزىت)

عَجُوْزٌ / عَجَائِزُ (ئاجىز)

19) «فَعَالٍ» ئۆلچىمى:

فَتْوَى / فَتَاوٍ (ھۆكۈم) — صَحْرَاءُ / صَحَارٍ (يېزا)

20) (1) «فَعَالَى» ئۆلچىمى:

يَتِيْمٌ / يَتَامَى (يېتىم) أَيِّمٌ / أَيَامَى (بويتاق ئەر ياكى ئايال)

طَاهِرٌ / طَهَارَى (پاك)

(2) «فُعَالَى» ئۆلچىمى:

قَدِيْمٌ / قُدَامَى (كونا) أَسِيْرٌ / أُسَارَى (ئەسىر)

كَسْلانُ / كُسَالَى (هورۇن) سَكْرَانُ / سُكَارَى (مەس)

21) «فَعَالِيُّ» ئۆلچىمى:

كُرْسِيٌّ / كَرَاسِيُّ (ئورۇندۇق) بُخْتِيٌّ / بَخَاتِيُّ (بەختلىك)

قُمْرِيٌّ / قَمَارِيُّ (دەمدەر كەپتەر)

22) (1) «فَعَالِلُ» ئۆلچىمى:

فُنْدُقٌ / فَنَادِقُ (مېھمانخانا)

بُرْثُنٌ / بَرَاثِنُ (يىرتقۇچ هايۋاننىڭ تىرنىقى)

بُرْعُمٌ / بَرَاعِمُ (غۇنچە) جَوْهَرٌ / جَوَاهِرُ (جەۋھەر، مېغزى)

(2) «فَعَالِيْلُ» ئۆلچىمى:

قِنْدِيْلٌ / قَنَادِيْلُ (چىراغ) قِرْطَاسٌ / قَرَاطِسُ (نىشان)

عُصْفُوْرٌ / عَصَافِرُ (قۇشقاچ) فِنْجَانٌ / فَنَاجِنُ (پىيالە)

تَلْمِيْذٌ / تَلامِيْذُ / تَلامِيْذَةٌ (ئوقۇغۇچى)

أُسْتَاذٌ / أَسَاتِذُ / أَسَاتِذَةٌ (ئۇستاز)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

23) (1) «فَعَالِلُ» ئۆلچىمىنىڭ ئوخشىشى:

مَسْجِدٌ / مَسَاجِدُ (مەسجىد) مِنْبَرٌ / مَنَابِرُ (مىنبەر)

أَفْضَلُ / أَفَاضِلُ (ئەۋزەل)

(2) «فَعَالِيْلُ» ئۆلچىمىنىڭ ئوخشىشى:

أُسْبُوْعٌ / أَسَابِعُ (هەپتە) مِفْتَاحٌ / مَفَاتِحُ (ئاچقۇچ)

تَمَّتْ بِعَوْنِ اللهِ تَعَالَى

رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّا إِنَّكَ أَنْتَ السَّمِيْعُ الْعَلِيْمُ .

وصلى الله على سيدنا ونبينا محمد، وعلى آله وصحبه وسلم.

وآخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين.